


# مېيىپ

**ئاپتورى :فىرقەت ئۇيغۇر**

**مانا خالنۇرنىڭ خىزمىتىنىڭ تەڭشىلىشى سەۋەبلىك ئۈرۈمچىدىن بۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلگىنىگىمۇ ئىككى ئايچە بولۇپ قالدى .دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يېڭىچە مۇھىت، ناتونۇشلار ئادەملەر ئارىسىدىكى ياتسىراش قاتارلىق تۇرلۇك سەۋەپلەر**

تۆپەيلىدىن قىسقىغىنا بىر ئاي ئىچىدە بۇ يەردىن ئىتتىن زىرىككەندەك زىرىكىپ كەتتى.
ھەر كۈنى دىگۈدەك دادىسىغا تىلفۇن قىلىپ خىزمىتىنى تىزراق ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ
قۇيۇش قۇيۇش توغۇرلۇق بېشىنى ئاغرىتقان بولسا كۈنلەرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بۇ
يەرگىمۇ ئاستا-ئاستا كۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە بۇنچە تىز كۈنۈپ كىتىشىگە ئەڭ
تۈرتكىلىك رول ئوينىغىنى خىزمەت ئورنىغا يېقىنلا يەردىكى، بۇ
شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ،ئەتراپى يېشىللىققىلار بىلەن تولغان دولان
دەرياسى بولدى .

دولان دەرياسى شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدە بۇلۇپ بىر بۆلىكى شەھەردىكى ئەڭ چوڭ
باغچىلارنىڭ بىرى بولغان دولان باغچىسىنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. دەسلەپكى بىر
ئايدا بۇ يەرگە كۈنۈپ بۇلالماي لىكىشىنىڭلا غېمىدە يۈرگەچكە شەھەر ئىچىنىمۇ تۈزۈك
ئايلانمىغان بولغاچقا خىزمەي ئورنۇمغا بىر كىلومىتىرمۇ كەلمەيدىغان دائىرە ئىچىدە
بۇنداق گۈزەل بىر دەريانىڭ بارلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. بۇ گۈزەل جاينى
بايقىغاندىن كيىن كۈندە ئىشتىن چۈشۈپلا بۇ يەرگە كىلىپ ئايلىنىدىغان بولدى. دەريانىڭ
ئىككى قىرغىقى شۇنچىكى گۈزەل، ھاۋاسى شۇنچىلىك ساپ ئىدى. كەچلىگى دەريانىڭ
ئىككى قىرغىقىغا تىزۋېتىلگەن ئورۇندۇقلار سالقىنداشقا، ئايلىنىشقا چىققان ئادەملەر بىلەن
تۇلۇپ كىتەتتى. خالنۇرمۇ ئەنە شۇ ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى ئەلۋەتتە. ئۇ بەزى كۈنى
مەخسۇس كىتاپ ئوقۇغىلى بۇ يەرگە كىلەتتى. سائەتلەپ كىتاپ كۆرۈپ كۆزلىرى تېلىپ
كەتكەندە بولسا بىر خىل رەۋىشتە تىنىچ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ ھاردۇقىنى
چىقىراتتى.كۈنلىرى مانا مۇشۇنداق بىر خىل، خۇددى مۇشۇ دولان دەرياسىنىڭ سۈيىدەك
تىنىچ ھالەتتە ئۆتۈپ ھەش-پەش دىگۈچە يېرىم يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا
دادىسىغىمۇ خىزمىتىنى يۆتكەپ بىرىڭ دەپ ئۇششۇقلۇق قىلمايدىغان بولدى.دادىسى
گەرچە بىر نىمە دىمىگەن بولسىمۇ خالنۇرنى يۆتكەپ كىتىشنىڭ كۈيىدا
ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۆلار ھەرگىز خالنۇردەك يالغۇز بىر قىزنىڭ ئۆيدىن
يىراق شەھەردە خىزمەت قىلىشىنى خالىمايتى.
بۈگۈنمۇ خالنۇر كۈندىلىك ئادىتى بۇيىچە ئىشتىن چۈشۈپلا تېخى ئوقۇپ داۋامىنى
چىقارمىغان" جاللات خېنىم" رومانىنىڭ 2- قىسمىنى ئېلىپ دەريا بۇيىغا كەلدى ۋە
ئۆستىگە مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇشقا
كىرىشىپ كەتتى. ئۇ خۇددى كىتاپتىكى ۋەقەلىك ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەكلا قىلاتتى،
كىتاپ ئوقۇۋېتىپ بىردە قۇشۇمىلىرىنى تۈرسە، بىردە مىيىقىدا كۈلۈپ قۇياتتى .بىر چاغلاردا ئۇ
كۆزىنىڭ تالغانلىقىنى، دولىسىنىڭ ئۇيۇشۇپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كىتاپنى يېنىكى
بوش ئورۇنغا قۇيۇپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە دولىسىنى ھەركەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىرىنى
گىرەلەشتۈرۈپ چېنىقىۋاتقاندەك ھەركەت قىلغاچ يان تەرەپكە قارىدى. قارىدىيۇ ئۆزىگە
بەش مېتىرچە نېرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر يىگىتكە كۆزى چۈشۈپ ئۆزىچە چۆچۈپ
كەتتى. تووۋا بۇ بالا قاچانلاردا كىلىپ بۇ يەردە ئولتۇرغاندۇ؟ ھەجەپ سەزمەي قاپتىمەن دەپ
ئۇ بالىغا يېڭىۋاشتىن نەزەر سېلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ يىگىت يېنىدا خالنۇردەك بىر

قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىدىن قىلچە خەۋەرسىزدەك ئالدىغا قارىغانچە جىمجىتلا ئولتۇراتتى. قارىماققا ئۇ ناھايىتى غەمكىندەك كۆرۈنەتتى. چاچلىرى يارىشىملىق قىلىپ ياسىتىلغان، چىرايى بۇغداي ئۆڭ، سۇيۇقراق كەلگەن يۇمران بۇرۇتلىرى ئۇزىگە ياراشقان خېلى كېلىشكەن بالىدەك قىلاتتى .باشقىلارغا دىققەت قىلغاندا كۆزىگە ئالاھىدا دىققەت قىلدىغان خالنۇر يان تەرەپتە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ بىراق ئۇ يىگىتنىڭ كۆزىنىڭ خېلى چوڭلىقىنى، بۇرنىنىڭ قاڭشارلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۈلگۈردى. يىگىت تۇلىمۇ ئاددى كىينىۋالغان ئىدى. خالنۇر ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالەتتە ناتۇنۇش بىر بالىنى بۇنچە كۆزىتىپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلىپ خىجىل بۇلۇپ كەتتى ۋە دەرھال ئالدىغا قارىۋالدى .خالنۇر تىنىچ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە بىردەم قاراپ ئولتۇرغاندىن كىيىن يەنە داۋاملىق كىتاۋىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ يەنە تەخمىنەن بىر سائەتچە كىتاپ ئوقۇغاندىن كىين بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. ئەتراپقا ئاللىبۇرۇن گۇگۇم پەردىسى يېپىلىپ بولغان بۇلۇپ كوچا چىراقلىرى ياندۇرۇۋېتىلگەن ئىدى . ئۇ دەرھال كىتاپىنى ئېلىپ سومكىغا سېلىپ قايتىشقا تەمشەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدىيۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا بايامقى ئورۇندۇققا قارىدى. ئورۇندۇقتا بايامقى يىگىت كۆرۈنمەيتى. " كەلگەندىمۇ تىۋىش چىقارماي كىلىپ، كەتكەندىمۇ تىۋىش چىقارماي كىتىپ قاپتۇيا ئەرۋاھتەك " دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ ياتاققا قايتىپ كىلۋېتىپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇ يىگىتنىڭ بايامقى مىسكىن ھالىتىنى ئويلاپ قالدى .

شۇ كۈندىن كىين خالنۇر ئۇ يىگىتنى دەريا بۇيىدا تولا ئۇچرىتىدىغان بۇلۇپ قالدى. يىگىت ھەر كۈنى شۇ ئورۇندۇقتا، شۇ تەرىزدە، بۇ تۇنجى كۈنى كۆرگەن مىسكىن ھالەتتە ئولتۇراتتى.ئەزەلدىن ئەتراپقا قاراپ باقمايتى، ھامان شۇ ئالدىغا، دەرياغا قاراپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى. خالنۇر دەسلەپتە بەك دىققەت قىلىپ كەتمەي ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان بولسا كىينكى كۈنلەردە يىگىتنىڭ كۈندە ئوخشاش ھالەتتە خامۇش ئولتۇرغان تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئۆزىچە قىزىقىپ قالدى." بۇ يىگىتنىڭ بىرەر دەردى بارمىدۇ؟ ياكى بىرەر چوڭ كىلىشمەسلىككە ئۇچراپ كەيپياتى ياخشى ئەمەسمىدۇ ؟" دەپ ھەر خىل خىياللارنى قىلىپ باقاتتى. ئۆزى بىلىپمۇ بىلمەي يىگىتكە دىققەت قىلدىغان بۇلۇپ قالدى. ۋاھالەنكى يىگىت ئەزەلدىن يېنىدا خالنۇردەك بىر قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىدىن بىخەۋەردەك ئىدى. ئېزىپ-تېزىپ خالنۇر تەرەپكە قاراپ باقمايتى. خالنۇر ئۇنى ئۇدۇلدىن كۆرۈپ بېقىش،ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ باققان بولدى. بىراق ھەر قېتىم يىگىتكە يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغاندا ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمايتى. ئۇدۇل قاراشقا ئۇنىڭ قىزلىق نومۇسى يول قويمايتى. شۇڭلاشقا ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلغان قىلمىغانلىقىنى بىلەلمەيتى.شۇنداق بولغانسىرى ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ كىتەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئۇ يىگىتنىڭ قىياپىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى

بايقىيالمىدى.بىردىن-بىر بايقاش بولسا يىگىتنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىش ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ كىيمىدىكى ئۆزگىرىش ئىدى خالاس .بىراق ئۇنى قانداقمۇ ئۆزگىرىش ، بايقاش دىگىلى بولسۇن. كىيم دىگەننى ھەممە ئادەم ئالماشتۇرىدۇدە.

خالنۇر بۈگۈن ئۇ يىگىت يەنە دەريا بويىغا چىقىپلا قالسا ئۇنىڭغا چۇقۇم گەپ قىلىپ بېقىش نىيتىگە كېلىپ دەريا بويىغا كەلدى. بىراق بۇ بۈگۈن ئۇ دەريا بويىدا يوق ئىدى. ئۇ بەلكىم ھېلىغىچە كىلىپ قالار دەپ ئويلاپ سومكىسىدىن تاختا كومپيۇتۇرنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىچىگە ساقلاپ بولغان ئەلكىتاپلاردىن بىرىنى تاللاپ ئوقۇشقا باشلىدى. تەخمىنەن يېرىم سائەتلەر ئۆتتى بولغان بىر چاغدا ئۇ يىگىتنى كەلگەنمىدۇ دەپ ئويلاپ يانغا قارىدى. يىگىت ئاللىقاچان كېلىپ بولغان ئىدى " .ھەي، يەنە جىمجىتلا كېلىپ ئولتۇرۇۋاپتىغۇ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە" چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە ئۇ يىگىتنى جىق كۆرگەن بولسىمۇ يىگىتنىڭ پەقەت ئولتۇرغان ھالىتىنىلا كۆرگەن، ماڭغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. يىگىتنىڭ بوي-تۇرقىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتى. يىگىت يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك تۇلىمۇ پەرىشان قىياپەتتە ئالدىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ بايا بۇياققا كېلىشتىن بۇرۇن بۈگۈن ئۇنىڭغا چۇقۇم گەپ قىلمەن دىگەن پىلانلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىچە جىددىيلىشىپ قالغان ئىدى. نەچچە قېتىم كۆڭلىدە ئۇنىڭغا گەپ قىلمەن دەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىيۇ يەنە جۈرئەت قىلالمىدى. يېنىدىكى بۇ ناتونۇش يىگىت شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يەشكىلى بولمايدىغان چوڭ سىردەك ،ئۇنىڭ بىرىپ شۇ سىرنى ئېچىشنى كۆتۈۋاتقاندەك ئىچ-ئىچىدىن تىتىلداپ كىتىپ باراتتى. ئۇ ئۇيان ئويلا بۇيان ئويلا تۇيۇقسىز كۆڭلىدىن كەچكەن بىر خىيالدىن ئۆزىچە سۆيۈنۈپ كەتتىدە قولىدىكى تاختا كومپيۇتۇرنى ئېلىپ ئۇنىڭ سۈرەتكە تارتىدىغان يېرىگە ئەكىلىپ ئاستا يىگىتكە توغرىلىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا سۈرەتكە تارتىسىمۇ ئالدىغىلا بۇتتەك قاراپ ئولتۇردىغان ئۇ يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ سالمايتى، ئۇنىڭ سۈرەتكە تارتىقىنىنى سەزمەيتى. ئۇ كامىرانى يىگىتكە توغرىلاپ سۈرەتكە تارتىش ئۈچۈن شۇنداقلا بىسىشىغا "چارىس" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يىگىت بۇرۇلۇپ خالنۇرغا قارىدى. بۇنداق بولۇشنى ئويلىمىغان خالنۇر يىگىتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزىگە قايرىلىپ قارىغىنىنى كۆرۈپ ھەم چۆچۈش ھەم خىجىلچىلىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دىبدى. جىددىيچىلىكتە قولىدىكى كومپيۇتۇرى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى . ئۇ كومپپيۇتۇرنى ئېلىپ قارىۋىدى يەر سىمنوت قىلىۋېتىلگەن قاتتىق بولغاچقا كومپيۇتۇرنىڭ ئەينىكى چېقىلىپ كەتكەن ئىدى. " باشقىلارنى ئوغرىلىقچە سۈرەتكە تارتىقىمنىڭ جازاسى بولىدىدە بۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. شۇنداقتىمۇ ئۇ كومپيۇتۇرنى ئېچىپ قارىۋىدى ئېچىلدى. ئەينىكى چېقىلغان بىلەن باشقا يەرلىرى ساقتەك قىلاتتى. شۇ تاپتا ئۇ كومپيۇتۇرنى تەكشۈرۈش بىلەن بولۇپ كىتىپ يېنىدىكى يىگىتنى ۋاقتىلىق ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ياق راستىنى دىگەندە ئۇنتۇپ قالمىغان بەلكى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنتۇپ قالغاننى دورىۋالغان ئىدى. ئۇ ھازىر پۈتۈن دىققىتى بىلەن كومپيۇتۇرنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرى بارمۇ يوق تەكشۈرۋاتقان قىياپەتتە تۇرغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلىدە بۇ بالا ئوغۇرلىقچە سۈرەتكە تارتقىنىمنى

كۇرۇپ نىمە دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ تازىمۇ بىر بەتقىلىق قىزكەن دەپ ئويلىغانمىدۇ دىگەنلەرنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۋاتاتتى .ئەمىليەتتە ئۇنىڭ بۇ خىل ئەنسىرشى ئاتۇقچىلا ئىدى. چۈنكى يىگىت كامىرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر قېتىم ئۇ تەرەپكە قاراپ قويغاننى ھېساپقا ئالمىغاندا يەنىلا ئالدىغا قاراپ بۇرۇنقىدەك ئولتۇراتتى. خالىنۇرنىڭ بۇ يەردىن بالدۇر كەتكۈسى بولمىسىمۇ بىراق بايامقى خىجىلچىقتا بۇ يەردە يەنە داۋاملىق ئولتۇرۇشنى لايىق كۆررمەي ئورنىدىن دەسسدە تۇردىدە ئالدى-كەينىگە قارىماي ياتاق تەرەپكە قاراپ تىكۋەتتى.

ئۇۇ، بۈگۈن ھەجەپ سەت ئىش قىلدىمىيا، ئەگەر بىرەر يىگىت مىنى مۇشۇنداق ئوغۇرلىقچە سۈرەت تارتقىننى بىلىپ قالغان بولسام بېرىپلا دەككىسىنى بىرەر ئىدىم، ھېلىمۇ بۇ بالا ماڭا ھېچنىمە دىمىدى. مەنمۇ سۈرەتكە تارتىمەن دەپ نىمە قىلار ئىدىم، زادى كاللام ئىششىپ قاپتۇ. ناتۇنۇۇش بىرسىنى سۈرەتكە تارتىمەن دەپ كومپيۇتۇرمنىمۇ چېقىپ قويدۇم ، ئىسست كومپيۇتۇرۇم. ئۇ ياتاققا كىلىپ ئۆز-ئۆزىگە مۇشۇلارنى دىگەن سومكىسىدىن كومپيۇتۇرنى چىقىرىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراشقا چۈشتى. ئۇ كومپيۇتۇرنى تەكشۈرۋىتىپ تۈيۈقسىز بايا سۈرەت تارتقانلىقى خىيالىغا كەلدىدە دەرھال رەسىملەر ئامبىرىغا كىرىپ بايا يېڭى تارتىلغان سۈرەتكە قارىدى. سۈرەتكە يىگىتنىڭ دەل بۇرۇلۇپ خالىنۇرغا قارىغان ۋاقتى تارتىلغان بولۇپ بۇ سۈرەت خالىنۇرنىڭ ئۇ يىگىتنى تۇنجى بولۇپ ئۇدۇلدىن كۆرۈشى بولۇپ قالدى. يىگىتنىڭ كۆزى خالىنۇر ئويلىغاندەك چوڭ بولسىمۇ لىكىن شۇنچىللىك غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇ خېلىلا ياخشى تارتىلغان بۇ سۈرەتكە قاراپ كۆڭلىدە كومپيۇتۇر ئەينىكىنىڭ چېقىلىپ كەتكىننى ئەرزىپتۇ دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ ياتاقتىكى سىمسىز تور ئېقىمىدىن پايدىلىنىپ سۈرەتنى كومپيۇتۇردىن تىلفۇنىغا يۆتكىلۋالدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىردىن-بىر دىققىتىنى تارتىدىغان ئىش شۇ يىگىت بولۇپ قالدى. كۆڭلىدە ئۇ يىگىت توغۇرلۇق ھەرخىل خىياللارنى قىلىپ كۆرەتتى. ئۇنىڭ نىمشقا ھەر كۈنى ئوخشاشلا ئولتۇرىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن يەشكىلى بولمايدىغان سىر بولۇپ قالدى. بىر ئويلىسا خالىنۇرنىڭ ئىچى سىقىلىپمۇ قالاتتى ".ھەر قانچە ئېغىر كۈلپەتكە يولۇقسىمۇ بۇنچە ئۇزۇن ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ ئۇنداق يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوققۇ؟ يىگىت بولغاندىن كىين تىزراق قەددىنى رۇسلىشى كېرەكتە."دەپ ئۆز-ئۆزىگە كايىپمۇ قۇياتتى. بەزىدە يەنە بولدىلا نىمە كارىم، مىنىڭ نىمەمتى ئۇ دەپ كارى يوق يۈرەتتى. مۇشۇندداق چىگىش خىياللارنى قىلىپ يۈرگەن كۈنلەررنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان بىر پۇرسەتتە يىگىتنى باشقا بىر جايدا ئۇچۇرتۇپ قالدى. بىر شەنبە كۈنلىكى ئۇ ئادىتى بويىچە كىتاپتىن بىرنى ئېلىپ دەريا بويىغا بېرىپ ئوقۇپ كىلىش ئۈچۈن كىتاپلىرىنى ئاختۇرۋىدى ئوقۇمىغان بىرەر كىتاپ قولىغا ئۇچۇرمىدى. ئۇ يېنىدا بار كىتاپلارنىڭ ھەممىسنى ئوقۇپ بولغان ئىدى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي دەريا بويىغا بارايمۇ-بامايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرىشىغا ياتاقدىشى ھەم خىزمەتدىشى سۈبىنۇر ياتاققا كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

- يۇرىگە بازار ئايلىنىپ كىلەيلى، شەنبە كۈنىمۇ ياتاقتا ئولتۇرامدۇق دېۋىدى بۇ تەكلىپ خالىنۇرغا مايدەكلا خۇشتاقتى.

- بۇلىدۇ دېدى خالىنۇر جاۋابەن. ئۇنداق بولسا ئاۋال كىتاپخانىغا بارايلى. كىتاپلىرىمنى ئاساسەن ئۇقۇپ بوپتىمەن، يەنە بىر قانچىنى ئېلىپ قۇياي.

- بۇلىدۇ يېقىنلا يەردە كچىكىننە بىر شەخسى كىتاپخانا باردەك قىلغان، بەك ياخشى كىتاپلار بار. شۇ يەرگىلا بېرىپ باقامدۇق؟

- ئۇنداق بولسا يول باشلاڭ خېنىم، كەتتۇق دېدى خالىنۇر جاۋابەن چاقچاق ئارىلاش. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قولتۇقلاشقىنىچە ياتاقتىن چىقىشتى. دىمىسىمۇ سۇبىنۇرنىڭ دىگىنىدەك يېقىنلا يەردە "ئۈمىد كىتاپخانىسى" دەپ بىر كىتاپخانا بار ئىدى. ئۇلار بىرنىڭ كەينىدىن بىرى دىگۈدەك كىتاپخانىغا كىرىپ كىلىشتى، كىتاپخانا ئىچى كىچىك بولسىمۇ پاكىز ھەم ئازادە كۆرۈنەتتى،كىتاپلاردىمۇ خېلى ياخشى كىتاپلار باردەك قىلاتتى. خالىنۇر كىتاپخانىغا كىرىپلا كىتاپلارغا بىرمۇ بىر كۆز يۈگۈرتىپ چىقتى. بۇ كىتاپخانىدا ئۇ خېلىدىن بىرى تاپالماي يۈرگەن بىر قىسىم كىتاپلارمۇ بار ئىدى. خالىنۇرنىڭ بۇ كىتاپلارنى كۆرۈپ كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتتى.

ئۇ كىتاپلارنى بىر قۇر تەپسىلى كۆرۈپ چىققاندىن كىيىن ئۆزىگە يارىغان بىر قانچە كىتاپلارنى ئېلىپ پۇل تۆلەيدىغان يەرگە كېلىپ كىتاپنى پوكەيگە قويىدى ۋە ئالدىغا قارىدى، قارىدىيۇ چۈچۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلقى يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇ بۇنداق ئەھۋالدا ، بۇنداق يەردە ئۇ يىگىتنى ئۇچرىتىپ خېلىشى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ئىدى. ئۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى، يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا سۇئال نەزىرىدە تىكىلىشى ئۇنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۋەتتى.ئۇ نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي دەرھال سۇبىنۇرنى چاقىردى :

-سۇبىنۇر، كىتاپلارنى تاللاپ بولدۇم، جۈرىگە كىتىمىز. خالىنۇرنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ سۇبىنۇرمۇ ئۇ يەردىن بۇ يەردىن ۋاراقلاپ كۆرۋاتقان كىتاۋىنى جايىغا قۇيۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە خالىنۇر تاللىغان جىققىدە كىتاپلارنى كۆرۈپ:

- ۋاي-ۋۇي خېنىم ما ئالغان كىتاپلىرىڭىزنىڭ جىقلىغىنى، كىتاپ ئوقۇپلا جان باقاي دىمىگەنسىز ھە. دېدى چاقچاق ئارىلاش. سۇبىنۇرنىڭ بۇ گېپىدىن خالىنۇر ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىدا ئۆزىچە خىجىل بۇلۇپ كەتتى. چۈنكى يىگىت باياتىن بۇيان ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

- بۇ كىتاپلارنى ئالاي. خالىنۇر شۇنداق دەپ كىتاپلارنى قۇلى بىلەن ئىتتىرىپ يىگىت تەرەپكىراق سۈرۈپ قويىدى..يىگىت گەپ قىلماستىن كىتاپلارنى قۇلىغا ئېلىپ باھاسىنى ھېساپلاشقا كىرىشتى ۋە تىزلا ھېساپلاپ چىقىرىپ باھاسىنى خالىنۇرغا ئېيتىپ بەردى:

- سەككىز كىتاپ جەمى 380 يۈەن. خالىنۇر بىر خىل جىددىيلىشىش ئىلكىدە سومكىسىدىن پورتمالنى چىقىرىپ ئىچىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن تۆتنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى. يىگىت ھايال بولمايلا ئۇنىڭغا 20 يۈەن قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ

كىتاپلارنى ئېلىپلا يىگىتنىڭ كىتاۋىڭىزنى خالتىغا ئوراپ بىراي دېگەن گېپىگە پەرۋا قىلماستىن ئۆزىنى ئىشكىتىن سىرتقا ئاتتى. سۆبىنۇر خالىنۇرنىڭ بۇ ھەركىتىگە ئەجەبلىنىپ بىر ھازا قاراپ تۇرۇۋەتكەندىن كىيىن " ھەي نىمىگە ئالدىرايدىكىنە بۇ خېنىم"
دېگىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.
شۇ تاپتا خالىنۇرنىڭ يۈزى خىجىلىقتىن ئوت بولۇپ يېنىپ كىتىۋاتاتتى .ئۇ ھېلىقى كۆنى ئۆزىنىڭ يىگىتنى سۆرەتكە تارتقانلىقىنى ئويلاپ ھەم شۇنداقلا ھازىر يىگىت چوقۇم ئۆزىنى تونۇپ قالدى دەپ ئويلاپ خىجىللىقتا ئۆزىنى قويدىغان يەر
تاپالمايىۋاتاتتى. سۆبىنۇر بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە ئالدىدا ئالدىراش كىتىپ بارغان خالىنۇرنى چاقىرىپ توختاتتى:.
- ھەي خالىنۇر توختاڭ، ئالدىرماي ماڭمامسىز، كىتاپخانىغا ئەكىلىپ قويسام ئالدىغىنىڭىزنى ئېلىپلا قاچىسىزغۇ؟
- ئۇنداق ئەمەس دېدى خالىنۇر سۆبىنۇرغا نىمە دەپ باھانە كۆرسىتىشنى بىلەلمەي.
- ئەمىسە نىمانچە تىز ماڭىسىز، خۇددى كەينىڭىزدىن بىرى قوغلاۋاتقاندەك، بىرەر تال كىتاپنىڭ پۇلىسنى بەرمەي ئوغۇرلاپ ماڭدىڭىزمۇ يە .شۇنداقتىمۇ ئەنسىرمەڭ ئۇ بالا سىزنى قوغلاپ تۇتالمايدۇ دېدى سۆبىنۇر چاقچاق ئارىلاش.
- بۇ نىمە دېگىنىڭىز دېدى خالىنۇر ئۇنىڭغا قاراپ بىر قىزىرىپ-بىر تاتىرىپ. مەن كىتاپ ئوغرىلىمىسام ئۇ نىمە دەپ مىنى قوغلىغۇدەك. تولا چىشىمغا تەگمەڭە
- ۋاي چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئەمىسە نىمشقا بۇنچە تىز قاچىسىز؟، بۇ بالا كىتاۋىڭىزنى ئوراپ بىرەي دىسىمۇ پەرۋا قىلىپ قويمىدىڭىز. ئۇ بالا بىلەن تونۇشامتىڭىز يا بۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كەتكىنىڭىزگە قارىغاندا.
- مەن ئۇنى نەدە يۈرۈپ تونۇاي. مىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان قانداق يۈرگەنلىكىمنى سىز بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟
- ھە ئەمىسە نىمىگە شۇنچە ئالدىرايسىز دېدى سۆبىنۇر ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ.
- كىم ئالدىراپتۇ، كىتاپنى ئېلىپ بولغاندىن كىين كەتمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرسام بولامتى كىچىككىنە كىتاپخانىدا.
- قاراپ قويسىڭىزمۇ ھىچقىسى يوق ساۋاپ بولىدۇ. ئەجبا مېيىپ يىگىت دەپ قارىغۇچىز كەلمەيۋاتامدا؟ بولمىسا خېلى چىرايلىق بالىكەن.
- نىمە؟ نىمە دېدىڭىز؟ كىم مېيىپ يىگىتكەن؟ دەپ قايتا قايتا سورىدى خالىنۇر سۆبىنۇردىن.
- بايامقى كىتاپخانىنىڭ ئىگىسىچۇ؟ سىز كىتاپ بىلەن بولۇپ كىتىپ ئۇنىڭ چاقىلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىغا دىققەت قىلماپسىزدە؟
- نىمە ؟ چاقىلىق ئورۇندۇق؟ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خالىنۇرنىڭ بېشىدا چاچماق چاققاندەك چۆچۈپ كەتتى .ئۇنىڭ چاقىلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىغا جەزىم قىلالامسىز؟
- ئەلۋەتتە، بۇ يالغان ئېيتقۇدەك ئىشمتى؟ دېدى سۆبىنۇر. بايا ئۇ سىزنى چاقىرغان

چېغىدا سىز پەرۋا قىلماي چىقىپ كەتتىڭىز، مەن چىقىپ كىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا قارىغان. ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدەك قىلدى لېكىن تۇرمىدى. قارىسام ئولتۇرغىنى چاقلىق ئۇرۇندۇقكەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خالنۇرنىڭ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەندەك لەسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇ يىگىت توغرىسىدا نۇرغۇن خىياللارنى قىلغان، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى توغرىسىدا خېلى قىياسلارنى قىلىپ باققان، بىراق زادى بۇ نوقتىدىن ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇ خۇددى شۇنداق يېقىن بىر كىشىسى يۇلۇققان كىلىشمەسلىكنى بىلگەندەك ئىچ-ئىچىدىن ئازاپلىنىپ كەتتى. سۈبىنۇر بىلەن بازار ئايلىدىنغان ئىشنىمۇ قويۇپ ئۇدۇل ياتاققا قايتىپ كەلدى. ئۇ ياتاققا قايتىپ كىلىپ ئالغان كىتاپلارنى كىتاپ جازىسىغا تىزىپ قويۇشمۇ خۇشياقماي ياتاقتىكى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ قويدى ۋە ئۆزىنى كارۋاتقا ئاتتى." سۈبىنۇر خاتا كۆرۈپ قالمىغانمىدۇ؟ ئۇ قانداقمۇ مېيىپ بولسۇن، گەرچە پاراڭلاشمىساقمۇ مەن ئۇنى خېلىدىن بۇيان تونۇيمەن ھەم كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇ مېيىپ بولسا دەريا بويىغا قانداق كەلدى؟ ئەجىبا مەن ئۇنىڭ يېنىدا چاقلىق ئۇرۇندۇق كۆرمىدىمغۇ، بۇ زادى نىمە ئىش؟ ياكى بۇ يېقىندىن بۇيان ھادىسىگە ئۇچرىغانمىدۇ؟" ئۇ كۆڭلىدە ھەرخىل خىياللارنى قىلىپ باقتى.بىراق خىياللىرىنىڭ ئۇرۇنسىز ئىكەنلىكى ئۆزىگە ئايان ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇ-بۇ خىياللارنى قىلغان بىلەن ئۇ پەقەت خىيال ئىدى خالاس، ھەرگىز ئۇ بالىغا نىمە بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيتى. ئۇ سومكىسىدىن تېلفۇننى چىقىرىپ ھېلىقى چاغدا تارتىۋالغان سۈرەتكە قارىدى. سۈرەتتە بايامقى يىگىت سەل ھەيران قالغان بىراق تولىمۇ غەمكىن كۆزلىرى بىلەن خالنۇرغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ سۈرەتكە قارىغانسىرى ئۇ يىگىتنىڭ بىر مېيىپ ئىكەنلىكىگە زادى ئىشەنگۇسى كەلمەيلا قالدى.

شۇ ئاخشىمى خالنۇرنىڭ ئۇيقۇسى ھارام بولدى. كېچىچە ئۇ يىگىت ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆزى ئۇيقۇغا بارمىدى. ئەتىسى تولىمۇ سولغۇن ھالەتتە ئىشقا باردى. ئۇنىڭ خېلىقىغىچە بىر نوقتىغا تىكىلىپ خامۇش ئولتۇرغان تۇرقىنى كۆرۈپ خىزمەتداشلىرى " بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟"دەپ كۆڭۈل بۆلۈپ سوراشقانمۇ بولدى. بىراق خالنۇر ھېچنىمە دىمەي سۈس كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇلارغا جاۋاپ قايتۇردى. ئادەتتە چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان، كۆزلىرى بۇلاقتەك بۇ چىرايلىق قىزنىڭ بۈگۈن بۆلەكچىلا سولىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن بۆلۈم باشلىقى ئايال ئۇنى بۈگۈنچە قايتىپ ئاراپ ئېلىڭ دەپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خىزمەت ئورنىدىن ئۇدۇل ياتاققا قايتىپ كەلدىدە كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ يوتقانغا بۆركىنىپ بىر ھازاغىچە ياتتى. بىر چاغلاردا ئۇ خۇددى بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتىدە تېزلىك بىلەن ئاياغلىرىنى كىيىپ سومكىسىنى ئارتقىنىچە ياتاقتىن چىقتى.ئۇ شۇ تاپتا ئۇدۇل كىتاپخانىغا قاراپ ماڭغان ئىدى.ئۇ كىتاپخانىغا بېرىپلا يىگىتنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ يىگىتكە زادى نىمە ئىش بولۇپ بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بىلمىگىچە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ كىتاپخانىغا كەلگەندە

يىگىت كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇرغان بولۇپ ئۇنىڭ كىرگىنىنى سەزمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ كىتاپخانىغا كىرگىنىنى سەزمىگىنىنى بىلىپ يېنىك گېلىنى يېنىك قىرىپ قويدى. يىگىت تىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. يىگىتنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىششى بىلەن تەڭ خالنۇرنىڭ يۈرىكى بىردىنلا قاتتىق سوقۇپ كەتتى. خالنۇر خۇددى ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئۇ ئاڭلاپ قالدىغاندەك ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ تىزلا باشقا ياققا قارىۋالدى ۋە كىتاپ كۆرگەن بولۇپ نېرىسىغا كەتتى." غەلىتە ئىش، ئاسانلىقچە جىددىيلەشمەيدىغان مەن بايا ھەجەپ يۈرىكىم باشقىچە سېلىپ كەتتىيا" دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئۇنىڭ بايامقى كىتاپخانىغا كەلگۈچە بولغان ئارلىقتا چۇقۇم ئۇنىڭدىن سورايمەن دەپ سوققان چوتلىرى ئاللىبۇرۇن بىر ياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ يىگىتكە بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتى. جۈرئەت قىلىپ سورىغان تەقدىردىمۇ يا ئۇ ئىككىسى ياخشى تونۇش بولمىسا ھېچ-ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ئۇ ئىشنى سورىسام قاتتىق تەگسە ياكى كونا يارىسىنى تاتلاپ قويسام قانداق قىلغۇلۇق دىگەنلەرنىمۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ كىتاپخانىنىڭ ئەڭ ئىچىگە كىرىپ كىتاپ كۆرۈشكە باشلىدى. ياق، كىتاپ كۆرۈۋاتقاندەك قىلغان بىلەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يىگىتنى كۈزىتىۋاتاتتى. دەرۋەقە خالنۇر دىگەندەك يىگىت چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇ شۇنچىلىك جىمجىت ئولتۇراتتىكى ئازراقمۇ مىدىرلاپ قويمايتى.. ئالدىدىكى كىتاپقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن خالنۇر ئۇنى كىتاپ جازىلىرى ئارىسىدىن يەتكۈچە كۈزىتىۋالدى. قىززىق يېرى يىگىت خۇددى كىتاپخانىدا ئادەم يوقتەك،خالنۇرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. خالنۇر ئالدىغان كىتاپلارنى تونۇگۈن ئېلىپ بولغاچقا دەماللىققا ئالغۇندەك كىتاپ تاپالمىدى .تاپالمىدى ئەمەس، كىتاپخانىدىكى كىتاپلارغا نەزەر تاشلاپمۇ قويمىدى.ئۇ يېرىم سەئەتچە كىتاپخانا ئىچىدە ئايلانغاندىن كىين قولىغا چىققان خالىغان بىر كىتاپنى ئالدىدە پوكەي ئالدىغا كىلىپ كىتاپنى يىگىتنىڭ ئالدىغا قويدى . يىگىت خالنۇرنىڭ تاللىغان كىتاۋىنى كۆرۈپ ئەجەپلەنگەن ھالدا خالنۇرغا قاراپ قويدى.بۇ چاغدا خالنۇر قولىدىكى تىلفۇننى ئوينىغان بولۇپ تۇرۋالدى .

18 ـ كوي . خالنۇر دەرھال قولىدىكى تىلفۇننى ئالدىدىكى پوكەيگە قويۇپ پورتمالنى ئاختۇرۇپ ئۇنىڭغا پۇل سۇندى ۋە كىتاپنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويۇپ كىتاپخانىدىن ئايرىلدى. ئۇ كىتاپخانىدىن چىقىپ بايا ئالغان كىتاۋىغا قارىدى، قارىدىيۇ چۆچۈپ كەتتى. كىتاپ سىرتىدا" يىگىتلەر دەستۇرى" دەپ يېزىقلىق تۇراتتى؛

ـ ۋاي نۇمۇسۇم. ما ئىشنى.دەپ ۋارقىرۋەتتى ئۇ. بۇ مەخسۇس ئوغۇللار ئوقۇيدىغان كىتاپكەنغۇ؟ كىتاپ تاللىغاندا كاللام نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇ بالا مىنى نىمە دەپمۇ ئويلاپ كەتكەندۇ؟ تازا بىر قېلىن قىز بالىكەن دەپ ئويلاپ قالغانمىدۇ؟ خالنۇر شۇنداق ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگىنىچە ئۆز گۈشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولۇپ كىتىپ باراتتى. ئالدىنقى قېتىم ئوغۇلىقچە سۈرەت تارتىپ تۇتۇلۇپ قالغىنىم يەتمىگەندەك ئەمدى بۇ قېتىم ئوغۇللار ئوقۇيدىغان كىتاپنى ئېلىپ چىقسام بۇبالا ئەمدى مىنى ئۆتۈپ كەتكەن قېلىن، تېتىقسىز قىز بالىكەن دەپ ئويلاپ قالدىغان بولدىدە. ھەم مىنىڭ كاللامدىن چاتاق چىقتىمۇ نىمە

؟ ئەمدى ئۇ كىتاپخانىغا ئىككىنچى كىرمەي، قايسى يۈزۈم بىلەن كىرىمەن ئەمدى دەپ بېشىغا يىنىك ئۇرۇپ قويدى ئۇ.

ئۇ ياتاققا قايتىپ كىلىپ بايامقى كىتاپنى ئېلىپ كارۋاتقا تاشلاپ قويدى. شۇ ئەسنادا سىرتتىن سۈبىنۇر كىرىپ كەلدى ۋە خالىنۇرغا قاراپ:

-قانداقراق؟ خېلى ياخشى بۇلۇپ قالغاندەكمۇ يا دەپ سورىدى:.

-ھېچ ئىش يوق دېدى خالىنۇر خوشياقمىغاندەك. سۈبىنۇر كارۋات ئۈستىدىكى كىتاپنى كۆرۈپ كىتاپنى قۇلىغا ئالغاچ خالىنۇرغا دېدى:

-يەنە كىتاپخانىغا بېرىپسىزدە. ۋوي " يىگىتلەر دەستۇرى "بۇ ئالغىنىڭىز قانداق كىتاپ دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىكەنچە ھەيران قالغان قىياپەتتە خالىنۇرغا قاراپ. يىگىتلەرنى بىر چۈشىنەي دەپسىزدە.

- نىملەرنى دەيدىغانسىز؟ كىتاپنى خاتا ئېلىپ قاپتىمەن شۇ دېدى خالىنۇر تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ. ئۇ ھېلىمۇ بايىقى سەتچىلىك تۈپەيلى يىغلاشقا ئارانلا قالغان ئىدى:.

-خاتا ئېلىپ قاپتىمەن؟ ياندۇرۇپ سورىدى سۈبىنۇر ئىشەنمىگەندەك .باشقا نەرسىنى خاتا ئالسىڭىزغۇ مەيلى، ئەمدۇ مۇشۇ كىتاپنىمۇ خاتا ئالغان بامۇ؟ ئەجەبا ئوقۇپ بېقىپ ئالمىغانما؟ ئۇ شۇنداق دىگەچ كىتاپنى ئېچىپ مۇندەرىجىسىنى ئۈنلۈك قىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇغىنى ساپلا يىگىتلەرلا ئۇسۇپ يېتىلىش جەريانىدا بىلىشكە تېگىشلىك مەسىللەردەك قىلاتتى. بۇ كىتاپلارنى بىر قىز بالا ئوقۇيمەن دەپ ئالسا دىمىسىمۇ بەكمۇ بىنورماللىقتەك تۇيۇلاتتى. سۈبىنۇرنىڭ بۇ ئىشى خالىنۇرنىڭ تېخىمۇ جېنىغا تەگدى ۋە سۈبىنۇرنىڭ قۇلىدىن كىتاپنى ئېلىپلا يەرگە تاشلىۋەتتى:

- بولدى قىلىسىڭىزچۇ چىشىمغا تەگمەي. ئۇ شۇنداق دەپ بۇلۇپلا ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلاپ مىشىلداپ يىغلاشقا چۈشتى.

-ۋاي نىمە بولدى؟ مەن پەقەت چاقچاق قىلىپ قويدۇم دىگەچ خالىنۇرنى بەزلەشكە چۈشتى سۈبىنۇر ئۇنىڭ يىغلىغىنى كۆرۈپ. شۇ ئارىلىقتا تۇيۇقسىز سۈبىنۇرنىڭ تىلفۇنى جىرىڭلاپ قالدى. ئۇ خالىنۇرنى بەزلەشتىن توختاپ تىنفۇننى قۇلىغا ئېلىپ قارىدىيۇ ھەيران قالدى ۋە خالىنۇرنى تارتقۇشلىدى:

- ھەي خېنىم يىغلىسىلىمۇ مەيلى، بىراق ئاۋۇ ئاستىلىرىغا بېسىۋالغان تىلفۇننى ئېلىۋېتىپراق يىغلىسىلا، ئۇنى بېسىپ يىغلىغانىغا ئىككى بۇلۇپ قالمايدۇ. خالىنۇر سۈبىنۇرنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالماي كۆز يېشىنى سۈرتكىنىچە ئورنىدىن تۇردى ۋە سۈبىنۇرغا سۇئال نەزىرىدە تىكىلدى:.

ـ  بىر يەردە تۇرساق ماڭا تېلفۇن قىلىپ نىمە قىلىسىز؟ ئۇ شۇنداق دىگەچ تېلفۇنىنىڭ ئېرانىنى خالىنۇرغا قاراتتى. خالىنۇر سۇبىنۇرنىڭ تېلفۇنىغا كەلگەن نۇمۇرنىڭ ئۆز تېلفۇنىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە تېلفۇنىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. نەتىجىدە تېلفۇن ياتاقتا يوق بۇلۇپ چىقتى.شۇ ئارلىقتا سايراۋاتقان تېلفۇنمۇ توختاپ قالدى.بايا خالىنۇر تېلفۇنىنى بېسىپ يېتىپ ماڭا ئۇرۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ چاقچاق قىلغان سۇبىنۇر ياتاق ئىچىدىن تىلفۇنىنىڭ تېپىلمىغىنىنى كۆرۈپ بايامقى تېلفۇنىنى چۇقۇم تېلفۇنىنى تېپىۋالغان ئادەم قىلغان بۇلۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ دەرھال ياندۇرۇپ تېلفۇن قىلىۋىدى ھايال ئۆتمەيلا تېلفۇنىنى بىرى ئالدى. بۇ بىر يىگىتنىڭ ئاۋازى ئىدى:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.
ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام سىز كىم بۇلىسىز دەپ جاۋاپ قايتۇردى سۇبىنۇر دەرھال. بۇ چاغدا خالىنۇرمۇ ئالىلقاچان سۇبىنۇرنىڭ قېشىغا كىلىپ قۇلاق يېقىپ ئولتۇرغان ئىدى.
ـ مەن ئابلىز، بىرسى تېلفۇنىنى كىتاپخانىغا ئۇنتۇپ قاپتىكەن ، ئېچىپ قارىسام مۇشۇ نۇمۇر بىلەن ئەڭ كۆپ پاراڭلاشقانىكەن شۇڭا ئىگىسى بىلەن تۇنۇش ھەقچان دەپ ئويلاپ تېلفۇن قىلىشىم.
ـ شۇنداق، شۇنداق دېدى خالىنۇر جاۋابەن. ئۇ مىنىڭ دوستۇمنىڭ تېلفۇنى ئىدى، ھازىر يېنىمدا تېلفۇنىنى تاپالماي جىددىيلىشىپ ئولتۇرغان تېخى .سىزنىنىڭ ئورنىڭىز نەدە؟ بىز بېرىپ ئېلىۋالايلى.
؛ـ ئۈمىت كىتاپخانىسى.
ـ ھە ، نەدىكىنى بىلىمەن، يېقىنلا يەردىكەنسىز، تېخى تۈنۈگۈن كىتاپخانىڭىزغا بارغان ئىدۇق. بىز ھايال ئۆتمەيلا بېرىپ ئېلىۋالىمىز . سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت.
ـ ئەرزىمەيدۇ، بۇ مىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم. يىگىت شۇنداق دەپ تېلفۇنىنى قويدى. باياتىن بۇيان سۇبىنۇرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ
خالىنۇر ھۇشىدىن كىتەي دەپلا قالغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئالىلبۇرۇن تىلفۇن قىلغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بولغان ئىدى. خالىنۇرنىڭ ھازىر ئەنسىرەۋاتقىنى تىلفۇن ئەمەس ئىدى. بەلكى تىلفۇن ئىچىدىكى ئۇ يىگىتنىڭ سۈرىتى ئىدى. ئۇ ئادەتتە تېلفۇنىنىڭ ئېكرانىغا مەخپىي نۇمۇر بېكىتىپ
قويمىغاچقا كىملا بولسا ئېچىپ كۆرەلەيتى. ئۇنىڭ خىيالىدە سۇبىنۇرنىڭ تىلفۇن نۇمۇرنى تېپىپ ئۇنىڭغا تىلفۇن قىلغان ئادەم ئالىلبۇرۇن تىلفۇن ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ بولغان ئىدى
سۇبىنۇر خالىنۇرنىڭ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنى نۇقۇشلىدى:
ـ  ۋۇيىت خانقىز ئولتۇرۇشلىرى نىمىدىن؟ بولسىلا ماڭسىلا تېلفۇنىنى ئالغىلى. . خالىنۇر بىردىنلا بولدى بارمايمەن، سىز ئەكىلىپ بىرىڭ دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئەمدى قانداقمۇ يۈزىنى پولودەك قىلىپ ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا تېلفۇنىنى سوراپ بارالىسۇن. سۇبىنۇر ئۇنى گەپ قىلىپ ئۇنتالمىغاندىن كىين بولدى مەن بېرىپ ئەكىلىپ بىرەي دەپ چىقىپ

كەتتى. خالنۇر بولسا ياتاقتا قالدى.

سۇبنۇر كىتاپخانىغا كىرىپ كەلگەندە ئۇ يىگىت كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇراتتى: .

-مەن تىلفۇننى ئالغىلى كەلگەن ئىدىم. يىگىت دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇبنۇرغا قارىدى ۋە سۇس كۈلۈمسىرەپ تارتمىغا سېلىپ قويغان تىلفۇننى ئۇنىڭغا بەردى. سۇبنۇر تىلفۇننى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرگىپ قارىغاندىن كىين:

- سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت جۇمۇ، دوستۇم مۇشۇ تاپتا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.

ــ نىمە ؟ تىلفۇننى يوقىتىپ قويغانغا يىغلاپ ئولتۇرامدا دېدى يىگىت ھەيران بۇلۇپ.

- ياقەي ،ئۇنداق ئەمەس، ئۇ بايا تېخى تىلفۇننى ئەكەلگىلى بارايلى دىسەم ئەكەلمەيمەن دەپ ئۇنىمىغان، بۇگۈن مىجەزى يوق ئىدى، ھەم مەن ئازراق خاپا قىلىپ قويغان. مىجەزى يوق دىگەننى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس ئەنسىرەش ئىپادىسى شەكىللەندىيۇ بۇنى سۇبنۇر سەزمىدى.

- ئۇنداق بولسا سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت. ھە راس كىتاپنى ئالماشتۇرۇشقا بۇلامدۇ؟

ــئەلۋەتتە، پەقەت يىرتىلىپ كەتمىگەن بولسىلا ئالماشتۇرۇپ بىرىمەن، قانداق؟ ئالماشتۇرىغان كىتاپ بارمىدى؟

-ياقەي مىنىڭ يوق دىيىدى سۇبنۇر كۈلۈپ. مۇشۇ تىلفۇننۇ يوقىتىپ قويغان دوستۇم بىر كىتاپ ئەكەپتىكەن، قىزلار ئوقۇيدىغاننى ئالماي، يىگىتلەر ئوقۇشلۇقنى ئېلىپ قۇيۇپتىكەن زاڭلىق قىلسام يىغلاپ ئولتۇرىدۇ، ھەقچان مۇشۇ يەرگىمۇ خىجىل بۇلۇپ كەلمىدى ئۇ خېنىم .

-ھە مۇنداق دەڭ، قاچانلا بولسا ئەكەلسۇن ئالماشتۇرۇپ بىرىمەن دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. ئەمىسە سىزگە يەنە بىر قېتىم كۆپتىن كۆپ رەھمەت .ئابلىز سىزدىن يەنە بىر شەخسى سۇئال سورىسام بۇلامدۇ دېدى شۇبنۇر، بىراق خاپا بولمايسىز .

-ئەلۋەتتە بۇلىدۇ دېدى يىگىت سۇبنۇرنىڭ ئۇزىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغىغا ئەجەپلىنىپ

-سىزنىڭ پۇتىڭىز تۇغما شۇنداقمۇ ياكى ھادىسىدە شۇنداق بولغانمۇ ؟

سۇبنۇرنىڭ پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانلا بىر سۇئالنى سورىغىنىنى كۇرۇپ ئابلىز جاۋاپ بىرەيمۇ بەرمەيمۇ دەپ سەل ئىككىلىنىپ قالدى. سۇبنۇر ئابلىزنىڭ جىم تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇزىنىڭ ئارتۇقچە سۇئال سوراپ قويغىنىنى ھېس قىلىدە ۋە چىقىپ كىتىش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىككە يېقىن كىلىشگە كەينىدىن ئابلىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

-تۇغۇلۇشۇمدىن شۇنداق تۇغۇلۇپتىكەنمەن، بىراق بۇ تۇغما كېسەل ئەمەس. سۇبنۇر ئابلىزنىڭ بۇ مۇجمەل جاۋابىدىن بىر نەرسىنى چۈشىنەلمىدى. تۇغۇلىشىدىن شۇنداق تۇغۇلغان بولسا تۇغما كېسەل بۇلار، بۇنىمە دىگىنىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلىغاچ ئابلىزغا قارىدى ۋە:

-قانداقلا بولمىسۇن ئاللاھتىن سىزگە شىپالىق بېرىشىنى تىلەيمەن،رەھمەت. سۇبنۇر شۇنداق دەپ ئابلىز بىلەن خوشلاشتى. ئۇ يولدا كىتۆپتىپ خالنۇرنىڭ تىلفۇننى ئاچتى ۋە ئۇ يەر بۇ يېرىنى كۆردى. ئۇ رەسىملەر سالۇننى كۆرۋېتىپ ئابلىزنىڭ سۈرىتىنى كۇرۇپ

قالدى ھەم قاتتىق ھەيران قالدى. قارىماققا سۈرەت كىتاپخانىدا تارتىلغاندەك قىلمايتى. تېخى تونۇشمايمەن دەيدۇيا ماۋۇ جۇۋاينىمەك. تونمايدىغان ئادەم سۈرىتىنى ساقلاپ نىمە قىلىدۇ؟ قاراپ تۇرسىلا ياتاقتا بىرىپ مەسلىگىزنى ئېنىقلىمايدىغان بولسام. ئۇ كۆڭلىدە شۇلارنى ئويلىغاچ مىيقىدا مىيقىدا كۈلۈپ قويدى مۇغەمبەرلىك بىلەن.

سۈبىنۇر ياتاققا كەلگەندە خالىنۇر تېخىچە باياملقى ھالىتىدە دومسىيىپ ئولتۇراتتى. خالىنۇر ئۇنىڭ ئۆزىگە سىرلىق ھالدا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىنى كۆرۈپ خۇددى ئۇ بىرەر ئىشنى بىلىپ قالغاندەك ئۆزىچە ھۇدۇقۇپ كەتتى.

-قانداق خېنىم مەسلىگىزنى تاپشۇرامسىز يا ؟

-- مىنىڭ تاپشۇرغىدەك نىمە مەسىلەم بولسۇن؟ چاقچىقىڭىزنى قويۇپ تىلفۇنۇمنى ئەكىلىڭە بىر.ئۇ شۇنداق دەپ سۈبىنۇرنىڭ قولىدىن تىلفۇننى ئېلىۋالماقچى بولدى. سۈبىنۇرنىڭمۇ تىلفۇندىكى سۈرەتنى كۆرۈپ قېلىشنى خالىمايتى.

- ماۋۇ سۈرەتتىكى كىمۇ ؟ سۈبىنۇر شۇنداق دىگىنىچە ئابلىزنىڭ سۈرىتىنى ئىكرانىغا چوڭ قىلىپ چىقاردى ۋە خالىنۇرغا كۆرسەتتى. ھەجەپ تونۇشلا كۆرۈندا بۇ بالا . خالىنۇر سۈبىنۇرنىڭ ئاللىبۇرۇن سۈرەتنى كۆرۈپ بولغانلىقىنى بىلدى ۋە دەماللىققا ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەي قالدى. سۈبىنۇر خالىنۇرنىڭ بىر نىمە دىمەي جىممىدە تۇرۋالغانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى داۋام قىلىدى.

- ئەگەر كىملىكىنى دىمىسىڭىز بۇ ئاپىرىپ ئىگىسىدىن سورايمەن جۇمۇ ، سۈبىنۇر شۇنداق دىگىنىچە ئاستا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى .خالىنۇر ئۇنى راستىنلا ماڭغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى ئۇ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا چۈشتى:

- بۇلدۇ، بۇلدۇ دەپ بىرەي، ئاۋال تىلفۇنۇمنى بىرىڭ ..سۈبىنۇر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇنداق قىلىپ خالىنۇر ئابلىزنى تۇنجى ئۇچراتقان ۋاقىتتىن باشلاپ بۈگۈن كىتاپ ئالغۇچە بولغان ئارلىقتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە دەپ بەردى. سۈبىنۇر ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىر ھازاغىچە كۈلگەندىن كىين ئۆزىنى تەسلىكتە توختىتىۋېلىپ خالىنۇرغا قاراپ:

—شۇنداق قىلىپ ئۇ بالىنى جىمجىت كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەڭ دېدى سۈبىنۇر ھەممىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كىين:.

- ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەپ كىم دەيدۇ ،نىملەرنى دەپ يۈرىسىز دىدى تىرىكىپ:.

- راىست بولمىسا نىمگە سەكرەيسىز ئەمىسە، بۇ ئىشىڭىز تېخىمۇ گۇمانلىق جۇمۇ دېدى سۈبىنۇر يېشقلىق بىلەن. ھە راس مەن بايا ئۇ بالا بىلەن ئاز- تولا پاراڭلاشتىم. ئۇ بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپلا مۇشۇنداقكەن، مەن ئۇنىڭدىن نېرىنى سورىيالمىدىم. سۈبىنۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خالىنۇر تېخىمۇ ئازاپلىنىپ كەتتى.

سۈبىنۇرنىڭ دىگىنى بۇيىچە بولغاندا ئۇ بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھازىرقىدەك چاقلىق ئۈرۈندۇقتا ياشاپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك سۇلغۇن، غەمكىن يۈرۈشىمۇ بىكار ئەمەسكەندە ..خالىنۇر ئەمدىلىكتە ئۇ يىگىتنىڭ شۇنچە پەرىشان، غەمكىن يۈرۈشنى

چۈشەنگەندەك بولدى .بۇرۇن كۆڭلدە ئۇنى قاچانلا قارىسا مۇردىدەك ئولتۇرىدۇ دەپ ئويلىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. باياتىن بۇيان ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىدا قىلىپ قويغان "قاملاشمىغان "قىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئەمدى ئىككىنچى ئۇ كىتاپخانىغا بارمايمەن دىگەن خىياللىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇ پ كەتتى.شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس-ھېسيادى ئابلىزدىلا قالغان ئىدى.

ئەتىسى خالنۇر ئىشتىن چۈشۈپلا يەنە قايسى كۈنى ئالغان كىتاپتىن بىرنى سومكىسىغا سېلىپ دەريا بويىغا كەلدى ۋە دائىم ئولتۇردىغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۈگۈن كىتاپ ئوقۇش خىيالى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كىتاپنى قولىغا ئېلىپ كىتاپ ئوقۇغان قىياپەتتە ئولتۇرۇپ ئابلىزنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئۇ يەنە كىتاپقا بېرىلىپ كىتىپ ئابلىزنى شەپە چىقارماي كېلىپ ئولتۇرۋالمىسۇن دەپ سۈزگۈر ئولتۇردى.ئۇنىڭ ئابلىزنىڭ دەريا بويىغا قانداق كېلىدىغانلىقىنى بىلگۈسى بار ئىدى .بىراق بىرەر سائەتتىن ئارتۇق ساقلىغان بولسىمۇ ئابلىز كەلمىدى. ئۇنىڭ ساقلا-ساقلا ئىچى پۇشۇپ كىتاپنى ئورۇندۇقتا قويۇپ قويۇپ دەريا گىرۋىگىگە كەلدى ۋە سۇغا قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. دەريا سۈيى بىر خىل رەۋىشتە تىنىچ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ قاچانلىرىغىچە ئولتۇردىكىنتاڭ بىر چاغلاردا تىزىلىرىنىڭ كۈيۈشۈپ ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدىيۇ دەماللىقا ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ئۇ پ
ئولتۇرۇپ پۇتلىرىنى بىر ھازاغىچە تۇتۇپ ئەسلىگە كېلىۋالغاندىن كىين ئورنىدىن تۇرۇپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى .ئولتۇرۇپ ئەتراپىغا قارىدى ئابلىز تېخىغىچە كەلمىگەن ئىدى. ئۇ سائىتىگە قاراپ سائەتنىڭ 7 دىن ئاشقانلىقىنى ، قورسىقىنىڭمۇ ئېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قايتىشتىن بۇرۇن كەينىگە قايرىلىپ ئابلىز دائىم ئولتۇردىغان ئورۇندۇققا بىر ھازاغىچە قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن قارىۋەتكەندىن كىين دەريا بويىدىن ئايرىلدى.
شۇنداق قىلىپ خالنۇر ئابلىزنى ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ دەريا بويىدا كۆرمىدى. ئۇنى ئىزچىل دەريا بويىدا ئۇچىرتالمىغان خالنۇرنىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن خىياللار كەچتى. . كىتاپخانىغا بېرىپ بېقىشنىمۇ ئويلىدىيۇ نىمىشقىدۇر بارماي قويدى. بۇ جەرياندا خالنۇرنىڭ ئىشى ئىش بولماي، ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولماي قالدى. خالنۇرنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن سۇبىنۇر ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىدە كۈلەتتى. سۇبىنۇرنىڭ خىيالىچە بولسا خالنۇر ئۇنى ئاللىبۇرۇن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى.. شۇڭا ئۇ دائىم خالنۇرنىڭ ئالدىدا ئابلىزنىڭ گېپىنى چىقىرىپ ئۇنى جىلە قىلاتتى. خالنۇر دەسلەپ سۇبىنۇرنىڭ چاقچاقىرىغا
چېچىلىپ، تىرىككەن بولسا كىينچە پەرۋا قىلماس بولدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇ ھەرگىز ئابلىزنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغان بۇ پەقەت ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىش يەنە ھېسداشلىق يۈزىسىدىن ئىدى. ئۇلار تېخىچە بىرەر قېتىممۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان، قارشى تەرەپ كىم؟ مىجەزى قانداق بۇنىمۇ بىلىشمەيدىغان تۇرسا ياخشى كۆرۈشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ ؟ بۇ پەقەت ۋە پەقەت قىزىقىشلا خالاس، كىم ئۇنى ئۇنداق سىرلىق قىياپەتتە ئالدىمدا پەيدا بولسۇن دەپتۇ؟ خالنۇر ئۆز-ئۆزىگە ئەنە شۇنداق دەيتى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇ

زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىش ئىدى..
.. ئەتىسى خالنۇر بولدىلا قانداق ئويلاپ قالسا قالامدۇ بەرىبىر خاتا چۈشىنىپ بولدى دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ كىتاپخانىسىغا باردى. . كىتاپخانا ئۇچۇق ئىدى. ئۇ كىتاپخانىغا كىرىپ پوكەي ئالدىدا ئابلىزنى ئەمەس بەلكى يېشى ئۇزىدىن بىر قانچە ياش چوڭ كۈرۈندىغان بىر قىزنى كۆردى .بۇ قىز ئۇنىڭ نىمىسىدۇ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئۇ كىتاپلارنى ئارىلاپ كۈرۈۋېتىپ قىزغا ئارىلاپ-ئارىلاپ قاراپ قويىدى. بىراق ئۇ قىزنىڭ كىتاپخانىدا تۇرغان خالنۇرغا قارىغۇدەك چولىسى يوق ھالدا بىر نەرسىلەرنى كەشتىلەپ ئولتۇراتتى. خالنۇر ئابلىزنىڭ يوقلىقىغا جەزىم قىلغاندىن كىيىن كىتاپخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بۇلۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. كەلدىيۇ ئاتايىتەن كەپتىمەن بىر سوراپ كۈرەيچۇ دەپ ئويلاپ بېشىنى كۆتۈرمەي بىر نەرسە كەشتىلەۋاتقان قىزدىن سورىدى
-بۇ كىتاپخانىنىڭ ئىگىسى بىر يەرگە كەتتىمۇ
:قىز دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ خالنۇرغا قارىدى
-ئىگىسى مەن شۇغۇ؟ قىز شۇلارنى دەپ بۇلۇپ دەرھال بىر ئىشنى ئىسىگە ئالغاندەك خالنۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ گېپىنى داۋام قىلدى: .
-ھە سىز ئىنىمنى دەۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ بۇ كىتاپخانا ئاسلى مىنىڭ ، بىراق ئىنىم بىكار چاغلىرىدا ياردەملىشىپ بىرۋاتقان. سىز شۇنى دەۋاتقان ئوخشايسىز .
- ھە مۇنداق دەڭ دېدى خالنۇر ئوڭايسىزلىنىپ. مەن بۇ بۇ كىتاپخانىغا بۇرۇن نەچچە قېتىم كېلىپ كىتاپ سېتىۋالغان .ئىدىم، ھەر قېتىم شۇ بالا بولغاچقا مەن تېخى شۇ بالىنىڭ دۇكىنى ئوخشايدۇ دەپتىمەن.
-ھېچقىسى يوق، دۇكانغۇ مىنىڭ ، بىراق كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىنىم ئاچىدۇ. مەنمۇ بۇ كىتاپخانىنى ئاساسلىقى شۇ ئىنىمنى دەپ ئاچقان. ، بولمىسا مىنىڭ كىتاپخانىغا قارىغۇدەك ۋاقتىممۇ يوق ئىدى. قىز شۇنداق دەپ قىلۋاتقان ئىشىنى قۇيۇپ خالنۇرغا گەپ قىلىشقا چۈشۈپ كەتتى. خالنۇرمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇ ئايال ئالدىغا سۈرۈپ بەرگەن ئۇرۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى:.
- سىز بىلمەيسىز ،مىنىڭ بۇ ئىنىم تۇغۇلىشىدىنلا شور پىشانە تۇغۇلغان. بۇرۇنلاردا پىلانلىق تۇغۇن دەيدىغان سىياسەت بولمىغاچقا ئايالالار ھاملدار بولسىلا تۇغۇۋېرەتتىكەن. ئاپامىۇ ئالتىنى تۇغقان، سىز كۆرگەن ئىدىم . ئەڭ كىچىكى بۇلدۇ. 1986-يىلى پىلانلىق تۇغۇت سىياستى يولغا قۇيۇلغاندىن كىيىن ھۆكىمەت ئاياللارنىڭ ئارتۇقچە ھاملدار بۇلىشىغا يول قويمىغان. ھەتتا بىر ئائىلىدە بالا ئۇچتىن ئېشىپ كەتسىلا قورساقتىكى نەچچە ئايلىق بولغان ھاملىگىمۇ ئۇكۇل ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىدىغان ئىشلار كۆپكەنتۇق. مەنمۇ ئۇ چاغلاردا كىچىك بولغاچقا تازا ئىسىمدە قالماپتۇ، بىراق رەھمەتلىك ئاپامنىڭ دەپ بىرىشچە مۇشۇ پىلانتلىق تۇغۇت يولغا قۇيۇلۇپ بىر يىلدىن كىين يەنى 1987 -يىلى ئاپام مۇشۇ ئۇكامغا ھاملدار بۇلۇپتىكەن. دەسلەپ نەچچە ھەپتىلىك بولغاندىلا چۈشۈرۈۋېتىدىغان بوپتىكەن، بىراق بىزنىڭ ئۆيدە ئوغۇل بالدىن بىرسىلا بولغاچقا دادام ئۇغۇل بالا قالسا ئاكىسى بىلەن جۈپ بۇلىدۇ دەپ چۈشۈرۈۋېتىشكە

قارشى تۇرۇپتىكەن. شۇنداق قىلىپ  ئاپامنى ئۆيدىن چىقارماي يۇرۇپ قورسىقىغا 7 ئايلىق بولغاندا قانداق بىلىپ قالدىكىن  ھۆكۈمەتتىن بىلىپ قېلىپ ئۆيگە سەھىيە ئىدارىسىدىن دەمدۇ بىر يەردىن ئادەملەر كەپتۇ .بالىنى چۈشۈرۈۋەتمىسەڭلەر 10000 يۇەن جەرىمانە تۆلىيسىلەر دەپ دادام ئاپامنى قورقۇتۇپتۇ. بىلىسىز سىڭلىم ئەينى چاغدا بىزدەك بىر دىھقان ئائىلىسى ئۈچۈن 10000  يۈەن ئاز گەپمۇ. پۇل بولمىغاندىن كېيىن ئامال يوق  ئۇلار يىغلاپ قاقشاپ تۇرۇپ بالىنى  چۈشۈرۈۋېتىشكە  قوشۇلۇپتۇ . ئۇلار 7 ئايلىق بولۇپ بولغان بالىغا ئىچىمۇ ئاغرىماي  ئاپامغا ھامىلە چۈشۈرۈش ئوكۇلى ئۇرۇۋېتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ  ئاپام نەچچە كۈن قورساق ئاغرىقىنى تارتىقان بولسىمۇ بالا چۈشمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن  ئۇلار بۇمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، ئاللاھنىڭ بالىمىزنى ساقلاپ قالغۇسى كەلگەن  ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ  ئۇلارغا بالا چۈشۈپ كەتتى دەپ يالغان سۆزلەپ قويۇپتۇ. ئۇلارمۇ  ئۆز قولى بىلەن ئوكۇل ئۇرۇۋېتىپ كەتكەن بولغاچقا ئىشىنىپ قايتا كەلمىگەن گەپ. بىراق  ئاپام شۇ كۈندىن باشلاپ  تولا ئاغرىپ قاپتۇ، بالىنىمۇ ۋاقىت-سائىتى توشمايلا   يەڭگىپ قويۇپتۇ. بالا  تۇغۇلغاندا سەل كىچىكرەك  تۇغۇلغان بولسىمۇ بەش ئازايى ساق  بىجىرىم تۇغۇلغان بولغاچقا چوڭلارمۇ ئوكۇلنىڭ تەسىرى بولمىغان چېغى دەپ ئويلاپ كارى  بولماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا دادامنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئوغۇل بولغاچقا ھەممەيلەن  شۇنداق خۇشال بولۇپتىكەن. بىراق كىم بىلسۇن بالا تۆت  ياشقا كىرگىچە  تۈزۈك ماڭالماپتۇ،بىراق بالىنىڭ باشقا جايلىرى ،ساغلام ،ئەقلى-ئىقتىدارى جايىدا  بولغاچقا  ئايىغى كىچىكىپ چىقىدىغان ئوخشايدۇ دەپ  ئېتىبار بىرىپ كەتمەپتۇ. بالا  تاكى 6 ياشقا كىرگىچە ماڭمىغاندىن كېيىن دادام-ئاپاملار ئەنسىرەشكە چۈشۈپ  دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپتىكەن بالىنىڭ پۇتى ئاجىزكەن، دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە  بالا تۇغما مېيىپ ئەمەسكەندۇق، شۇ ھامىلە چۈشۈرۈش ئوكۇلىنىڭ تەسىرىدىن مېيىپ  تۇغۇلۇپتۇ. ئاپام بۇنى ئاڭلاپ شۇ جايىدىلا يىقىلىپ قالدى.  ئابلىزنىڭ ئاچىسى مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. خالنۇر ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بىلىشنى بىلمەي سومكىسىدىن قولياغلىقنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىمۇ  يىغلىۋېتىشكە ئارانلا قالغان ئىدى.  ئۇ قىز خالنۇر بەرگەن قولياغلىق بىلەن يېشىنى  سۈرتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋام قىلدى :

-ئەسلىدىن تىنى ئاجىز ئاپام بۇ بالامنى  مەن مۇشۇنداق مېيىپ قىلىپ قويدۇم، قورسىقىمدىكى چاغدا قوغدىيالمىدىم دەپ بەك ئىچىگە  ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام ئىزچىل ياخشىلىنىپ بولالماي بىر يىلدىن كېيىن  تۈگەپ كەتتى. بۇ چاغدا بۇ ئىنىممۇ 7 ياشلارغا كىرىپ ئاق -قارىنى پەرىق قىلىدىغان  بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكىلەرنىڭ يۈگرەپ ئويناپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ  كۆڭلى يېرىم بولماي قالامدۇ، ھەم ئۇ كىمدىن ئاڭلىدىكىن بىلمىدۇق "بۇ بالىنى ئاتا  ئانىسى  تۇققىسى كەلمەي چۈشۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان بالا، ئەگەر قورساقتىكى چاغدا ئوكۇل  ئۇرغۇزمىغان بولسا ساق تۇغۇلغان بولاتتى " دىگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ سەبى  قەلبىدە  چوڭلارغا بىرخىل ئۆچمەنلىك ساقلىنىپ قالدىمۇ بىلمىدۇق شۇنىڭدىن  كېين  جىمپلا كەتتى. بۇرۇن ماڭالمىسىمۇ شۇنداق شوق،

كەپسىز گەپلىرىمۇ جىق ئىدى .بۇرۇنقىدەك شوقلۇقلىپى قالماي، گەپلىرىمۇ ئازىيىپ كەتتى. دادام ھاياتلا بولسام بالامنى ساقايتىمەن دەپ شەھەردىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغىچە ئاپاردى. دوختۇرلار ساقايتالايمىز دەپتۇ بىراق يەنە بىر مۇنچە پۇلنىڭ گېپىنى قىلغان ئوخشايدۇ. كېين پۇلنىڭ غەملىگەنمۇ بولدۇق. ئوپراسىيەدىن كېين ئۇ ئاز تولا ماڭالايدىغانمۇ بولدى، بىراق يانىلا نۇرمال باللاردەك ماڭالمايتى. كىم بىلسۇن بارغانسىرى ئۇڭشىلۋاتقان بالىنىڭ ئەھۋالى تۇيۇقسىز ناچارلىشىپ يەنە ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ قالدى . دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارساق تەكشۈرۈپ بېقىپ ئالدىنقى قېتىم ئۇزۇل-كېسىل بولماپتىكەن قايتا ئوپراسىيە قىلمىساق بولمايدۇ دېيىشتى. دادامنىڭمۇ قانۇن ئېڭى تۆۋەن، قانۇن ئارقىلىق ئۇزىنى قوغداشنى بىلمىگەچ بۇرۇن ئۇزۇل -كېسىل قىلالمىغان گۇناھ سىلەردە دەپ بىر نىمە دېيەلمىدى. قايتا ئوپراسىيە قىلدۇرايلى دېسەك پۇل يوق، شۇ چاغدا دوختۇرلار 14 ياشتىن بۇرۇن ئوپراسىيە قىلىنسا تەلتۆكۈس بۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كىچىكتۇرۇلسە ئوپراسىيە قىلغان تەقدىردىمۇ ساقىيىش نىسپىتى دىگەن بولغاچقا كېين پۇل تېپىپ كىلەرمىز دەپ قايتىپ كەپتۇ. شۇ قايتىپ كەلگەنچە مانا ھازىرغىچە ئۆتۈپ كەتتى، نەچچە يىل بۇرۇن دادام بىلەن ئاكام قاتناش ھادىسىدە تۈگەپ كەتكەندىن كېين بىز ئاچىلىرى تېخىمۇ ئاپىرالمىدۇق. مانا ئەمدىلىكتە پۇلىمۇ بار بىراق ئۇ ئۇزى داۋالىنىشنى رەت قىلىۋاتىدۇ .چۈنكى شۇ چاغدا دوختۇرلار 14 ياشتىن كېين قا ساقايمايدۇ دىگەچكە ئۇنىڭ قەلبىگە شۇ گەپ سىڭىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بىز تۆت ئاچا-سىڭىل داۋالىتايلى دەپ شۇنچە قىلدۇ لىكىن ئۇ ئۇزى ئۇنىمىدى. ئۇ ئادەتتە ئىچىدىكى گەپلەرنى زادى دىمەيدۇ، بەكلا جىمغۇر، بىراق مەن بىلىمەن ئۇنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك. ئەينى چاغدا خەقلەردىن ئاڭلىغان گەپكە قۇشۇلۇپ كېين دادامنىڭ پۇل يوق سەۋەبىدىن داۋالاتماي 14 ياشتىن ئېشىپ كەتكىنى ئۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتى، كۆڭلىدە ئۇزىنى ئارتۇقچە تۇغۇلۇپ قالغان بالا دەپ ئويلايدۇ. بىراق زادىلا ئۇنداق ئەمەس، ئۇ تۇغۇلغاندا دادام-ئاپاملا ئەمەس بىزمۇ شۇنداق خۇشال بولغان. ئاكامۇ ئۇنى چوڭ دىمەي 10 ياشلاردىن ئېشىپ قالغاندىمۇ بىر يەرلەرگە گەدىنىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ ئاپىراتتى .ئۇنىڭ پۇتى ئاجىز بولغان بىلەن زېھنى شۇنداق ئۇچۇق، بىز كىچىكىدە ئۇنىڭ خەت يېزىش ئۇقۇشنى ئۆگەنسەك شۇنداق تىز ئۆگىنىۋالاتتى. ھازىر بىزمۇ ئۇنى تالىشىپ بېقىۋاتىمىز. ھېلىمۇ دادام -ئاپاملار پۇل يوق ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىتالماي بىر كۆزى ئۇنىڭ كېيىنلىكىدىن ئەنسىرەش بىلەن كىتىپ قالدى. بىز بولسىساقمۇ ئۇنى قانداقلا قىلساق، قانچە پۇل كەتسە داۋالىتىمىز دەپ ئولتۇرىمىز. ھازىر ھەم مېدىسىنامۇ تەرەققى قىلىپ بىر يەرگە باردى، ئۇ دوختۇرغا بېرىشقا كۆنىسىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەر بولسىمۇ مەن ئاپىرىپ داۋالىتىشقا تەييار، بىراق ئۇ ئۇنىمايۋاتىدۇ. مانا ئۇ ھازىر 25 ياشقا كىرىپ قالدى، سىزمۇ كۆردىڭىز شۇنداق پاكىز، چىرايلىق چوڭ بولدى. پۇتى ساق بولغان بولسا سىزدەك چىرايلىق قىزدىن بىرىگە ئۆيلەپ قويغان بولساق بىزمۇ خاتىرجەم بۇلاتتۇق.

ئابلىزنىڭ ئاچىسى بۇ گەپلەرنىڭ دەۋاتقاندا خالنۇرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ ئۇزىنى قۇيدىغان يەر تاپالماي قالغان ئىدى.:

- بىراق ئۇ مېيىپ بولغاچقا بىز ئالدىراپ بىرەسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېغىز ئاچالمايدىكەنمىز، ئېغىز ئاچتۇق دېگەندىمۇ ناۋادا مېيىپ ئادەمگە بىردىغان قىزىمىزيوق دەپ رەت قىلىۋىتىپ قالسا بىزغۇ مەيلى بار كەلگۈلۈك يەنە شۇ بىچارە ئۇكامغا بولىدۇ. ھېلىمۇ ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنى كەمسىتىپ ياشاۋاتسا باشقىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنسا ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىچىگە ئۆتۈپ كىتىدۇ. ئۇ پۈتى مېيىپ بولغان بىلەن كۆڭلى، قەلبى مېيىپ ئەمەس، باشقا يىگىتلەردەك ئارزۇ ئارمانلىرى بار، تۇرمۇشتا ئويلىغانلىرى بار ئەلۋەتتە.
ئابىزنىڭ ئاچىسى شۇنداق دەپ گېپىنى توختاتتى. خالنۇر شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاچىسغا نىمە دىيىش كېرەكلىكىنى،قانداق قىلسا ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى، ياق ئابلىزنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى، ئاندىن قالسا ئۇنىڭ جىسمانى يارىسىنى ساقايتقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئابلىنزىڭ ئاچىسى ئالدىدا ئۆز خيالى بىلەنلا بولۇپ ئۇنىڭغا ئۇنىڭغا ئەدەپسىز تەسىر بىرىپ قويماي دەپ خياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:
- ئابلىز ھازىر ئازراقمۇ ماڭالمىدىمۇ؟
- ماڭالايدۇ، بىراق ناھايتى تەستە قىسقا ئارلىققىلا، ئۇزۇنراق ماڭسا ئاغرىپ كىتىدىكەن ، شۇڭا ئادەتتە ئۇزۇن يول بولسا چاقلىق ئورۇندۇق ئىشلىتىدۇ ياكى بولمىسا ھاسا ئىشلىتىدۇ.
- ھە مەن بۇرۇن ئۇنى دەريا بويىدا كۆپ كۆرەتتىم، بىراق ئۇنىڭ مېيىپلىقىنى ئەسلا خيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن.
- ئۇنى مەن ئەچقىپ قويۇپ قايتىپ كىلەتتىم .ئۆيدە ئولتۇۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ كەتمىسۇن دەپ دەريا بويىغا ئەچقىپ قويۇپ كەچتە ئەكىرىپ كىتەتتىم دەەسلەپ ئۇ چىققىلى ئۇنىمغان ئىدى، مەن زورلاپ ئەچقىپ يۈرۈپ كىيىن ئۆزى كۆنۈپ قالدى. ھازىر ئۆزى دەيدۇ دەريا بويىغا چىقمەن دەپ. ئابلىزنىڭ ئاچىسى شۇلارنى دەۋىتىپ ئۆزىنىڭ قىلغىنىدىن مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈپ قويدى.
خالنۇر ئابلىزنىڭ ئاچىسى بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئابلىز توغرىسدا خېلى كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ ئۇنى ئاز تولا بولسىمۇ چۈشىنىپ قالغاندەك بولدى. بۇرۇن ئۇ توغرىسدا تولا خيال قىلىپ قاپاق بولۇپ كەتكەن كاللىسى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئابلىزنىڭ بۇندىن بۇرۇن نىمشقا غەمكىن، سۇلغۇن ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىنىڭ تىگىگە يەتتى،. ئۇ ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كيىن كۆڭلىدە قەتئى نيەتكە كەلدى،.
ئەمدى بۇندىن كيىن ئابلىزنى كۆرسىلا ئۇنىڭغا ئاكتىپ بولۇپ گەپ قىلىش،
ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرمەي ئۇنىڭغا دوستلۇق قولىنى سۇنۇشنى ،كيىنچە ئامال تېپىپ ئۇنى دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشنى قوبۇل قىلىش ئىرادىسىگە كەلتۈرۈشنى ، مۇھىمى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە يارىلىپ قالغان ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭمۇ باشقىلاردەك ئارزۇ-ئارمانلارنى ، مۇھاببەت دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ياشاش ھوقۇقى يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش نىيتىگە كەلدى.
بۈگۈن شەنبە ، ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق بولۇپ خالنۇر بۈگۈن ئىشتىن چۈشۈپلا ئاۋال دەريا بويىغا بېرىپ بېقىشنى، ئەگەر ئۇ دەريا بويىدا بولماي قالسا ئۇدۇل كىتاپخانىغا بېرىپ ئۇنى

ئىزدەشنى كۆڭلگە پۈكۈپ دەريا بۇيىنغا قاراپ يول ئالدى. يازنىڭ ئىزغىرىن شامالىرى ئۇنىڭ مۆرىسىگىچە ئەركىن قۇيۇۋەتكەن قارا چاچلىرىنى كەينىگە يىنىك ئۇچۇرۇپ ئۇنىڭغا باشقىچە جەزبىدارلىق ئاتا قىلغان ئىدى. . ئۇ دەريا بۇيىغا كېلىپ بۇگۈن دەرىيد بۇيىدا سەيلە قىلىپ ئايلىنىۋاتقان كىشلەرنىڭ ئادەتتىكى كۈنلەردىكىن جىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئارام ئېلىش كۈنى بولغاچقا كىشلەر دەريا بۇيىغا سەگدەشكە چىقىۋېلىشقان ئىدى. دەريا بۇيىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەجنۇنتالىلار ئىزغىرىن شامالدا يىنىك ئىرغاڭشىيتى. رەت-رەت تىزىلغان ئۇرۇندۇقلاردا كىشلەر جۈپ-جۈپ بىلەن ئولتۇرۇۋېلىشقان ئىدى. خالنۇر ئەتراپتىكى بالىلارنىڭ بىر-بىرنى قوغلىشىپ ئوينىشىۋاتقانلىقىغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ ماڭغاچ ئۆزى دائىم ئولتۇردىغان ئۇرۇنغا يىتىپ كەلدى. بىراق بۈگۈن ئۇ ئۇرۇنمۇ بوش قالمىغان ئىدى. ئۇ ئۆزى ئولتۇردىغان ئۇبېۇندىن بەش مىتىرچە نېرىدىكى ئابلىز ئولتۇرغان ئۇرۇنغا قارىۋىدى ئۇ يەردىمۇ باشقا ئادەملەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە بۈگۈنمۇ چىقماپتۇدە دىگەنلەرنى ئويلاپ لەسسىدە بۇلۇپ قالدى ۋە ئۇدۇل كىتاپخانىغا بېرىشقا تەمشلىپ كەينىگە ياندىيۇ خۇددى كۆڭلى بىر نىمىنى تۇيغاندەك دەريا بۇينى بويلاپ ئازراق مېڭىپ كۆرۈپ بېقىش خىيالىغان كەلدى. چۈنكى ئۇ بۈگۈن ئادەملەر بەك جىقكەن ، بەلكىم ئۇ ئادەم كۆپ يەرنى خالىماي خالىراي يەردە ئولتۇرغان بۇلۇشى مۇمكىن دىگەنلەرنى ئويلاپ قالغان ئىدى. دەرۋەقە ئۇ ئازراق ماڭمايلا نېرىسىدا دەرياغا قاراپ ئولتۇرغان ئابلىزنى كۆردى. بۈگۈن ئابلىزنىڭ پەقەت ئولتۇردىغان ئورنىلا ئۆزگەرگەن بىراق دەرياغا قاراپ ئولىرۇغان غەمكىن ھالىتى ئاۋالقى كۈنلەر بىلەن ئوخشاشلا ئىدى. ئابلىزنىڭ بۇ ھالىتگە قاراپ خالنۇرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدىيۇ يەنە دەرھال كەيپىياتىنى تەڭشىۋالدى. ئۇ ئابلىزغا قاراپ جايىدا بىر ھازاغىچە بىر نەرسلەرنى خىيالدىن ئۆتكۈزگەندىن كىين بىر قارارغا كەلگەندەك بۇلۇپ ئۇدۇل ئابلىز تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئابلىز دەرياغا قاراپ بىر نەرسلەرنى چوڭقۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك ئولىرۇغان بۇلۇپ ئۇ بىر قىزنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كىلىپ توختىغىنىنى سەزمىگەن ئىدى. خالنۇر ئابلىزنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگىنىنى سەزمىگىنىنى كۆرۈپ گەپ-سۆزسىزلا ئۇنىڭ يېنىدىكى بوش ئۇرۇندا ئولتۇردى .ئابلىز شۇندىلا بىراۋنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىنى سەزدى بولغاي بېشىنى بۇراپ يېنىدا ئولتۇرغان خالنۇرنى كۆرۈپ ھەم ھەيرانلىق ھەم چۆچۈش ئىسلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدىيۇ دەرھال كۆزىنى يەنە باشقا تەرەپكە ئەپقاچتى، خالنۇر ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ دەرھال گەپ قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇردىكى بۇ خىل كەيپىياتنى يوق قىلماقچى بولدى. ئەمىليەتتە ئۇ ئۆزىمۇ جىددىيلىشىپ ھەم خىجىل بۇلۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى بۇ خالنۇرنىڭ تۇنجى قېتىم تەشەببۇسكار بۇلۇپ بىر ئوغۇل بالىغا يېقىنلىششى ئىدى. ھەم ئۇنىڭ نەزىرىدە گەپ قىلمايلا قىلچە ناتۇنۇش ھېساپلىنىدىغان بىر يىگىتنىڭ يېنىدا تەكەللۇپسىزلا ئولتۇرۇۋېلىش پەقەت ئۇچىغا چىققان بىزەڭ، قېلىن قىزلارلىنىڭلا قۇلىدىن كىلىدىغان ئىش ئىدى:.

- ئولتۇرسام بۇلامدۇ؟ ئۇ مۇشۇ گەپنى دەپ بۇلۇپلا ئۆززىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ

سالغانلىقنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. چۈنكى ئۇ ئاللىبۇرۇن ئولتۇرۇپ بولغان ئىدى. بۇ خۇددى ئىشكتىن كىرىپ بولۇپ كىرسەم بولامدۇ دەپ سورىغاندەكلا ئىش ئىدى. ئابلىزغا قىزنىڭ بۇ ئىشى قىزىقارلىق بىلىندىمۇ ياكى كۈلكىلىك تۇيۇلدىمۇ ئىشقىلىپ ميقىدا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاپ قايتۇرمىدى، خالنۇر خىجىلچىلىقتا بېشىنى كۆتۈرمەيلا ئولتۇرغاچقا ئابلىزنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىنى كۆرمىدى ۋە ئۇنىڭ جاۋاپ قايتۇرمىغىنىنى كۆرۈپ منى تازىمۇ غەلىتە قىزكەن دەپ ئويلاپ قالدىدە دەپ ئويلاپ تېخىمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى:.

- تۈنۈگۈن كىتاپخانىڭىزغا بارغان ئىدىم دېدى ئۇ ئوڭايسىزلىقنى يوق قىلىش ئۈچۈن . ئابلىز بولسا ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەستىن، نىمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىڭىز دىگەندەك خالنۇرغا سۇئال نەزىرى بىكەن تىكىلدى.

- ئالدىنقى قېتىم تىلفۇنۇمنى تېپىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ ھەم ئالماشتۇرىدىغان كىتاپىمۇ بار ئىدى ئۇ گەپ تۇقۇپ.

ــھېچقىسى يوق رەھمەت ئېيتىمىگىسىزمۇ بۇلىدۇ، مىنىڭ ئورنۇمدا باشقا ئادەم بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلاتتى. يەنە كىلىپ رەھمەتنى دوستىڭىز ئېيتىپ بولدى. ئابلىز شۇلارنى دەۋىتىپ خالنۇرغا مۇنداقلا قاراپ قويىدى ۋە دەرھال ئالدىغا قارىۋالدى.

- ھە راسى گەپ بىلەن بولۇپ كىتىپ سىزگە ئۆزەمنى تونۇشتۇرماپتىمەن. مىنىڭ ئىسمىم خالنۇر، ئۈرۈمچىدىن خىزمەت سەۋەبى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغان.

-بىلمەن دېدى ئابلىز ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا. شۇنداق دىدىيۇ خۇددى قىلماسلىققا تىگىشلىك گەپنى قىلىپ سالغاندەك باشقا ياققا قارىۋالدى. خالنۇر ئابلىزنىڭ بىلمەن دىگەن گېپىنى ئاڭلاپ بۇلاقتەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ تىكىلىشى جاۋاپسىز قالدى. بىلمەن دىگىنى نېمىسىدۇ؟ بىز تېخى تۇنجى قېتىم پاراڭلاشقان تۇرساق، ئاچىسى دەپ بەردىمۇ يە. خالنۇر شۇلارنى پەرەز قىلدى. چۈنكى تۈنۈگۈن ئۇ ئابلىزنىڭ ئاچىسى بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۆزى توغۇرلۇقمۇ ئاز-تولا دەپ بەرگەن ئىدى.

- ئۇ كۈنى تىلفۇنۇمنى كۆردىڭىزمۇ دېدى خالنۇر ئاران بىر پاراڭلىششقا پۇرسەت چىققاندا گەپنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى خالىماي.

- سۈرەتنى دەمسىز؟ ئابلىز خۇددى سۈرىتىم سىزدە نىمە قىلىدۇ دىگەندەك ئۇنىڭغۇ سۇئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. ئىم تويە سۇئالىنىمۇ كاللاڭنى ئىشلىتىپ سورىمىغانىغا دەپ ئويلىدى خالنۇر ئىچىدە. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئابلىزنىڭ بۇنداق ئۇدۇللا سورىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۇرمىگەچكە دەماللىققا نىمە دەپ جاۋاپ بىرىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى:

- مەن... ئۇ كۈنى ئىچىم سقىلىپ مۇنداقلا... ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلەلمەي تەخسلىقتا قالغاندەك پىشانىسىدىن سوغوق تەر چىقىپ كەتتى. ئىچىم سقىلىپ سۈرەتكە تارتقان دەپ سالمىدىم يەنە. بولمىسا بۇ قىز نىمانچە تېتىقسىز ئىچى سقىلىپ قالسا ئوغۇللارنى سۈرەتكە تارتىپ ئوينايدىغان ئوخشىمامدۇ دەپ ئويلاپ قالار ئىدى ھەقچان، بولدى ھېچنىمە دىمەي جىملا تۇرايچۇ

دىگەن نىيەتكە كەلگەن .ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئابلىزنىڭ قانداق ئىنكاس بىلدۈردىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا شۇنداق قارىشىغا ئابلىز تېلفۇنى بىلەن چارىسىدە قىلىپ ئۇنى سۈرەتكە تارتىۋالدى. بۇنداق بۇلۇشىنى كۈتمىگەن خالنۇر نىمە قىلغىنىڭىز بۇ دىگەن مەقسەتتە ئابلىزغا تىكىلدى.

- ئالماقىنىڭ بەرمىكى بار، بۇ قەرىز دېدى ئابلىز ھېچبىر ئىپادىسىزلا. خالنۇر ئاچىسى دىگەندەك جىمغۇرمۇ ئەمەستەك قىلامدۇ نىمە بۇ بالا دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئابلىزنىڭ قانداق مەقسەتتە سۈرىتىنى تارتىۋالغانلىقىنى ئۇزۇن ئويلاپمۇ زادى تىگىگە يىتەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇگۈن ئابلىزنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئاددىغىنە بولسىمۇ پاراڭلىشىپ، ھەمسۆھبەت بولغىنىغا ئىچىدە خوش ئىدى.ئۇ ئابلىزنىڭ باشقا ياققا قاراپ ئولتۇرغان پۇرسىتىدىنن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ پۇتىغا تەپسىلى قاراپ چىقتى. ئابلىزىڭ بۇنداق ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنى ھەرگىزمۇ مېيىپكەن دەپ ئويلاپ قالمايتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىككى پۇتى قارىماققا نۇرمال ئادەملەرنىڭكىدەكلا ساق كۆرۈنەتتى. ئابلىز باشقا ياققا قاراپ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن ئۇنىڭ خيالى يېنىدىكى بۇ قىزدا ئىدى. ئۇ خالنۇرنىڭ ئۆزىنىڭ پۇتىغا قىزىقىش بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ:

-قانداق، سىزمۇ مىنىڭ پۇتۇمغا قىزىقىۋاتامسىز دېدى -

- ياقەي دېدى خالنۇر مەقستىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشىپ .قارىماققا پۇتىڭىز ساقتەكلا كۆرۈنىدىكەن ،شۇڭا زادى قانداق بۇلۇپ بۇنداق بۇلۇپ قالغاندۇ دەپ ھەيران بۇلۋاتىمەن:

-ھەيران بولماڭ، كۆرۈنىشتە مۇكەممەل كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ ئەملىيەتتە مۇكەممەل بۇلۇپ كىتىشى ناتايىن، سىزدەك كىتاپنى جىق ئوقۇيدىغانلار بۇنى ياخشى بىلىدۇ.

-بۇ دىگىنىڭىزمىغۇ خاتا ئەمەس. دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇلار نىمە دەيدۇ؟ دېدى خالنۇر بىلمىگەن قىياپەتكە سېلىپ.. ئابلىز خالنۇرنىڭ بۇ سۇئالىغا سۆكۈت بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. خالنۇر يەنە كوچىلاپ سوراپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قۇيۇشتىن ئەنسىرەپ قايتا سورىمىدى. شۇ ئارلىقتا خالنۇرغا تېلفۇن كېلىپ قالدى. خالنۇر تېلفۇننى قۇلىغا ئېلىپ بىر ناتۇنۇش نۇمۇردىن كەلگەنلىكىنى بىلدى ھە خوشياقا-ياقماس ھالەتتە تېلفۇننى ئالدى:

-ۋەي. قارىشى تەرەپ ھېچ تەكەللۇپسىزلا مەقستىنى ئېيتتى:

. سىزگە ئۆرۈمچىدىن پۇسۇلكا كەپتىكەن، شەھەرلىك ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار بېكىتىگە كېلىپ پۇسۇلكىڭىزنى ئېلىۋالسىڭىز. خالنۇر قايسى كۈنى ئاپىسىنىڭ بىر نەرسە سېلىپ بىرىمەن دىگەن گېپىنى ئەسكە ئېلىپ قارشى تەرەپكە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بولغۇچە قارشى تەرەپ تېلفۇننى قۇيۋەتتى. خالنۇر تېلفۇننى سومكىسىغا سالغاندىن كيىن بىكەتكە بېرىپ پوسۇلكىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئابلىزغا قاراپ:

-كەچۈرۈپ جىددى ئىشىم چىقىپ قالدى. مەن بۇگۈنچە قايتاي. كيىنچە پاراڭلىشامىز.

-بۇلىدۇ ،ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ دېدى ئابلىز ئانچە ئىرەنسىمىگەن ھالەتتە .

شۇنداق قىلىپ خالنۇر ئابلىز بىلەن خوشلىشىپ چوڭ يولغا چىقىپلا تاكسىدىن بىرنى توستى دە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا كۆزدىن غايىپ بولدى. ئابلىز بولسا بارغانسىرى يىراقلاپ

كىتىۋاتقان تاكسىغا قاراپ ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ خالىنۇرغا بىر نىمىلەرنى دىگۈسى، ياخشى پاراڭلاشقىسى بار ئىدى.. بىراق بۇ ياشقا كىلىپ ئەزەلدىن قىزلار بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىغان ئابلىزغا نىسپەتەن بۇ قىيىنغا چۈشەتتى. بايا ئۇ ئەمىليەتتە يىراقتىنلا خالىنۇرنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىنى كۆرگەن، بىراق كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرۋالغان ئىدى. خالىنۇر يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تاكى قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالغىچە ئۇ جىددىيلىشىپ ئارانلا قالغان بولسىمۇ بىراق چاندۇرماي ئولتۇرغان ئىدى. ھەتتا بايا خالىنۇرنى تۇيۇقسىز سۆرەتكە تارتىۋېلىشىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز كەلگەن ئەقىل بۇلۇپ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئۇنداق قىلالىغىنىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. .مانا ئەمدىلىكتە خالىنۇر تۇيۇقسىز كىتىپ قېلىۋىدى ئۇ بىر خىل قىيالماسلىقنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ تىلفۇنىنى قۇلغا ئېلىپ بايا تارتىلىۋالغان سۆرۈتكە قارىدى. سۆرەتتە خالىنۇر ھەم چۈچۈش ھەم ھۇدۇققان ھالەتتە بۇلاتتەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇراتتى. ئابلىز خالىنبۇرنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى .

ئابلىز دەريا بۇيىدا يەنە بىر سائەتچە ئولتۇرغاندىن كىيىن ئاچىسىغا تىلفۇن قىلىۋېدى. ئاچىسى ھايال ئۆتمەيلا ئۇنى ئېلىپ كىتىش ئۈچۈن يىتىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئابلىزنىڭ كۆڭلى چوڭ داۋالغۇش، ھاياجان ئىچىدە قالغان ئىدى. ئەمىليەتتا ئابلىزغا نىسپەتەن خالىنۇر بۇرۇندىنلا تونۇش ئىدى. ياق تونۇشلا ئەمەس ئۇنىڭ قەلبى قېتىغا ئورناپ بولغان ، خىيالىدا دائىملا ئەسلەيدىغان قىز، قەلبىدىكى سۆيگۈسى ئىدى. ئاچىسى ئۇنى ئىچىڭىز پوشۇپ قالدۇ دەپ كۈندە دەريا بۇيىغا ئەچىقىپ قويغاندا ئۇ دەسلەپ پەقەتلا كۈنەلمىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قارىشىنى ياقتۇرمايتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ جىق ئادەملەر بار يەردىن بىزار ئىدى. شاۋقۇن -سۆرەن كۆپ جاينى ياقتۇرمايتى.. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاچىسىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماي ئۆزى خالىمىسىمۇ دەريا بۇيىغا چىقاتتى. بىراق بىر كۈنى ئۇ ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندىن سەللا نېرىدا ئۆزى بۇ يەردە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزنىڭ كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۆزى بىلىپ بىلمەيلا ئۇ قىزىغا دىققەت قىلىپ قالدى. قىز كىتاپتىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان بۇلۇپ يەلكىسىگىچە قۇيۇۋېتىلگەن قويۇق قارا چاچلىرى بىردەم بىردەم ئالدىغا چۈشۈۋېلىپ قىزنى جىلە قىلاتتى. قىز بولسا كىتاپ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەچكە ئۆزى سەزمىگەن ھالەتتە چېچىنى قولى بىلەن قۇلىقىنىڭ كەينىگە قىسىپ تۇراتتى. قىزنىڭ بۇ ھەركىتى ئابلىزغا تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەزەلدىن قىز زاتىغا بۇنداق قاراپ باقمىغان بۇ شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ناتونۇش قىزغا باشقىلا قىزىقىپ قالدى .گەرچە كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بۇنداق چىرايلىق قىزغا ئىرىشەلىگۈدەك تەلىيىنىڭ ، ھوقۇقىنىڭ يوقلىقىنى ئېنىقلا بىلىپ تۇرسىمۇ بىراق تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە يىگىتلىك قەلبىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىمۇ بىلمىگەن ئاساستا داۋالغۇش پەيدا بولماقتا ئىدى. شۇ كۈندىن كىيىن ئابلىز دەريا بۇيىغا ئۆزى ئاكتىپ بۇلۇپ چىقىدىغان، ئاچىسىدىن بۇرۇن ئالدىرايدىغان بولغان ئىدى. ئاچىسىمۇ ئابلىزدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن خۇشال ئىدى. ئىنىم ھە نىم بولسا ئۆزى ياقتۇردىغان ئىشتىن بىرىگە يولۇقۇپتۇ دەپ ئۇنى

دەريا بويىغا زورلاپ ئەقىلىپ قويغىنىدىن مەمنۇن بولاتتى. بىراق ئۇ ئىنىسىنى قىزىقتۇرۋاتقان نەرسىنىڭ دەريا ئەمەس بەلكى دەريا بويىدىكى بىر قىز ئىكەنلىكىنى نەدىنمۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن .شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىدە خۇشال هالدا ئىنىسىنى دەريا بويىچا ئەچىقىپ قويۇپ قايتىپ ئىشىنى قىلاتتى. ئابلىز بولسا دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى . بەزى كۈنلىرى قىز ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېلەتتى، بەزى كۈنلىرى بولسا كېچىكىپ كۆرەتتى . ئابلىز ئامال بار قىزغا ئۆزىنىڭ مېيىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. كۆڭلىدە بالدۇر كەلگەندىن كېيىن ئاچىدىغا چاقلىق ئورۇندۇقنى بىللە ئېلىپ كىتىشنى ئېيتاتتى . ئاچىسىمۇ ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ چاقلىق ئورۇندۇقنى بىللە ئېلىپ كىتەتتى هەم قايتىشىدا ئۇنىڭغا تېلفۇننى قالدۇرۇپ قايتقۇسى كەلگەندە دۇكانغا تېلفۇن قىلىشنى ئېيتاتتى. ئابلىز قىزنىڭ كۆڭلىدە كىسلىپ كىتاپ ئوقۇغانلىقىنى، بەزىدە دەرياغا قاراپ تىنىچ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىدىغانلىقىنى كۆرەتتى. قىز كىتاپقا بېرىلىپلا ئولتۇرغاچقا يېنىدا بىر يىگىتنىڭ هەر قاچان ئۆزىگە بىر خىل قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتى. بىراق بىر كۈنى ئۇ قىز تۇيۇقسىز ئابلىزغا قارىدى. ئابلىزمۇ ناهايتى تىزلىكتە ئالدىغا قارىۋالدى. ئۇ قىزنىڭ بۇ يەردىن كىتىپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتى شۇڭا ئۇ ئۆزەلدىن قىزغا قارىغاندىمۇ ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى . ناۋادا قىز ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالسا ئاچچىقى كىلىشى، هەتتا بۇ يەردىن كىتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەقەت چاندۇرمايتى. شۇڭا ئۇ قىزنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ ئىزچىل ئۆزىگە دىققەت قىلىپ كىلىۋاتقانلىقىنى قىلچىمۇ هېس قىلالمىغان ئىدى،

كۆنلەر مۇشۇنداق بىر-بىرنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئىككى جۈپ كۆز هەر ۋاقىت ئىنتايىن ئېهتىيات قىلغان هالدا بىر-بىرنى ئوغرىلىقچە كۆزىتىپ كىلىۋاتاتتى. ئابلىزنىڭ خىيالىدا خالىنۇر ئۇنىڭغا نىسپەتەن مەڭگۈ تەلپۈنۈشكە بولمايدىغان چۈش ئىدى. ئۇچە بولغاندا ئۇنىڭ بىر مېيىپلىقىنى بىلسە خالىنۇرلا ئەمەس هەر قانداق بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتى. ئۇمۇ هەم بىراۋنىڭ مۇهاببىتىگە ئىرىشىشنى ئەزەلدىن خىيال قىلىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئابلىزغا نىسپەتە بۇ پەقەتلا بىر چۈش ، ئۇنداق رېئانلىقنى ئويلاش ئۇنىڭغا نىسپەتەن ئارتۇقچە ئاچكۆزلۈك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ خالىنۇرنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى. گەرچە ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغا بۇ گۈزەل قىزنىڭ كىملىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى، نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ بىراق ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ قىز پەرىشتىدەك گۈزەل، كەمكۈتىسىز مۇكەممەل ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق پەرەز قىلاتتى.ئۇنى ياخشى كۆرۈش بىلەنلە چەكلىنىشنى ئويلايتى. ئۇ كۆڭلىدە دەريا بويىدا ئالدىغىلا قاراپ جىمجىت ئولتۇرغاندەك قىلغان بىلەن پۈتۈن ئەسيادى شۇ قىزدا ئىدى. قىزغا بۇرۇلۇپ قارىيالماسلىقىدىكى سەۋەپ پەقەت ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىپ قويماسلىق ئىدى. بىراق بىر كۈنى ئۇ قىزغا قاراش بىلەن تەڭ قىزنىڭمۇ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى، ئارقىدىنلا قۇلىدىكى كومپيۇتۇرنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى ۋە دەرهال ئالدىغا قارىۋالدى .قىز ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىننى بىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەمدى قىز بۇ يەردىن كىتىپ قالامۇ دەپ ئەنسىرەپ تۇرغاندا دىگەندەكلا قىز ئالدىراپلا كىتىپ قالدى. ئۇ قىزنى ئەمدى

كەلمەيدىغان بولدى دەپ ئۆزىچە ئازاپلىنىپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قارىغانلىقىدىن دەپ ئويلاپ قالدى. بىراق ئۇ قىزنىڭ ئۆزىنى ئوغۇرلىقچە سۈرەتكە تارتىمەن دەپ ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىپ خىجىل بولۇپ قاچقىنىنى نەدىن بىلسۇن .

نەچچە كۈندىن كېيىن ئابلىز خالنۇرنىڭ كىتاپخانىغا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ شۇنداق جىددىيلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تولىمۇ پەرۋاسىز ھالدا تۇرۇۋالدى. ئۇ قىزنىڭ بۇ كىتاپخانىدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيلا كەلگىنىنى بىلمەيتى. ئۇ تاكى قىز كىتاپخانىدىن چىقىپ كەتكىچە جىددىيلەشكىنىدىن نىمە قىلارنى بىلمەيلا قالدى. پۇل تۆلەپ چىقىپ كىتىدىغاندا بولسا قىزنىڭ كىتاپلارنى ئوراپ بېرەي دىگىنىگىمۇ قارىماي ئالدىراپ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قايسى كۈنى دەريا بويىدا قىزنىڭ تۇيۇقسىز كىتىپ قالغىنىغا باغلاپ چۈشىنىپ ئۆزىنى ئەيىپلەپ كەتتى. شۇ كۈنى ئابلىز كېچىچە ئازاپلىنىپ ئۇخلىيالمىدى. بىراق كىم ئويلىسۇن ئۇ قىز ئەتىسى يەنە كەلدى، بۇ ئەھۋالدىن ئابلىز تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ قىزغا قاراپ يەنە ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىماي دەپ ئالدىدىكى كىتاپتىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن قىزنىڭ ئالدىغا ئەكەلگەن كىتاۋىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قىزغا تىكىلدىيۇ دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدى. چۈنكى قىزنىڭ
تاللىغىنى"يىگىتلەر دەستۇرى"دىگەن كىتاپ .ئىدى.ئابلىز ئۇ كىتاپنى نەچچە قېتىم ئوقۇغان، ئىچىدە قانداق مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا بەش قولدە ئايان ئىدى. "بۇ كىتاپنى ئېلىپ نىمە قىلىدىكىنە ، ئىنىسى ياكى يىگىتى بولسا ئۇلارغا ئالغانمىدۇ يە "دىگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. شۇنداقتىمۇ قىزنى ساقلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن گەپ قىلماستىن كىتاپنى ئۇنىڭغا بەردى. . ئابلىز خالنۇر چىقىپ كىتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ كىتاپنى كىمگە ئالغانلىقى توغۇرلۇق خىيال قىلىپ خىيالىنى بىر باشقا چىقىرالماي تۇرغاندا تۇيۇقسىز تېلفۇن جىرىڭلاپ قالدى. ئابلىز جىرىڭلىغان تېلفۇننىڭ كىتاپخانىدىكى تېلفۇن
ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قايسى تېلفۇندۇ دەپ ئەتراپقا قارىدى. پوكەي
ئۈستىدە كۆرمىگەنلا بىر تېلفۇن تۇراتتى، ئۇ تېفۇننى قولىغا ئېلىپ قارىدى، ئېكراندا "ئاپام"دىگەن ئىسىمدىن تېلفۇن كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇ تېلفۇننىڭ خالنۇرنىڭ
ئىكەنلىكىنى تېزلا ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تېلفۇننى ئالسابولمايتى. شۇڭا ئۇ تېلفۇننىڭ توختىشىنى كۈتۈپ تېلفۇن سايراشتىن توختىغاندىن كېيىن ئاندىن
تېلفۇننى ئېچىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى. تېلفۇننىڭ ئېكرانى قۇلۇپلانمىغان ئىدى. ئۇ تېلفۇننىڭ تېلفۇن دەپتىرىنى ئېچىپ نۇمۇرلارنى كۆردى .نۇمۇرلار كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇ قانداق قىلسام بولار دەپ بىردەم ئويلانغان كېيىن تېلفۇننىڭ پاراڭلىشىش خاتىرىسىنى ئېچىپ تېخى بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئالاقە قىلغان سۆبىنۇر دىگەن بىرىسىنىڭ نۇمۇرىنى كۆردى. ئۇ بۇ ئىسىمنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلدى. توغرا تۈنۈگۈن ئۇ قىز بىللە كەلگەن دوستىنى شۇنداق دەپ چاقىرغاندەك قىلغان ، مۇشۇ نۇمۇرغا تېلفۇن قىلىپ باقاي دەپ ئويلىدى ئۇ. دىگەندەك تېلفۇننى بىر قىز ئالدى. تېلفۇننى ئالغان قىز بىر ئازدىن كېيىن كېلىپ تېلفۇننى ئەكىتىدىغان بولۇپ كېلىشىپ تېلفۇننى قويدى.. ئۇ تېلفۇننى تارتىمىغا سېلىپ

بۇلۇپراق تۇيۇقسىز تېلېفون ئىچىدە نىمىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى."
ھېچنىمە بولماس" دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاستا تېلېفوننى ئېلىپ ئۇ
يەر بۇيەرلىرىنى خالىغاچە كۆرۈشكە باشلىدى. تېلېفوندا قىزنىڭ سۈرەتلىرى باردەك قىلاتتى.
ئۇ سۈرەتلەرنى كۆرۈۋېتىپ ئۆزىنىڭ سۈرىتىگە كۆزى چۈشۈشى بىلەن تەڭ ھەيرانلىق ئىچىدە
كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.." بۇ مىنىڭ سۈرىتىمغۇ؟ مىنىڭ سۈرىتىمنى قاچانلاردا
تارتىۋالدىكىنە؟" ئۇ ئىچىدە شۇلارنى ئويلىدى. توغرا، ھېلىقى كۈنى ئالدىراپلا كىتىپ
قالغىنى بىكار ئەمەسكەن، ئەسلى شۇ كۈنى تارتىلغان سۈرەتكەندە. ئابلىز ناھايىتى تېزلا
سۈرەتنىڭ قاچان تارتىلغانلىقىنى ئىسىگە ئالدى. ھازىر ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك
قىزىقتۇرغىنى ئۇ قىزنىڭ قانداقلارچە ، نىمە مەقسەت بىلەن ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى تارتىۋالغىنى
ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزنىڭ ئۆزىدىن بۇنى سورىيالماتتى .سورىسا ئۆزىنىڭمۇ ، قىزنىڭمۇ
ئوڭايسىز ھالاتتە چۈشۈپ قالدىغىنىنى بىلەتتى. بەلكىم مۇنداقلا، مەقسەتسىزلا
تارتىلۋالغاندۇ دەپ ئويلاش نىيتىگە كەلدى ئۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى
ئويلاش ئابلىزنىڭ خىيالىنى باشقا تەرەپكە ئېلىپ كىتەتتى .كالللىسىغا ئۇنداق خىيال
كېلىپ بولغۇچە " بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، مەن دىگەن مىيىپ تۇرسام" دىگەن
ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى كاللىسىغا بالدۇر كېلەتتى. دىمىسىمۇ بۇ زادى ئەقلىگە
سىغمايدىغان ئىش ئىدى. دىگەندەك بىردەمدىن كىيىن بىرسى تېلېفوننى ئالغىنى كەلدى.
بىراق كەلگىنى ئۇ قىز بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ بايا تېلېفوننى ئالغان دوستى ئىدى. ئۇ
تېلېفوننى قىزغا ئېلىپ بەرگەندىن كىيىن سۈبىنۇردىن ئۇنىڭ دوستى توغۇرلۇق بىر نىمىلەرنى
سوراپ باقماقچى بولدىيۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئەكسىچە قىزنىڭ ئۆزى توغۇرلۇق سورالغان
سۇئالىنغا تومتاقلا جاۋاپ بىرىپ قويدى.

خالنۇر ئۇدۇل ماشىنا بېكىتىگە بېرىپ ئاپىسى سالغان پۇسۇلكىلارنى ئېلىپ ياتاققا
كەلدى. ئۇ كىرىپ ئۆزكارۋىتىدا يېتىپ تېلېفون ئويناۋاتقان سۈبىنۇرغا مۇنداقلا قاراپ
قويغاندىن كىيىن پوسۇلكىنى كارۋىتىغا قويۇپ ئېچىشقا باشلىدى. سۈبىنۇر خالنۇرنىڭ بىر
نەرسىنى ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئويناۋاتقان تېلېفوننى قويۇپ ئىككى سەكرەپلا ئۇنىڭ
يېنىغا كەلدى:

- ئۆيىڭىزدىكىكەر بىر نەرسە سالغان ئوخشىمامدۇ، تېزراق ئېچىڭە قانداق ياخشى
نەرسىلەرنى سالدىكىن. خالنۇر سۈبىنۇرنىڭ كىچىك باللاردەك ساندۇققا قاراپ ئېغىزىنى
تامشىتىپ تۇرغان ھالىتىگە قاراپ كۈلگۈسى كېلىپ قالدىيۇ، تېزلا ساندۇقنى ئېچىپ ئۇ
تەرەپكە قارىتىپ كۆرسەتتى:

-مانا قاراڭ خالىغانچە تاللاپ يەڭ. سۈبىنۇر "ھەجەپ ياخشى" دىگىنىچە سانۇق ئىچىدىن
ئۆزى ياخشى كۆردىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ئالغانلىرىغا تېزىشقا باشلىدى: .

- بولدى كاۋىتىڭىزغا ئاپىرىپ ساندۇق بىلەنلا يەڭە دەپ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ
قۇلىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلىدى.
شۇ تاپتا ئۇ تۇلىمۇ خامۇش بۇلۇپ قالغان ئىدى. ساندۇقتىكى تاتلىق تۈرۈم بىلەن قالغان
سۈبىنۇر خالنۇرنىڭ بۇ سۇلغۇن ھالىتىنى سەزمىدى. خالنۇر كارۋىتىدا ياتقاندىن

كيين  خيالى يەنە شۇ ئابلىز تەرەپكە كەتتى. ئۇ قانداق قىلسام بۇ بالىغا ياردەم قىلالامەن دىگەننىلا ئويلايتى .بىراق ئۆزىنىڭ نىمىشقا ھەر دائىم ئابلىزنىلا خيال قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايتى. بۇنى پەقەت ئاددىيلا ھېسداشلىق، كۆڭۈل بۆلۈش دەپلا ئويلايتى. ھەم ئەزەلدىن ئابلىز بىلەن ئۆزىنى بىر ئورۇندا قويۇپ، ئۇنى كيىنكى ھاياتلىق سەپىرىدىكى جۈپتى ھالىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئەگەر بىرەر قېتىم شۇنداق قىلىپ باققان بولسىدى بۇ ئەخمەق قىز ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن بۇ مېيىپ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولاتتى.

ئابلىزنىڭ ئاچىسى ئۇنىڭ ئۆيگە ئەكەلگەندىن كيين ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ قويغاندىن كيين تاماق ئېتىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئابلىز بولسا كارۋىتىدا يېتىپ تىلفۇندىكى خالىنۇرنىڭ سۈرىتىگە قارىدى. ئۇ خيال بىلەن بولۇپ كىتىپ يېزىنىسنىڭ قاچانلاردا قېشىغا كىرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە خالىنۇرنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا قالغان ئىدى. بىر چاغدا ئۇ بىرىسىنىڭ قولىدىكى تىلفۇننى تارتىپلا ئېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپلا بېشىنى كۆتۈردى ۋە بېشىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان يېزىنىسنى كۆردى. ئۇنىڭ يېزىنىسى ئۇنىڭدىن تۆت ياش چوڭ بولۇپ ناھايتى شوق، ھەم ئۇچۇق يىگىت ئىدى. ئۇ ئابلىزنى ئاياللىنىڭ ئىنىسى ئەمەس ئۆزىنىڭ ئىسنى ئورنىدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى . ئاچىسى ھەر قانچە قىلىپ كۆلدۈرەلمىگەن ئابلىزنى شۇ يېزىنىسى كۆلدۈرەلەيتى. ئۆيدە بولسىلا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ، چاقچاقلارنى قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئابلىزمۇ بۇ يېزىنىسگە بەك ئامراق ئىدى.

يېزىنىسى تىلفۇننى قولىغا ئېلىۋالغاندىن كيين سۈرەتنى ئۇنىڭغا كۆرستىپ تۇرۇپ:

- مىنىڭ يۇۋاش ئۇكامنى كۆيدۈرۈۋالغان بۇ قىزچاق كىم بولىدۇ دېدى يېشىقلىق بىلەن .

ئابلىز ئۇنىڭ گېپىدىن خىجىل بولۇپ دەرھال چۈشەندۈرۈشكە ئۆتتى:

- ھىچكىم ئەمەس بۇ دىگەن ئاچامنىڭ تىلفۇنى

- ئەمىسە چىقىپ ئاچاڭدىنلا سوراي ھە ، كىملىكىنى ئۇ دەپ بەرسۇن دەپ ئابلىزنىڭ چاقىرغىغا قارىماي تىلفۇننى كۆتۈرۈپ ئاچىسىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئابلىزنىڭ ئاچىسى ھەدەپ تاماق ئېتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى: .

نۇرنىسا ماۋۇ سۈرەتتىكى كىم قىز؟ سىز بىلەمسىز؟

ئابلىزنىڭ ئاچىسى كەينىدىن چىققان يولدىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال كەينىگە قارىدى ۋە ئۇ كۆرسەتكەن سۈرەتكە يېقىن كىلىپ قاراپ:

- ۋىي بۇ قىز تونۇشلىغۇ، توختاپ تۇرۇڭ ھە ،مەن ئەسلەپ باقاي. ھە توغرا تونۇغۇن كىتاپخانىغا كەلگەن قىز شۇ ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالغان ئىدىم. بىراق بۇ قىزنىڭ سۈرىتى مىنىڭ تىلفۇنۇمدا نىمىش قىلىدۇ دېدى ئابلىزنىڭ ئاچىسى يولدىشىغا سۇئال قويۇپ:

- مەن بىلمىگەچكە سىزدىن سورىغان گەپتە شۇ، قارىسام ئابلىز قاراپ يېتىپ

كتىپتىكەن، شۇڭا سىزنى بىلەرمىكىن دەپ سىزدىن سورىغان
ئابلىزنىڭ ئاچىسى بىر نىمىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ قىلۋاتقان ئىشىنى قويۇپ ئابلىزنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردىم، يولدىشىمۇ ئۇنىڭغا ياندىشىپلا كەينىدىن كىردى:
-ئابلىز بۇ قىزنى تونۇمسەن؟ دەپ سورىدى ئەستايىدىللىق بىلەن.
-ياق تونىمايمەن، كىتاپخانىغا بىر نەچچە قېتىم كەلگەن، دەريا بۇيىدىمۇ بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن شۇ. دېدى ئابلىز ئاچىسىغا قارىماي تۇرۇپ
-بۇ تونۇگۇن مەن ساڭا گېپىنى قىلغان ھېلىقى قىزشۇ، كىتاپخانىغا كېلىپ سىنى سورىغان. مەن سىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئىدىم. بىراق بۇ قىزنىڭ سۈرىتى سەندە نىمە ئىش قىلىدۇ؟
ئابلىز ئاچىسىنىڭ تونۇگۇن سىنى ئىزدەپ كەلگەن قىز شۇ دىگەن گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاچىسىغا قارىدىيۇ ئاچىسىنىڭ سۇئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ئابلىزنىڭ ئاچىسى سورىغان سۇئالىنىڭ جاۋاپسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ بىردە ئابلىزغا بىردە يېنىدا قاراپ تۇرغان ئېرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئېرى ئايالىنىڭ مەڭدەپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاستا تارتقۇشلاپ سىرتقا ئەچىقىپ كەتتى. تونۇگۇن ئاچىسى بىر قىزنىڭ ئۇنى ئىزدىگەنلىكىنى ئىزدىگەندە مىنى ئىزدىگەن كىمدۇ دەپ ئويلىغان بولۇپ ئەمدىلىكتە ئۆزىنى ئىزدىگەن ھەن ئاچىسىنىڭ ئۆزى توغۇرلۇق گېپىنى قىلىپ بەرگەن قىزنىڭ خالىنۇر ئىكەنلىنى بىلدى. دىمەك خالىنۇر ئۇنىڭ نىمىشقا مېيىپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى.ئۇ بۇ قىز ماڭا ھېسداشلىق قىلغاچقا بۇگۇن تەشەببۇسكار بولۇپ ماڭا گەپ قىلىپتىكەندە دەپ ئويلىدى..
ئابلىزنىڭ يېزنىسى ئايالىنى سىرتتىكى ئۆيگە تارتىپ ئېلىپ چىققاندىن كيىن ئۇنىڭغا:
- ئابلىز ئۇ قىزنى ياخشى كۆرىدىغاندەك تۇرىدۇ. سىز ئۇ قىزنى تونىغاندىن كيىن سىز ئارىغا كىرىپ ياردەم قىلىڭ ئەمدى.
-مەن قانداق ياردەم قىلىمەن، ئۇ قىز بىلەن تونۇگۇن بىر قېتىملا پاراڭلاشقان، ئىسمىنى بىلگەندىن باشقا نە تىلفۇن نومۇرى، نە ئۆيىنى بىلمەيدىغان تۇسام.
بولمىسا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەندە دېدى ئابلىزنىڭ ئاچىسى ئېرىگە ئىلاجسىز قىياپەتتە.
-ئىشقىلىپ بۇ ئىش سىزگە كەتتى ئەمسە، ئىنىڭىزنى ساقايسۇن، دائىملا مۇشۇنداق ئولتۇۋەرمىسۇن دىسىڭىز سىز بۇ ئىشتا چوقۇم ياردەم قىلىسىز، سىز قاچان ئۇنىڭ بىرەر قىزغا قارىغىنىنى كۆرگەن. بەلكىم بۇ قىز ئۇنىڭ ھاياتىغا باشقىچە ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بىز داۋالىتىمىز دىسەكمۇ ئۇنىمىدى سىز بىلىسىز. بۇ قىز بەلكىم ئۇنى قايتا داۋالىنىشنى قوبۇل قىلىشقا ياردەم قىلالىشى مۇمكىن..
-بولىدۇ، سىزنىڭ دىگىنىڭىزمۇ ئورۇنلۇق .قېنى مەن ئۇ قىزنىڭ دېرىكىنى قىلىپ كۆرەي .ئەتە ئۆگۈن كىتاپخانىغا كېلىپ قالامدۇ تېخى. بىراق سىزچە ئۇ قىز بىر مېيىپ بالىنى قوبۇل قىلامدۇ؟
- بۇ نىمە دىگىنىڭىز دېدى يولدىشى تىرىكىپ. ئۇ ئۆزى مېيىپ بولمەن دەپ مېيىپ

بۇلۇۋالغانمۇ؟ مېيىپ بولسا سۆيۈش، سۆيۈلۈش ھوقۇقى بولمامدۇ؟ ئابلىزنىڭ پەقەت پۇتىلا مېيىپ باشقا ھەممە يېرى ساق. ئۇنىڭ قەلبى ھەرقانداق ساق ئادەملەرنىڭكىدىنمۇ ساپ ھەم پاك. ئۇ قىز ئابلىزنى ياخشى كۆرسىلا بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا كەمچىلىك بىلىنمەيدۇ، يەنە كېلىپ يا ئۇنىڭ كېسەلى ساقايماس كېسەل بولمىسا. سىز ئاچىسى تۇرۇپ مۇشۇنداق دىسىڭىز بۇلامدۇ؟

- مەن ئۇنى بىر نىمە دىمىدىمغۇ دېدى ئابلىزنىڭ ئاچىسى ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ. ماڭا نىسپەتەن ئەلۋەتتە ئۇكامدىن ياخشى ئادەم يوق .بىراق ھەممىلا ئادەم ئۇنداق قارىمايدۇدە. ئۇنىڭ مېيىپلىقى ھەقىقەتەت، قايسى بىر ئاتا-ئانا ئۆز قىزىنى بىر مېيىپ بالىغا بىرىشنى خالايدۇ. بوپتۇ بىز قىز سوراپ بىراۋنىڭ ئۆيىگە باردۇقمۇ دەيلى ، ناۋادا ئابلىزنى مېيىپكەن دەپ رەت قىلىۋېتىپ قالسا ھەممىدىن بەك ئازار يەيدىغىنى يەنە شۇ ئابلىز بۇلار.

ئابلىز ئىچىدە ئۆيدى ئاچىسى بىلەن يېزىنىسىنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرىنىڭ ھەممىسنى ئاڭلاپ ياتاتتى. گەرچە ئاچىسى دەۋاتقان گەپلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت، ئابلىز يۈزلىنىشكە تىگىشلىك ئىش بولسىمۇ، ئۆزىمۇ كۆڭلىدە ھەممىدىن ئېنىق بىلسىمۇ بىراق گەپلەرنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېغىزىدىن قايتا ئاڭلاپ تېخىمۇ ئازاپلىنىپ كەتتى .

بىر نەچچە كۈن تىپتىنىچلا ئۆتۈپ كەتتى. خالنۇرمۇ ئىدارىگە يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش كېلىدىكەن دىگەن مۇناسىۋەت بىلەن نەچچە كۈن دەريا بۇيىغىمۇ، كىتاپخانىغىمۇ بارمىدى. ئابلىز بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئۇنى مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۆزىنى ئەيىپلەپ يۈردى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۈندە دىگۈدەك دەريا بۇيىغا بېرىشنى ئۇنۇتمىدى، خالنۇرنى قايسى بىر تەرەپلەردىن دەريا بۇيىدكى مەنزىرلەرنى كۆزەتكەن ھالدا كېلىپ قالامكىن دەپ ساقلاپ ئولتۇردى. بىراق ئۇنىڭ كۈتىشى نەتىجسىز چىقتى. ئابلىزنىڭ ئاچىسى نۇرنىسا بولسا خالنۇرنى يەنە كىتاپخانىغا كىلىپ قالامكىن، كېلىپ قالغۇدەك بولسا چۇقۇم ئابلىز توغۇرلۇق ئېغىز ئېچىپ باقىمەن دەپ كۈتۈپ بولتۇردى. بىراق نەچچە كۈنگىچە خالنۇرنىڭ قارىسنى كۆرمىگەندىن كيىن ئېغىر بىر ئۇفسىنىپ قويۇپ خۇددى خالنۇرنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئەملىيەتتە خالنۇرنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بۇلۇپ قالغاندىن سىرىت ئاپىسىنىڭ ئۇرغان بىر قېتىملىق تېلفۇنى ئۇنىڭ خىيالى دۇنياسىدا باشقىچە داۋالغۇش ھاسىل قىلىپ قويغان ئىدى. ئاپىسىنىڭ دىيىشىچە دادىسىنىڭ يېقىن بىر ئەمەلدار تونۇشىنىڭ ئىچكىرىدە ئوقۇپ كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئوغلى خالنۇرغا داستىخان تاشلاپ كىرىپتىمىش. بۇ تويغا قوشۇلسا خالنۇرنى قىيالمايلا ئۆرۈمچىدىكى خالنۇر خالىغان خىزمەت ئورۇنلىرىغا يۆتكەپ قويىشىدا چاتاق يوقمىش، خالنۇرنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ھەم ئۇ يىگىتنىڭ ئاتا- ئانىسى بىلەن كونا تونۇشلاردىن بولغاچقا ھەم خالنۇرنى ئاسانلا يۆتكەپ قويالايدىغان بولغاچقا بۇ تويغا قوشۇلغۇسى باركەن، شۇنداقتىمۇ خالنۇرنىڭ .ئۆزىدىن سوراپ كۆرۈش ئۈچۈن تىلفۇن قىپتىمىش. خالنۇر تىلفۇندا دەماللىققا بىر نىمە دىمىگەن بولسىمۇبىراق تىلفۇنى قويۇپ بۇلۇپ ئويلىنىپ قالدى. بۇ تويىنى رەت قىلاي دىسە رەت قىلغۇدەك سەۋەپ يوق.

ئاتا-ئانىسمۇ ھە ئۇ بالىنى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ماختاپ تۇرىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ يۆتكىلىشىگىمۇ ياردەم قىلالايدىكەن قىسقىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۈمىدى ئۇنى قۇشۇلىسكەن دەيتى. قۇشۇلاي دىسە ئۇ بالىنى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان، ھەم خىزمىتىنى يۆتكىۋېلىش ئۈچۈنلا كۆڭلىمۇ يوق بالا بىلەن توي قىلغۇسى يوق ئىدى. ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ تويدىن بۇرۇن كۆرۈشۈپ باقمايلا توي قىلىپ ھازىرغىچە سەن-پەن دىيىشمەي ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشنىمۇ ئارتۇقچە ئىشتەك ئويلاپ قالدى.
شۇنداقتىمۇ خالنۇر ئەتراپىدىكى ئۇنىڭدىن ئۈمۈت كۈتۈپ يۈرگەن يىگىتلەرنى ئويلاپ چىقتى. ئالى مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ ھازىر ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان قادىر. خالنۇر ئۇنى قانچە تىز خىيالىغا كەلتۈرگەن بولسا غۇنچە تىز چىقىرۋەتتى. چىبكى قادىر مىجەزى ياخشى ، قۇلى ئۇچۇق يىگىت بولغان بىلەن چىرايلىق قىزلارنى كۆرسىلا چاچراپ باققۇسى كىلىدىغان سۇيۇق مىجەزى بار ئىدى .ھازىرقى خىزمەت ئورنىدىكى تۇرغۇن. ئۇ بالىنىڭغۇ چىرايىمۇ مىجەزىمۇ بۇلۇپ قۇيىدۇ، يۈزى تۆۋەن يىگىت بىراق ئەينى چاغدا خالنۇر بۇ يەرگە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەندە ئۈرۈمچىگە كىتىنىشنىڭ خىيالىدىلا يۈرگەچكە بۇ يەرنىڭ يىگىتلىرىنى ئويلاشمىغان، ئەگەر ئۇ تۇرغۇن بىلەن توي قىلسا بۇ يەرگە ئۆزلىشىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ھەم ئاساسلىقى تۇرغۇن ھەممە جەھەتتىن بۇلىدىغان بالا بولغان بىلەن خالنۇردا ئۇنىڭغا نىسپەتەن قىلچە ھېسيات يوق. قىز يىگىتلەر ئايرىم ئولتۇرۇپ قالغاندا ئەگەر قارشى تەرەپكە نىسپەتەن قىزىقىش، ياخشى كۆرۈش دىگەندەكلەر بۇلىدىغان بولسا چۇقۇم جىددىيلىشىپ ئەركىن ئولتۇرالماي قالىدۇ، قەلبى ئۆزىمۇ چۈشىنىپ بۇلالمايدىغان تاتلىق تاۋۇلغۇش ئىچىدە قىلىدۇ،، بۇلۇپمۇ قىزلار شۇنداق .
بىراق خالنۇرغادا تۇرغۇنغا قارىتا زادى بۇنداق ھېسيات بۇلۇپ باقمىغان. قارىغاندا مىجەزى ياخشى دەپلا ياخشى كۆرىدىغان ئىش مەۋجۇت بولمىسا كېرەك.
كونىلارنىڭ "ئىشەككە كۆيسەڭ ئېغىلدا يات" دىگەن گەپ بىكار چىقمىغان زادى. مۇھاببەت، ياخشى كۆرۈش دىگەنلەر ئەنە شۇنداق سەۋەپسىز،شەكىلسىز، تەلەپسىز ھالەتتە پەيدا بولسا ھەقىقى بۇلىدىغان ئوخشايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ شارائىتىنى، پۇلىنى، چىرايىنى ، ياكى مىجەزىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆزلەپلا ياخشى كۆرۈش ھەقىقى مۇھاببەت ئەمەسكەن. ئەگەر بىراۋ يەنە بىرسىنى ھەقىقى ياخشى كۆرگەندە ئۇنىڭ كەمچىلىكى ئارتۇقچىلىق بۇلۇپ كۆرۈنىدىكەن، سەت بولسىمۇ گۈزەل، كېلىشكەن ،يېقىشلىق كۆرۈنىدىكەن، قىسقىسى ئۇ ئادەم قارشى تەرەپكە نىسپەتەن مۇكەممەل كۆرۈنىدىكەن. مانا بۇ ھەقىقى ياخشى كۆرۈشكەن. مانا بۇ مۇھاببەت بۇلىدىكەن. خالنۇر خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى قىلمايلا قويىدى. چۈنكى ئۇنىڭ خاتىرىسىدە، ئۇ تونۇيدىغان يىگىتلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا مۇشۇنداق كەمچىكىمۇ ئارتۇقچىلىق بۇلۇپ كۆرۈنىدىغان يىگىتتىن بىرسى يوق ئىدى.
خالنۇر نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئالدىراش بۇلۇپ كىتىپ دەريا بويىغا بارالمىغىنىنى ئويلاپ بىردىنلا بۇنداق دەريا بويىغا بارغۇسى كېلىپ كەتتى.ئۇ ئىشتىن

چۈشۈش بىلەنلا خۇددى دەريا بويىدا ئۆزىنى كۈتۈۋاتقان بىرى باردەك تېزلىك بىلەن دەريا بويىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يېقىندىن بۇيان ئۆزىنىڭ دەريا بويىغا ئادەتتىن تاشقىرى كۆنۈپ قالغانلىقىنى،دەريا بويىنى خالايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ بىراق ئۆزىنى ھەقىقى قىزىقتۇرۋاتقىنى، سېغىندۇرغىنى دەريا بويىدكى جىمجىتلىقمۇ، ياكى دەريا بويىدىكى گۈزەل مەنزىرلەرمۇ ۋە ياكى دەريا بويىدىكى مېيىپ يىگىت ئابلىزمۇ بۇنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتى. ھەر قېتىم خىيالىغا ئابلىزكىرىپ قالغاندا دىققىتىنى دەرھال باشقا ئىشلارغا چېچىشقا تىرىشاتتى. بىراق ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا ھەر دائىم ئابلىزنىڭ دەريا بويىدىكى ئۇرۇندۇقتا سۇغا قاراپ ئولتۇرغان سۇلغۇن چىرايى كېلىۋالاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدا ئىككى خىل ھېسيات بىرى بىرى بىلەن مۇنازىرە قىلىۋاتاتتى. بىرى دەيتى:

خالنۇر ئازمىغىن، بۇ سەندىكى بۇ مۇھاببەت ئەمەس، پەقەتلا ئىچ ئاغرىتىش، ھېستاشلىق. ئەندى بۇ خىياللىرىڭنى يىغىشتۇر ، ئۆزەڭنى ئوتقا ئىتتەرمە. يەنە بىرى دەيتى:

- خالنۇر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىمىغىن .سەن يۈرىكىڭنى تۇتۇپ كۆر، قاچان ئۇنىڭ مېيىپ تەرىپى سىنىڭ كۆزۈڭگە كۆرۈنۈپ باققان. ھەر قېتىم ئۇنى خىيال قىلغىنىڭدا، ئۇنىڭ كەلگۈسى توغۇرلۇق ئويلانغىنىڭدا يۈرىكىڭنىڭ بىردىنلا تېز سوقۇپ كىتىدىغىنىنى بىلمەمسەن، سەنچە بۇ مۇھاببەت ئەمەسمۇ ؟

بۇنداق چاغلاردا خالنۇرنىڭ قەلبى داۋالغۇش ئىچىدە قالاتتى.. نىمە قىلارنى بىلمەي تىت-تىت بولاتتى.، مۇھاببەت كوچىسىغا تۇنجى قەدەم قويىغان قىزلاردا بولىدىغان ئەنسىرەش ئارىلاشقان بىر خىل نازۇك سىزىم ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالاتتى. خالنۇر بۇ خىياللارنى قىلىپ بولغۇچە دەريا بويىغىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆزى ئولتۇردىغان كونا جايغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە يېقىنلاشقانسىرى ئۆزىچە جىددىيلىشىپ قالدى. ئەنە ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئوخشاش سىما، ئوخشاش بىر خىل قىياپەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرەكلىرى بىردىنلا تېز سوقۇپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت كۆرمىگەچكە جىددىيلىشىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ جايىدا بىردەم تۇرۇپ ئەسلىگە كېلىۋالغاندىن كيىن ئاستا قەدەملەر بىلەن ئابلىزغا قاراپ يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا ئابلىز قاتتىق خىيالغا بېرىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك خالنۇرنىڭ كەلگىنىنى تۇيمىدى. خالنۇر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كيىن ئاستا كېلىپ مۆرىسىنى نۇقۇدى. ئابلىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان خالنۇرنى كۆرۈپ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتىيۇ دەرھاللا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتتى. خالنۇر ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كيىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرسىدا بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. جىمجىتلىقتىن ھەتتا بىر-بىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىغىلى بولغۇدەك ھالەت شەكىللەندى. بۇ جىمجىتلىقتىن خالنۇر جىددىيلىشىپ يۈرەك سوقۇشى يەنە تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئابلىزنى ئۆزىنىڭ يۈرەك تېۋىشىنى ئاڭلاپ خالدىغاندەك خىجىل بولۇپ كەتتى. ئابلىزنىڭ تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى:

سزنىڭمۇ ئىنتىلدىغىنىڭىز كىينىكى ھاياتىڭىزغا ھەققى سايە تاشلاپ تۇرالايدىغان بىرى، سزنى مەلىكىلەردەك ئارزۇلاپ كۈتۈلەيدىغان ، جاپاغا قويىماي باقالايدىغان بىرى ، ھەممە قىزلار ئىنتىلدىغان خىزمىتىنىمۇ ياخشى،ئائىلىسىمۇ ياخشى، ئۆزىمۇ ساغلام قىلىشكەن،ھەر جەھەتتەتىن شارائىتلىرى تۈللۈق بولغان بەرنا يىگىت شۇنداقمۇ ؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سۇئالدىن خالنۇر نىمە دىيىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.

-ئەلۋەتتە شۇنداق بۇلىشى كىرەك، سىزمۇ شۇنداق بەختكە ئىرىششكە لايىق قىز. ئابلىز خالنۇرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۆزىنىڭ سۇئالىغا ئۆزى جاۋاپ بىرۋەتتى.

خالنۇر ئابلىزنىڭ بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندىكى چىراي ئىپادىسىنى ئىنىق كۆردى. ئۇنىڭ قانچىلىك ئازاپ ئىچىدە بۇ گەپلەرنى دەۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چىرايدىن مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بايا نىمشقىمۇ تىزرەك " ياق ئۇنداق ئەمەس، ھەققى مۇھابىبەت ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارتۇقچە، سىزمۇ بەختكە ئىرىششكە تامامەن ھەقلىق "

دىمىگىنگە ئىچىدە مىڭ پۇشايمانلارنى قىلدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرسىدا يەنە جىمجىتلىق شەكىللەندى. خالنۇر بۇ جىمجىتلىقنى گەپ قىلىش ئارقىلىق يوق قىلماقچى بولدىيۇ بىراق ئابلىزنىڭ ھازىرلا يىغلىۋىتىدىغاندەك تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئۆزىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ قۇيۇپ ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئىش قىلىپ قۇيۇشدىن ئەنسىرەپ جىم ئولتۇردى. دىمىسىمۇ ئابلىز نىڭ ھازىرقى كەيپىياتىغا بىر نىمە توغرا كەلمەيتى .ھىلىقى كۈنى ئاچىسى بىلەن يىزىنىسىنىڭ گىپىنى ئاڭلىغانتىن كىين ھەم نەچچە كۈندىن بۇيان خالنۇرنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەندىن كىين ھەممىنى ئۆزىگە ئىلىپ ئىچىگە ئىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار بىر سائەتچە شۇنداق گەپ قىلىشماي جىم ئولتۇردى. ئەملىيەتتە ئابلىزنىڭ بايا شۇ گەپنى قىلىپ بۇلۇپلا كەتكۈسى با ر ئىدى. بىراق ئامالسىز ئىدى، ئولتۇرماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئۆزى سۆيگەن قىزنىڭ ئالدىدا قىينىلىپ ماڭغان ھالىتىنى كۆرسەتككۈسى ، يىقىلغان ھالىتىنى كۆرستىپ تىخىمۇ بىچارە كۆرۈنگىسى ،ھىستاشلىقىغا ئىرىشكۈسى يوق ئىدى،. مانا ئابلىزنىڭ ئاچىسمۇ كەلدى. ئىئۇ ئابلىز بىلەن خالنۇرنىڭ بىللە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ خۇشال بۇلۇپ كەتتىيۇ بىراق ئىنىسىنىڭ چىرايدىكى ئازاپنى كۆرۈپ ئىشنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى ھىس قىلىپ چىرايدىكى كۈلگە دەرھال غايىپ بولدى. ئۇ خالنۇر بىلەن قىسقىغىنا ئەھۋال سوراشقاندىن كىين ئابلىزنى يۆلەپ ئۆزى بىللە ئىلىپ كەلگەن چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى ۋە خالنۇر بىلەن خوشلىشىپ مىڭىشقا تەمشىلىپراق يەنە يەنە خالنۇرنىڭ قىشىغا كەلدى:

- تىلفۇن نۇمۇرىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، بىرەر كۈنى كۆرۈشۈپ پاراڭلاشساق.

-بۇلىدۇ. خالنۇر شۇندەق دەپ تىلفۇن نۇمۇرىنى ئابلىزنىڭ ئاچىسغا دەپ بەردى.

ئابلىزنىڭ ئاچىسى خالنۇرغا يەنە بىر نىملەرنى دىمەكچى بۇلۇپ ئىزىغىنىنى ئۆمەللىدىيۇ توختاپ قالدى ۋە خالنۇر بىلەن خوشلىشىپ ئابلىزنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتەرگىنىچە كىتىپ قالدى. خالنۇر ئابلىزنىڭ ۋە ئاچىسىنىڭ بارغانسىرى يىراقلىشۋاتقان سىمايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئابلىزنىڭ بايا ئۇنىڭغا دىگەن گىپى ئۇنىڭغا تەسىر قىلۋاتتاتتى. ئۇ بايام تۇيۇقسىز سورالغان سۇئال بولغاچقا نىمە دىيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان بولسا

ئەمدىلىكتە ئابلىزنىڭ ئۇ گەپنى نېمىشقا دېگەنلىكىنى، نېمە مەقسەتتە قانداق كەيپىياتتە دېگەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى، چۈشىنىپ يېتىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە ئابلىز بۇ گەپنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى بەختىكە ئېرىشىش ھوقوقى يوق ھېساپلاپ دېگەن ئىدى. خالىنۇر ئابلىزنىڭ ھازىر قانچىلىك ئازاپلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يىغلىۋېتىشكە ئازانلا قالدى.ئۇنىڭچە ھازىر ئابلىزنىڭ ئازابىغا ھېچنىمە توغرا كەلمەيتى. ئۇنىڭمۇ ئابلىزنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتقۇسى، ئۇنىڭ ھالىغا يەتكۈسى، قۇلىدىن كېلىدىغانلا بولسا ئۇنى بەختىلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگۈسى كەلدى. ئەخمەق قىز ئۆزى ھېس قىلمىغان بىلەن ھازىر ئۇنىڭ ئابلىزنى شۇنداق ئويلىشى، ئۇنىڭ قايغۇسىنى بىللە تارتىشنى ئويلىشى، ئازابىغا تەڭ شېرىك بولۇشنى ئويلىشى، ئۇنىڭ بەختىلىك قىلىشنى ئويلىشى مۇھابىبەتتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئابلىز ئۈچۈن كۆيۈۋاتقانلىقىندىن دېرەك بېرەتتى.. خالىنۇر خېلى ئۇزۇنغىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن بەدىنىگە بىرى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ قالغان ئىدى .

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن راس دېگەندەك خالىنۇرغا ناتونۇش بىر نومۇردىن تېلفون كەلدى. خالىنۇر ئانچە ئېرەڭشىمگەن ھالدا تېلفوننى ئالدى:

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. مەن ئابلىزنىڭ ئاچىسى بولىمەن، ئېسىڭىزدىمۇ؟. خالىنۇر دەرھاللا ھېلىقى كۈنى ئابلىزنىڭ ئاچىسغا تېلفون نومۇرىنى دەپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى ۋە:

- ئەلۋەتتە ئېسىمدە، تېچلىق تۇرۇپسىز ئاچا.

- تېچلىق، ئۆزىڭىزچۇ، ھازىر ئالدىراشمۇ سىز؟

- ياق، ئالدىراش ئەمەس، سەل تۇرۇپلا ئىشتىن چۈشمەن دېدى خالىنۇر سائىتىگە بىر قارىۋېتىپ.

- ئۇنداق بولسا سەل تۇرۇپ كۆرۈشەمدۇق، سىزگە دەيدىغان گەپمۇ بار ئىدى.

- بولىدۇ دېدى خالىنۇر سەل ئەجەپلىنىش ھېس قىلغان بولسىمۇ.ئۇنداقتا نەدە كۆرىشىمىز؟

- مەن ھازىر سىزنىڭ ئىدارىڭىزنىڭ ئالدىدا. خالىنۇر ئابلىزنىڭ ئاچىسىنىڭ مىنى ئىدارە ئالدىغا ئىزدەپ كەلگۈدەك دەيدىغان نېمە مۇھىم گېپى بار بولغىيتي دەپ ئويلىدىيۇ بۇنى ئابلىزنىڭ ئاچىسىدىن سوراپ كۆرۈشنى لايىق كۆرمەي:

- بولىدۇ ئەمسە مىنى 10 مىنۇتلا ساقلاپ تۇرۇڭ . مەن ھازىرلا پەسكە چۈشەي.

خالىنۇر شۇنداق دەپ ئابلىزنىڭ ئاچىسى بىلەن خوشلىشىپ تىلفۇننى قويدى ۋە بىر نەرسىلىرنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىدىكى كومپيۇتۇرنى ئەتتى، ئاندىن ئالدى تەرەپتە ئۆزىگە ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرۇپ ئىشلەۋاتقان سۆبىنۇرغا قاراپ:

- ھەي سۆبى، مىنىڭ ئازراش ئىشىم چىقىپ قالدى، بەرىبىر ئىشتىن چۈشىدىغانغا يېرىم سائەتمۇ قالماپتۇ. بۆلۈم باشلىقى سوراپ قالسا بىر نېمە دەپ قۇيارسىز ھە. ئۇ شۇنداق دەپ

سۈبنۇرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سومكىسنى ئېسىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.ئۇ ئىدارىدىن چىقىپ دەرۋازا ئالدىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئابلىزنىڭ ئاچىسىنى كۆردى ۋە ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى:

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم نۇرنىسا ئاچا، سىزنى ئۆزۈن ساقلىتۋەتمىگەندىمەن دېيدى ئۇ ئابلىزنىڭ ئاچىسىغا قولىنى ئۇزاتقاچ.
- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياقەي ئۆزۈن ساقلىمىدىڭىز، مەنمۇ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپلا تىلفۇن قىلغان ئىدىم، سىزنى ئىشىڭىزدىن قويمىغاندىمەن ھە. ئۇلار شۇنداق دىيىشكەچ ئىگەك يېقىشىپ كۆرۈشكەچ.
- ياقەي، مەنمۇ ئىشتىن چەشەي دەپ تۇرغان ئىدىم.
-ئۇنداق بولسا بىرەر يەرگە كىرىپ كەچلىك تاماق يىگەچ پاراڭلىشامدۇق.
- بۇلىدۇ .
- جۇرۇڭ ئەمسە، ئاۋۇ مەكتەپ ئالدىدىكى تـۆت دوخمۇشتىلا ئەردەۋىل دەپ بىر تىز تاماقخانا بار. تامىقىمۇ بەك ياخشى، مۇھىتىمۇ پاكىز، شۇ يەرگىلا بارايلى.

ئۇلار يولدا ماڭغىچە تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ مېڭىشتى. خالنۇر ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئابلىزنىڭ ئاچىسىنىڭ ئۆزىگە نىمە دىمەكچى بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئازراق جىددىيلىشىپ قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھايال ئۆتمەيلا تىز تاماقخانىغا يېتىپ كىلىشتى ۋە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مېڭىپ تاماقخانىغا كىرىشتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىغا يەنە ئازراق ۋاقىت بولغاچقىمىكىن تاماقخانا ئىچىدە ئادەم ئاز ئىدى. ئۇلار چەتتىكى خالىيراق بىر ئۇرۇننى تېپىپ ئولتۇرۇشتى ۋە ئارقىدىنلا يىتىپ كەلگەن كۈتكۈچى قىزغا تاماق بۇيرۇتتى.خالنۇر تاماقخانىغا كېلىپمۇ خېلىغىچە گەپنى باشلىماي ئولتۇرغان ئابلىزنىڭ ئاچىسىغا پات-پات قاراپ قۇياتتى .نۇرنىسا گەرچە جالنۇرغا ئىنىسى ئۈچۈن گەپ تەشكىلى كەلگەن بولسىمۇ ئەمدىلىكتە كۆرۈشۈپ بولغاندا ئۇنىڭغا گەپنى نەدىن باشلاغنى، قايسى ئۇسۇل بىلەن دىيىشنى بىلەلمەي ئىچى تىتىلداپ تۇراتتى. خالنۇر ئابلىزنىڭ ئاچىسىنىڭ گەپ قىلماي چايلا ئىچىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغان پىيالىسگە چاي قۇيۇپ بەرگەندىن كيىن:

- نۇرنىسا ئاچا، قېنى گەپ بولسا تارتىنماي دەۋىرىڭ، ماڭا دەيدىغان زادى نىمە گەپ بار ئىدى. نۇرنىسا ئەمدى دىمىسە بولمايدىغان يەرگە يەتكىنىنى ھېس قىلىپ بولدىلا گەپنى ئۇچۇق دەۋەرمەيمۇ، بەك بولسا رەت قىلار دىگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ:
- ئۇنداق بولسا گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەي گەپنىڭ ئۇچۇقىنى دەۋىرەي سىڭلىم. مەن سىزگە ئىنىم ئابلىز ئۈچۈن ئەلچى بۇلۇپ كەلدىم.

خالنۇر ئۆزى تەسسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەن بۇگەپتىن ھەم ھەيرانلىق ھەم تاساددىبىيلىق ھېس قىلىپ نىمە دىيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. نۇرنىسا خالنۇرنىڭ بىر نىمە نىمەي جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ گىپىنى داۋاپ قىلدى:
- سىزنىڭ ناھايىتى ياخشى بىر قىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. بۇنداق دىسەم ياخشى قىز

بالا بولسلا مېيىپ ئىنىسنى تاشلامدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ. مىنىڭ بۇ گەپنى سىزگە دېيىشىمدە ئاساسلىق تۆرتىنچىك رول ئوينىغىنى شۇ ئابلىز. ئۇ سىزنى خېلى بۇرۇندىن تارتىپ ياخشى كۆرىدۇ، سىز بۇنى بىلمەيسىز ھەقچان.

خالنۇر نۇرنىسانىڭ ئىنىم سىزنى خېلىدىن بېرى ياخشى كۆرىدۇ دېگىنىنى ئاڭلاپ بايام ھەيرانلىق ئىچىدە قالغان كۆڭلى قايتىدىن داۋالغۇشقا چۈشۈپ ئابلىزنىڭ ئاچىسىغا بۇ راستىمۇ دېگەن نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

- ئۇ ماڭا گېپىنى دېمىگەن بىلەن مەن ئۇنىڭ ئاچىسى .ئۇ كۆڭلىدە نىمىنى ئويلايدۇ، نىمە ئىشلارنى قىلغۇسى بار بۇلارنى ھېس قىلالايمەن .ئۇ ئەزەلدىن بىرەر قىزغا باشقىچە نىيەتتە بولۇپ باقمىغان، بۇ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ قىز بالىغا قىزىقىپ قېلىشى. مەن ئۇنى بۇ ئارزۇسىغا يەتكۈزسەم دەپ ئويلايمەن. ھېلىمۇ ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ باشقا بالىلار ئىرىشككە تېگىشلىك بولغان نۇرغۇنلىغان نەرسىلەردىن قۇرۇق قالدى .ئۇ مىنىڭ سىزگە بۇ گەپلەرنى دەيدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ، ئەگەر بىلسە ھەرگىز مىنىڭ دېيىشىمگە يول قويمايدۇ. چۈنكى ئۇ مېيىپ ، ئۆزىنى توي قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس، قارشى تەرەپكە ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالمەن دەپ قارايدۇ، مىنىڭچە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمگە تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا دېمەيلا سىزنى ئىزدەپ كەلدىم. چۈنكى بۇ ئىشتا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھىم ئادەم سىز. سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ بېقىپ ئاندىن ئۇنىڭغا دېيىش دېمەسلىكنى ئويلىشىمەن. ناۋادا رەت قىلىپ قالسىڭىز بۇ ئىشنى مەنلا بىلىپ قالىمەن، ئۇنىڭغا رەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېخىمۇ تۆگەشرۈرۈەتكۈم يوق.

خالنۇر ئابلىزنىڭ ئاچىسىنىڭ دېگەنلىرىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى .ئۆزىنىڭ ئابلىزغا بولغا كۆڭلىنى دەڭسەپ كۆردى. ياخشى كۆرىمەنمىكىن دەي دېسە ئەسلى ياخشى كۆرمەيمەنمىكىن دەي دېسە ئەسلى. ئۆز كۆڭلىنى ئانچە بىلەلمەي قالدى. ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئاتا-ئانىسى بىر مېيىپ بالىغا ئۇنى بېرىشنى خالىمايدىغانلىقى ئايان ئىدى. بىراق نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئابلىز توغۇرلۇق ئويلىغان خىياللىرىمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتۋاتاتتى. چۈنكى تېخى قايسى كۈنىلا ئۇ ئابلىزنى بەختلىك قىلىشنى، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىشنى، ياردەم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئەجىبا شۇ خىياللىرى پەقەت ھېسداشلىق يۈزىسىدىنلا كەلگەنمىدۇ؟ خالنۇر ئۆز خىياللىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئابلىزنىڭ ئاچىسى بىلەن كارى بولماي قالغىنىنى ھېس قىلىپ تېزدىن خىياللىرىنى يىغىشتۇردى ۋە ئابلىزنىڭ ئاچىسىدىن سورىدى:

- ئابلىز راسلا مىنى ياخشى كۆرەمدىكەن؟

- شۇنداق. ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغىنى ئېنىق. نۇرنىسا خالنۇرنىڭ ئىككىلىنىپ قالغاندەك تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

- بۇرۇن مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە يېپىدىن-يىڭنىسىگىچە تەپسىلى دەپ بەرگەن. مېدىسسىنانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىدا ئۇنىڭ ساقىيىپ كېتىشىدە ئۈمۈت چوڭ. پەقەت ئۇ ئۆزىلا داۋالىنىشنى خالىماي كەلدى . بولمىسا مەن ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغۇرلۇق بىر دوختۇر تونۇشۇمدىن سورىغاندا ئۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆرۈمچىدىكى

مۇشۇ كېسەللىكلەر بۇيىچە مۇتەخەسسىس بىرسىگە دەپ باقدىغانلىقنى ئېيتقان ئىدى، كېيىن جاۋابىمۇ كەپتىكەن. ئۇ مۇتەخەسسىنىڭ دېيىشىچە بۇ كېسەلنىڭ ساقىيىش نىسپىتى ھازىر خېلى چوڭكەن. مەن سىزنى چۇقۇم ماقۇل دەپ دىمەيمەن. چۈنكى بۇ ئىشتا سىزنىڭ ھېسىياتىڭىزنى ئويلاشمىساقمۇ بولمايدۇ. ئۇ سىزنى ياخشى كۆرگەن بىلەن سىز ياخشى كۆرمىسىڭىز بىكار. بىراق ئۇنى داۋالىنىشنى قۇبۇل قىلىشقا سىز ماقۇل كەلتۈرەلىشىڭىز مۇمكىن .

- مەن ئۇنى قانداق ماقۇل كەلتۈرەمەن، تېخى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ پاراڭلىشىپمۇ باقمىغان تۇرسام، سىزچە ئۇ مىنىڭ گېپىمگە كىرەمۇ ؟

- چۇقۇم كىرىدۇ، مەن ماقۇل كەلتۈرەلەيدىغان ئىش بولسا بۇ ئىشتا ھەرگىز سىزنى ئاۋارە قىلمايتىم .

- بولدۇ دېدى خفلنۇر قەتئىي تەلەپپۇزدا. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ ئابلىزغا ياردەم قىلغۇسى بار تۇسا، ئاۋال ئۇنى داۋالىنىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپ قالغان گەپنى كىيىن دېيىشمەمدىم.

- مەن كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ باقاي. بىراق ئالدىنقى تەلپىڭىز بەك تۇيۇقسىز بولۇپ قالدى. ئۇنى ئويلىنىپ كۆرەي. مىنىڭچە بۇ مەن ماقۇل ياكى ياق دېيەلەيدىغان مەنسىلە ئەمەستەك قىلىدۇ. چۈنكى مىنىمۇ بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانام بار، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىشىم كېرەك.

- ئەلۋەتتە بولىدۇ دېدى ئابلىزنىڭ ئاچىسى خۇشال بولۇپ. مەنمۇ سىزنىڭ ھازىرلا جاۋاپ بېرىشىڭىزنى كۈتمەيمەن.بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك. سىزنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا قوشۇلغانلىقىڭىزلا يېتەرلىك بولدى.

- ئۇنداق بولسا ئەتىدىن باشلاپ ئۇنى كۆندە دەريا بويىغا ئەچىقىپ قويۇڭ لىكىن قايتىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا چاقىلىق ئورۇندۇقنى بىللە ئېلىپ كەتمەڭ، ئۇ ئىمى ئېلىپ كەت دەپ تىلفۇن قىلغاندىمۇ تىلفۇننى ئالماڭ. باشقا ئىششىنى ماڭا قويۇپ بىرىڭ.

- بولدۇ، دىگىنىڭىزدەك بولسۇن.

خالنۇر ئابلىزنىڭ ئاچىسى بىلەن تاماق يىگەچ خېلى بىر ۋاقلارغىچە پاراڭلاشقاندىن خوشلىشىپ ياتاققا قايتتى. ئۇ ياتاققا قايتىپ ئابلىزنىڭ ئاچىسىنىڭ دىگەنلىرىنى خېلى بىر ۋاقلارغىچە ئويلاپ چىقىپ ھېلىقى كۆنى دەريا بويىدا ئابلىزنىڭ نىمشقا ئۆزىگە شۇنداق گەپلەرنى دىگەنلىكىنىڭ تىگىگە يەتكەندەك بولدى.

خالنۇر كېچىچە ئابلىزنىڭ ئاچىسىنىڭ دىگەنلىرىنى، ئابلىزنىڭ ھېلىقى كۆنى دەريا بويىدا ئۇنىڭغا دىگەنلىرىنى نەچچە قېتىم ئويلاپ چىقىپ ئابلىزنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆردىغانلىقىغا ئاز تولا ئىشىنىپمۇ قالدى. ئابلىزنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆردىغنى ئويلىغاندا باشقىچە خۇشال بولاتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئابلىزنىڭ ئاچىسىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە ئابلىزغا قايسى ئۇسۇل بىلەن يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ بىلەن دوس بولۇش ۋە ئۇنىڭ داۋالىنىشقا قانداق ماقلۇل دىگۈزۈش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى. ئابلىزنىڭ كۆڭلىنى قۇبۇل قىلىش قىلماسلىقنى بولسا ئاۋال ئۇ ساقايغاندىن كىيىن ھېچبولمىسا داۋالىنىشنى قۇبۇل قىلىشقا قوشۇلغاندىن كىيىن ئاندىن بىر نىمە دېيىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئۇ ئابلىزنىڭ

ئاچىسىغا دىگەندەك بۇ ئىشتا ئۆزى قارار چىقىرالمايتى .ئابلىز خىزمىتى يوق بولسۇن، كەمبىغەل بولسۇن بۇ مۇھىم ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە ئاتا-ئانىسى قۇبۇل قىلالايدۇ. بىراق ئۇ ماڭالمايدىغان بىر مىيىپ بالىنى بۇ مەن توي قىلدىغان بالا دەپ ئاتا-ئانىسىغا دىسە ئۇلارنىڭ سەكرەپ قوپىشى ئېنىقلا ئىش ئىدى. شۇڭا خالنۇرمۇ ھازىر ئابلىزنىڭ ئاچىسىغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قويۇپ كىيىن ئاتا-ئانىسىنىڭ قارشى تۇرۇشى سەۋەپلىك ئابلىزنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشنى خالىمايتى، ئۇنىڭ بۆگۈن ئابلىزنىڭ ئاچىسىغا جاۋاپ بەرمىگىنىگىمۇ ئاساسلىقى مۇشۇ مەسىلە ئاساسى سەۋەپ بولۇپ قالغان ئىدى. چۈنكى خالىنمۇر ئاتا-ئانىسىنىمۇ ،ئابلىزنىمۇ ئۇمۇتسىزلەندۈرۈپ قويۇشنى خالىمايتى .

ئەتىسى خالنۇر ئورنىدىن ۋاقچىراق تۇردى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا سائەت 10لار بولۇپ قالغان بولۇپ سۈبنۇر ياتاقتا يوق ئىدى. مىنى ئويغىتىپمۇ قويماي نەگگ كەتكەندۇ بۇ جىنتەك دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ قويدى ئۇ. ئۇ ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ تۇرىشىغا سۈبنۇر قولىدا بىر نىمىلەرنى كۆتەرگىنىچە كىرىپ كەلدى:.

- ئەتىگەنلىك تاماي ئېلىپ كىردىم ،يەۋالاملا مەلىكە ئايىم دېدى سۈبنۇر قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۈستەلگە تىزغاچ چاقچاق ئارىلاش.

- نەدىكى ئەتىگەنلىك تاماقكەن ئۇ، ھازىر سائەت 10 بولۇپ كەتكەن تۇرسا، ئۆزلىرىگە ئەمدى ئەتىگەن بولغان ئوخشىمامدۇ دېدى خالنۇر ئۇنىڭ چاقچىقىغا جاۋابەن. ئۇلار شۇنداق چاقچاقلاشقاچ سۈبنىر ئەكەلگەن نەرسىلەرنى يىيىشكە باشلىدى

- بۆگۈن، ئارام ئېلىش نىمە ئىش قىلساق بولار دېدى سۈبنۇر.

- سىزنىڭ نىمە ئىش قىلغۇڭىز بار؟

- ئەمدى ئاران كەلگەن ئارام ئېلىش كۈننى مەنىلىك ئۆتكۈزەرمىز؟ سىز يەنە كىتاپخانىغا بارىمىز دىمەيدىغان سىز ھە.. مەن كىتاپخانىغا بارمايمەن جۇمۇ، مىنىڭ كىتاپ ئوقۇشقا ئۆچلىكىمنى بىلىسىز.

- ئۇنىڭسىزمۇ مەن شۇنى دەي دەپ تۇرغان، مەن بۆگۈن دەل كىتاپخانىغا بارماقچى، قىلدىغان مۇھىم ئىشىم بار.

- نىمە ؟ كىتاپخانىدا سىزنىڭ نىمە مۇھىم ئىشىڭىز بولماقچى، ئەجىبا...؟ سۈبنۇر شۇنداق دەپ خالنۇرغا مەنىلىك تىكىلدى.

- قانداق ئويلىسىڭىز ئىختىيار، مەن دىيىشكە تىگىشلىك گەپلەرنى سىزگە دەپ بەردىم دېدى خالنۇر گەپ ئەگىتىپ يۈرمەي.

- مەن تېخى بىر نىمە دىمىدىمغۇ، قانداق ئويلىسام بولىۋىرەمدۇ، ماقۇل ئۇنداق بولسا ئويلىغىم كەلگەنچە ئويلاۋىرەي ھە. سىز شۇ ئابلىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بارماقچىغۇ ھە،، يەنە ئويلاپ ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەپ تاپالمىدىم جۇمۇ مەن، سىزنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بۇرۇنلا بىلگەن، پەقەت سىز ئېتىراپ قىلمىدىڭىز خالاس.

- بۇ گېپىڭىزنى خاتا، ياكى توغرا دەپ بىر نىمە دىمەيمەن، چۈنكى ھازىر مىنىڭ كۆڭلۈم قانداق، ئۇنى ياخشى كۆرەمدىم كۆرمەمدىم ئۆزەممۇ ئېنىق بىلمەيمەن. سىزمۇ بىلىسىز مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن تارتىپ ئىزچىل ئۆرۈمچىگە يۆتكىلىپ كىتىشنىڭ

كۆيدىلا يۈردۈم. بۇ مىنىڭلا ئەمەس بەلكى ئاتا-ئانامنىڭمۇ خىيالى. ئەمدىلىكتە مەن ئۇلارغا مەن كەتمەيمەن، بۇ يەردە قالىمەن، سەۋەبى مەن ماڭالمايدىغان بىر مېيىپ بالىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دىگەننى ئېغىزىمدىن چىقىرالمايمەن. ئۇنداق دىسەم ئاپام جايىدىلا ھۇشىدىن كىتىشى تۇرغانلا گەپ. ئاتا-ئانام گەرچە مېيىپلارنى تۆۋەن كۆرمىسىمۇ بىراق ئۆز پەرزەنتىنىڭ بىر مېيىپ ئادەم بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىشىنى ھەرگىز قوللىمايدۇ.مىنىڭچە بۇنى مىنىڭ ئاتا-ئانامىلا ئەمەس ھەر قانداق ئاتا-ئانا ئالدىراپ قوبۇل قىلالمايدۇ. بولمىسا مىنىڭ ئاتا-ئانامۇ ئۇنداق ناچار ئادەملەردىن ئەمەس، بۇلۇپمۇ ئاپام بەك ئاقكۆڭۈل .بىرەر يېرى ئاجىز ئادەملەرنى كۆرسە ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ كىتىدىغانلاردىن. شۇڭا مەن ئۇزەمنىلا ئويلىسام بولمايدۇ. ھەممىدىن ئاۋال مىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانامنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشىم كېرەك. شۇڭا مەن ئاۋال ئابلىز بىلەن دوس بۇلۇپ كۆرمەكچى، ئۇنىڭ داۋالىتىشىنىڭ ئامالىنى قىلىپ كۆرمەكچى. مىنىڭ دادامنىڭ ئىنىسى تىببى ئونىۋېرسىتىت دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ دىگىنىم ئىسىڭىزدىمۇ ؟ مەن ئاۋال ئابلىزنى بىر تەكشۈرتىشكە كۆندۈرۈپ ئاندىن مۇمكىن بولسا ئۇرۇمچىگە ئۇزەم ئاپارماقچى. لىكىن بۇ پەقەت خىيالىم جۇمۇ ، ھازىرچە بىلىپ قالسىڭىزلا بولدى.

- ۋاي مۇنداق پىلانلىرىڭىزمۇ بار دەڭ دېدى سۇبىنۇر سەل ھەيران بولغان قىياپەتتە. ئىشقىلىپ مەن نىمىلا قىلسىڭىز قوللايمەن جۇمۇ، بۇمۇ ھەم بىر ياخشى ئىشكەن. سىلەر كىينچە بىرگە بۇلامسىلەر بولمامسىلەر بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، مىنىڭچە شۇ بالا ئاللاھ شىپالىق بىرىپ ساقىيىپ كەتسە بۇلاتتى.

- ماڭا مۇشۇ گېپىڭىزلا كۇپايە. ئۇنداق بولسا مىنى ئۆيۈڭغا چىللىماي ئۇزىڭىز بىرىپ ئويناپ كىلىڭ. مەن بۇگۈندىن باشلاپ جەڭگە تەييارلىق قىلاي.

- جەڭگە دەپ كەتكىنىنى دېدى سۇبىنۇر پىخىلداپ كۈلۈپ. قېنى قۇلىڭىزدىكى قوراللىرىڭىز، جەڭگىمۇ مۇشۇنداق قۇرۇق قول ماڭغان بارمۇ ؟

- ۋاي مىڭە ئادەم زاڭلىق قىلماي. بۇ پەقەت بىر ئوخشىتىش خالاس، ئەمدى راس قورال چىقار دەپ تۇرۇۋالسىڭىز قورالىم مانا بۇ يەردە. خالنۇر شۇنداق دەپ يۈرىكىنى تۇتتى. ئۇنىڭدەك دىلى سۇنۇق ئادەمگە پەقەت چىن كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ غەمخورلۇق قىلسام، كۆڭۈل بۆلسەملا كۇپايە، ئۇنىڭدىن باشقىسى ئەسقاتمايدۇ.

- ئۇغۇ شۇنداق. قېنى تىرىشىپ كۆرۈڭ. مەن قىلغۇدەك ياردەم بولسا ھايىت دەۋەتەرسىز ھە.

- بۇلىدۇ چاتاق يوق. ئەمسە تاماقنى تىزراق يەپ تىزراق ئىشىمىزغا ماڭايلى ،ئەمدى ئەتىگەنلىكنى يەپ بولغۇچە چۈش بۇلۇپ كەتمىسۇن.

ئۇ ئىككىسى شۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئەتىگەنلىكنى يىيىشتى. تاماقتىن كىين خالنۇر كىتاپخانىغا ماڭدى، سۇبىنۇر بولسا ياتاقنى يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كىين ئاندىن سىرتقا چىقىدىغان بۇلۇپ ياتاقتا قالدى.

خالنۇر كىتاپخانىغا كەلگەندە كىتاپخانىدا ئابلىزنىڭ ئاچىسى يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ خالنۇرنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى:.

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خۇشكەپسىز خالنۇر

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاچا، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرۇپسىز، ئابلىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

- ھە ، بايا ئۇنىڭغا تاماق ئېتىپ بېرىپ بولۇپ ئۆيدە قۇيۇپ قىيۇپ چىققان ئىدىم.

- ھە .دېدى خالنۇر ئۇنى ئەچقامسىز دىگەن گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالماي كىتاپخانا ئېچىگە تەپسىلى قاراپ. نۇرنىسا خالنۇرنىڭ كىتاپخانىغا بىر نەرسە ئىزدىگەندەك قارىغىنىنى كۆرۈپ بىر نىمىنى چۈشەنگەندەك بولدى ۋە خالنۇرغا قاراپ:

- كىتاپخانىدا جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرامسىز مەن ئۆيگە بېرىپلا كېلەي، ئۇن مىنۇت ئېچىدىلا كېلىپ بولىمەن.

- بولىدۇ، بېرىۋېرىڭ. كىتاپخانىغا مەن قاراپ تۇراي دېدى خالنۇر جاۋابەن

ئابلىزنىڭ ئاچىسى خالنۇرنى كىتاپخانىدا قۇيۇپ قۇيۇپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى. ئابلىزنىڭ ئاچىسى چىقىپ كەتكەندىن كىيىن خالنۇر سومكىسىنى پوكەيدە قۇيۇپ قۇيۇپ كىتاپخانا ئىچىنى ئەركىن كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ كىتاپخانىدىكى ھەر بىر يەرگە ئابلىزنىڭ قولى تەگكەن ،ئۇنىڭ ئىزى بار ئىدى. ئۇ كىتاپخانا .ىچىنى بىر قۇر كۆرگەندىن كىيىن ئۆرۈندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆرۈندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆزىچە بۇرۇن كىتاپخانىغا كەلگەندە ئابلىزنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغىنىنى ئەسكە ئېلىپ باشقىچە ئىللىقلىق ھېس قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئابلىزنى چۈشەنگۈسى بار ئىدى، ئۇنىڭ نىمىلەرنى ئويلايدىغىنىنى، قانداق قىزىقىشى بارلىقىنى ھەممە تەرەپلىرىنى، بىلگۈسى، چۈشەنگۈسى بار ئىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن قاچۇرۇپ يۈرسە، پاراڭلىشىشنى خالىمىسا ئۇنىڭ بۇ خىيالى خىيال پېتىچە قېلىۋېرەتتى. خالنۇر مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ ئابلىزنى ئۆزىدىن تولىمۇ يىراقتىدەك ھېس قىلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىرادىسىدىن يېنىپ قالمايتى. ئەكسىچە ئابلىزنىڭ شۇ غەمكىن تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا بۇ خىل ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىيتى. ئابلىزنىڭ ئاچىسىنىڭ ئابلىزنى چاقىلىق ئۆرۈندۇقتا ئىتتىرىپ كىرىشى بىلەن تەڭ خالنۇرنىڭ خىياللىرى جايىدا توختاپ قالدى .ئابلىز خالنۇرنىڭ كىتاپخانىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەم چۆچۈش ھەم ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاچىسىغا تىكىلدىيۇ دەرھال بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك جىددىيلىشىپ كەتتى. خالنۇر بايا ئابلىزنىڭ ئاچىسىنىڭ ئالدىراش چىقىپ كەتكىنىدىنلا ئۇنىڭ ئابلىزنى ئەكىلىش ئۈچۈن كەتكىنىنى پەرەز قىلىغاچقا بۇرۇنقىدەك بەك جىددىيلىشمۇ كەتمىدى ئەكسىچە ئابلىز ئالدىدا تولىمۇ سالماق، تەمكىن قىياپەتكە كىرىۋالدى:

- ئەمىسە سىلەر ئايلىنىپ كېلىڭلار، مەن كىتاپخانىغا قارىمىسام بولمايدۇ. خالنۇر ئابلىزنى ياخشىراق ئايلاندۇرۇپ قۇيۇڭ ھە، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مىنىڭ ۋاقتىم يەتمىگەچ ئۇ ئۆيدىلا ئولتۇرۇپ بەك زىرىكىپ كەتتى ھەقچان.

ئابلىز ئاچىسى بىلەن خالنۇرنىڭ تۇيۇقسىز بۇنچە يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ھەم ئاچىسىنىڭ ئۆزىنى خالنۇرغا تاپشۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئەمدى ئاچىسىغا بىر نىمە دەي دەپ ئويلاپ بولغۇچە خالنۇر كېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن چاقىلىق ئۆرۈندۇقنى ئىتتىرىپ سىرتىغا قاراپ ئىتتەرگەچ ئابلىزنىڭ ئاچىسىغا قاراپ:

- خاتىرجەم بولۇڭ ئاچا، ئۇنىڭغا چوقۇم ياخشى قارايمەن. ئۇ شۇنداق دەپ بەش قەدەم ماڭمايلا ئابلىزنىڭ ئاچىسى ئۇنىڭ كەينىدىن توۋلىدى:

- ھە راس خالنۇر سىرتتا بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتمەڭلار، ئابلىزنى بالدۇرراق قايتۇرۇپ ئەكىلىڭ . بولمىسا.... ئابلىزنىڭ ئاچىسى گېپىنىڭ ئاخىرىنى توختىتىۋېلىپ خالنۇرنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئابلىزنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

- ئادەتتە ئۆيدىكى چاغدا ئۇنى يېزنىسى تازىلىق ئۆيىگە ئەكىرىپ قوياتتى. سىز بىلەن سىرتتا چىقىپ ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىپ قالساڭلار ئۇ سىزگە دېيەلمەي قىينىلىپ كەتمىسۇن دەيمەن. خالنۇر ئابلىزنىڭ ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىچە خىجىل بولۇپ كەتتى. ئابلىز بولسا ئاچىسىنىڭ خالنۇرنىڭ قۇلىقىغا بىر نىمىلەرنى دېگىنىنى ئاڭلاپ »ئاچام ئۇنىڭغا نىمە دېگەندۇ مەندىن يوشۇرۇن » دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىچى تىتىلداپ قالدى .

شۇنداق قىلىپ ئابلىزنىڭ ئاچىسى نۇرنىسا كىتاپخانا ئالدىدا ئابلىز بىلەن خالنۇرنى ئۇزىتىپ قالدى. ئۇ خالنۇرنىڭ ئابلىزنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ بارغانسىرى يىراقلاۋاتقان گەۋدىسىگە قاراپ كۆڭلىدە ئاللاھنىڭ بۇ قىزنىڭ ئىنىسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى، بىر ئۆمۈر ئابلىزنىڭ يېنىدا بولۇشىنى تىلەپ قالدى. خالنۇر بولسا ئابلىزنى ئىتتەرگەچ بۆگۈن ئۇنى نەگە ئاپارسام، نىمىلەرنى قىلىپ بەرسەم بولار دېگىنلەرنى خىيال قىلىپ مېڭىۋاتاتتى. ئابلىز بولسا خالنۇرنىڭ تويۇقسىز ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلغىنىنى ھەم ئاچىسى بىلەن ئۇنىڭ تويۇقسىز يېقىن بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزى بىلمەيدىغان بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

خالنۇر ئابلىزنى ئىتتىرىپ ئەچىقىشنى ئەچىقتىيۇ كىتاپخانىسىدىن ئازراق مېڭىپلا قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي بىردەم ئويلىنىپ قالدى. دەريا بويىغا ئاپىراي دىسە كۆندە بارىدىغان يىر، ئابلىزنىڭ يەنە دەريادىن كۆزىنى ئۈزمەي جىمجىت ئولتۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىردى. باشقا ياققا ئاپىراي دىسە بۇ شەھەرگە كەلگەندىن بويان باشقا ياققا كۆپ چىقىپ باقمىغان قەيەرنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بازارنىڭ قايناق يېرىگە ئاپىراي دىسە ئابلىزنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. چۈنكى ئۇ ئابلىزنىڭ ئادەم كۆپ يەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. خالنۇر ئويان ئويلا بويان ئويلا ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى ۋە چاقلىق ئورۇندۇقنى دولان باغچىسى تەرەپكە قاراپ ئىتتەردى. دولان باغچىسى ئۇشۇ شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ باغچا بولۇپ خالنۇر ھەر كۈنى بارىدىغان دولان دەرياسىنىڭ بىر بۆلىكى مۇشۇ باغچا ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. ئابلىز خالنۇرغا نىمە دېيىشنى بىلمىگەچ خالنۇرنىڭ باشلىغىغا بېقىپ ئۈندىمەي جىم ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنى بىر خىل زىدىيەتلىك خىيال ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ خالنۇر بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە خوشال بولسا ، بىر تەرەپتىن بۇ خوشاللىقنىڭ ئۆزىگە خالنۇرغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بىر خىل قۇرۇق ئارزۇ پەيدا قىلىپ قويۇپ كىيىن داغدا قېلىشتىن ئەنسىرەيتى. چۈنكى ئۇنىڭ خىيالىدا ئۆزىدە بىر ئادەمنىڭ خالنۇردەك بىر ياخشى قىزغا ئېرىشىش ھوقۇقى، خىيال قىلىش سالاھىتى يوق ئىدى.

خالنۇرنىڭ بۇ يېقىنچىلىقى تۇپەيلىدىن ئۇزىدە خام خىيال پەيدا بۇلۇپ قېلىشىنى خالىمايتى. شۇڭا ئۇ كەينىدە ئۇزىنىڭ هارۋىسىنى ئىتتىرىپ كىتۋاتقان ئادەمنىڭ خالنۇر ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا شۇنچىلىك خۇشال بولسىمۇ بىراق كۆز ئالدىدىكى رىئاللىق ئۇنى خىيال قىلماسلىققا، خۇشال بولماسلىققا مەجبۇرلايتى. خالنۇر ئۇزىنىڭمۇ باياتىن بۇيان بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ماڭغانلىقىنى، ئابلىزنىڭ ئۈن-تىنسىز ئولتۇرغانلىقىنى هېس قىلىپ گەپ قىلىپ ئابلىزنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىچىدە نىمە دىيىشنى دەقىقە ئويلىۋەتكەندىن كيىن ئېغىز ئاچتى:

- بۈگۈن سىزنى باغچىغا ئەكىرىپ چىقاي، ئۈيىڭىزگە يېقىن بولغان بىلەن هازىرغىچە بىر قېتىممۇ كىرىپ باقمىدىڭىز هەقچان ؟

ئابلىز خالنۇرنىڭ تۇيۇقسىز ئۇزىگە گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ چىگىش خىياللار قوينىدىن ئۇزىنى تارتىپ خالنۇرغا جاۋاپ قايتۇردى:

-شۇنداق، كىرىپ باقمىغان، باغچىغا كىرىپ ئويناشمۇ مەندەك ئادەمگە ياراشمايدۇ.

خالنۇر ئابلىزنىڭ بۇ گەپىنى ئۇزىنى كەمسىتكەن ئاساستا دەۋاتقانلىقىنى هېس قىلدىيۇ بىلمەسكە سېلىپ ئۇنىڭ جاۋاپ قايتۇردى:

- ياراشمايدۇ دەپ كىم دەيدۇ، قاراڭ باغچىنىڭ ئىشكىدە مېيىپلارنى، كېسەللەرنى كىرگۈزمەيمىز دەپ يېزىپ قۇيۇپتىمۇ؟. خالنۇر شۇنداق دىگەچ قۇلى بىلەن ئالدىدىكى باغچا دەرۋازىسنى كۆرستىپ .

-كىچىك -چوڭ ،قېرى-ياش هەممىسى كىرىپ كىتۋاتامدۇ، شۇڭا ئەنسىرمەڭ سىزگىمۇ ،ماڭىمۇ ماس كىلىۋېرىدۇ.

ئابلىز خالنۇرنىڭ گېپىگە جاۋاپ قايتۇرمىدى. ئۇ خالنۇرنىڭ ئۇزىنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قەستەن گەپتانىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلغان ئىدى .خالنۇر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ دەرۋازە تۈۋىدە سوغۇق ئىچىملىك ئىچۋاتقان ئايالدىن ئىككى قۇتا ئانار سۈيى ئالدى ۋە ئابلىزنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا قۇيۇپ قويدى:

-جاپانىمۇ تەڭ تارتىسا ئاندىن يىگەن نەرسە تەملىك بۇلىدۇ دېيدى ئابلىزغا قاراپ چاقچاق ئارىلاش. ئابلىز خالنۇرغا قاراپ خالنۇرنىڭ ئۇزىگە قاراپ چاقلىق ئۇرۇندۇقنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قىلغان ئىشارىتىدىن مەن سىزنى ئىتتىرۋاتقاندىن كيىن ئىچىملىكنى سىز كۆتۈرۈڭ دىگەن مەنىنى چۈشەندى ۋە گەپ قىلماستىن خالنۇر ئېلىپ قۇچىقىغا قۇيۇپ قويغان ئىچىملىكنى تۇتۇپ ئولتۇردى .خالنۇر نىڭ ئابلىزنى گەپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغان بۇ هەركىتى ئۇرۇنسىز بۇلۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار باغچا ئىچىگە كىردى. خالنۇر هارۋىنى سىلىق ئىتتىرىپ ئادەم ئاز يوللار بىلەن ئابلىزنى ئايلاندۇرماقتا ئىدى.. خالنۇرنىڭ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئابلىزنىڭ كەيپىياتىنى، نىمنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ باققۇسى بار ئىدى. ئۇ خېلى مېڭىپمۇ ئابلىزنىڭ بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي جىمجىت ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ سەل ئىچى سىقىلىپ قالدى ۋە چاقلىق ئۇرۇندۇقنى ئۆزلىرىدىن بەش مىترلا نېرىدىغا ئورنىتىپ قۇيۇلغا ن قوش كىشلىك كۇرۇندۇقنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ توختاتتى ۋە ئابلىزنى ئۇرۇندۇق تەرەپكە

قارىتىپ قۇيۇپ ئۆزى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئابلىز خالىنۇرنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان بۇ
ئىشىدىن سەل جىددىيلىشىپ قالدىيۇ شۇنداقتىمۇ
چاندۇرماي ئالدىدا ئولتۇرغان خالىنۇرغا تىكىلدى. شۇ تاپتا خالىنۇرنىڭ قۇشۇملىرى
تۈرۈلگەن هالدا ئابلىزغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئابلىز قىزنىڭ ئۆزىگە بۇنداق
تىكىلىپ قارىشىغا بەرداشلىق بىرەلمەي باشقا ياققا قارىۋالدى .خالىنۇر بولسا بايام دەققە
ئىچىدە ئويلاپ ئۆلگۈرگەن پىلانى بويىچە خىجىل بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ خىجىلللقنى بىر
ياققا قايرىپ قويۇپ ئابلىزنى تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى:.
-قايسى كۈنى دەريا بويىدا مەندىن سورىغان سوئالىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ كۈنى سىز بەك
تاساددىبيلا سورىغاچقا مەن دەماللىققا نىمە دېيىشنى بىلمىگەن. مەن جاۋاپنى ئويلاپ
ئۆلگۈرگىچە بولغان ئارلىقتا ئۆزىڭىز جاۋاپنى بېرىپ بولدىڭىز. ئۇ سوئالنى مەندىن
سورىغانىكەنسىز جاۋابنى ئەمدى مەن ئۆزەم بىرەي .
ئابلىز خالىنۇرنىڭ ئۆزىگە قىزىپ سۆزلەۋاتقانلىقنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ
ئۇنى سەل خاپا قىلىپ قويغانلىقنى سەزدى ۋە جىممىدە ئولتۇرۇپ خالىنۇرنىڭ گېپىنى
ئاڭلىدى:
-دىگىنىڭىز توغرا، قىزلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن شۇنداق، پۇلىمۇ بار، خىزمىتىمۇ بار،
،ئۆزىمۇ كېلىشكەن ھەر جەھەتتىن شارائىتى تۇللۇق بولغان بەرنا يىگىتكە ياتلىق بولۇشنى
خالايدۇ ..جۈملىدىن مەنمۇ شۇنداق. پۇلىمۇ بار، خىزمىتىمۇ بار، مىجەزىمۇ ياخشى، ئۆزى
ھەم كېلىشكەن يىگىت ئۆمۈرلۈك جۈمتىم بولسا دەيمەن. چۈنكى ياخشى نەرسىلەرگە
ئىنتىلىش ھەممە ئادەمنىڭ مىجەزىگە سىڭىپ كەتكەن. بىراق سىز بىر نوقتىغا سەل
قارىدىڭىز. پۇلىمۇ بار، جىزمىتىمۇ ياخشى، مىجەزىمۇ ياخشى، ئۆزىمۇ كېلىشكەن يىگىت بار
دەيلى ،بىز قىزلار شۇنىڭغا ئىنتىلدۇقمۇ دەيلى. بىراق شۇ يىگىتنىڭ يۈرىكى مەن ئۈچۈن
سوقىشى ناتايىن، مىنىڭمۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن سوقىشى ناتايىن. سىزنىڭ دىگەنلىرىڭىزنىڭ
ھەممىسى ماددى نەرسىلەر. بىرەسنى ھەقىقى ياخشى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا شۇ ئادەمنىڭ
ھەممە نەرسىسى سىزگە ئارتۇقچىلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ ھېچكىمگە تەڭ
قىلمايسىز. راھەت-پاراغەتنى دەپ باي يىگىتكە ياتلىق بولغانلارنىڭ ئىچىدە بەختىلىك
بولغانلىرى زادى قانچىلىك؟ ناھايىتى ئاز، چۈنكى ئۇلار نىكاھنى مۇھاببەتنىڭ ئۈستىگە
ئەمەس پۇلنىڭ ئۈستىگە قۇرغان، شۇڭا نىكاھى ئاسان يىمىرىلىدۇ .تۇرمۇشتا قەلىپ
بىردەكلىكى بولمىسا، قارشى تەرەپ مىڭ باي، مىڭ كىلىشكەن بولۇپ كەتسۇن بۇ خىل
نىكا خۇددى ئۆگزىسى يوق ئۆيدە تۇرغانغا ئوخشايدۇ. ئۆگزىسى يوق ئۆي ئادەمنى قار-
بوراندىن ساقلىيالمىغاندەك بۇنداق نىكاھمۇ تۇرمۇشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىغا ھەرگىز
بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ. ماددى جەھەتتىكى قىزىقىش ۋاقىتلىق نەرسە خالاس، ھەممە
ئادەمنىڭ تۇرمۇشتا زادى نىمىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. مەنمۇ دەل
شۇنداق. سىز تىلغا ئالغان نەرسىلەرمۇ مۇھىم، بىراق ئەڭ مۇھىمى ئەمەس.
بۇجاۋابىمدىن قانائەت ھاسىل قىلدىڭىزمۇ ؟ خالىنۇر گېپىنى توگىتىپ ئابلىزنىڭ كۆزىگە
قارىدى. ئابلىز خالىنۇرنىڭ ئۆزىنىڭ جاۋابنى ساقلاۋاتقانلىقنى كۆرۈپ دېدى:

ـ بىراق مەن ھېچنىمەم بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە بىرەر قىزنى قوغداش ئىقتىدارىممۇ، بېقىش ئىقتىدارىممۇ يوق  مېيىپ.

خالنۇر ئابلىزنىڭ جاۋابىدىن  ئۆز مەقستىگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ گېپىنى داۋاپ  ئەتتى:

ـ  شۇنداق سىز مېيىپ، بىراق سىز ساقىيىشنى ئۈزىڭىز رەت قىلىپ كەلگەن مېيىپ. بۇرۇن ئۈچىرىغان كىچىككىنە مەغلۇبىيەت ئالدىدا باش ئەگكەن مېيىپ، ئۈزىڭىزنىڭ كېلەچىكىدىن ۋازكەچكەن مېيىپ. ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ مەن سىزنىڭ ئەۋالىڭىزنىڭ تەپسىلى ئۇقۇپ كۆردۇم، دوختۇرلاردىن مەسلىھەت سوراپمۇ كۆردۇم. ئۇلار سىزنىڭ ئۆز قۇلى بىلەن تەكسۈرۈپ كۆرمىگەچكە ئېنىق بىر نەرسە دىمىگەن بولسىمۇ بىراق كېسەللىك مەنبەسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى ئەھۋالىڭىزنىڭ قەيەردىن قەيەرگىچە ئىكەنلىكىنى ئاساسى جەھەتتىن بىلىپ سىزنىڭ داۋالاشنى قۇبۇل قىلىسىڭىزلا ساقىيىش ئىمكانىيتىڭىزنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. گەپ ھازىر سىزنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىڭىزدا.

ئابلىز خالنۇرنىڭ گېپىدىن ئۇنىڭ ئۈزىنىڭ كېسلى ئۈچۈن دوختۇرلاردىن مەسلىھەت سوراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدە ھەم خۇشال بولدى. خالىنۇر ئابلىزنىڭ ئۈندىمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ  سەل چېچىلىپ قالدى ۋە ئابلىزنىڭ قۇلىدىكى خالا ئىچىگە سېلىنغان ئىچىملىكتىن بىرنى ئېلىپ  ئىچمەكچى بولدى. ئۇ باياتىن بۇيان قىزىپ سۆزلىگەچكە  تامىقى قۇرۇپ كەتكەن ئىدى. بىراق ئۇ خېلى ھەپلىشىپمۇ ئىچىملىك قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئاچالمىدى. ئابلىز ئۇنىڭ ئىچىملىك قۇتىسىنىڭ ئېغىزىنى ئاچالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ  ئىچىملىك قۇتىسىنى ئۇنىڭ قۇلىدىن تارتىپ ئېلىپ ئېچىپ بەردى ۋە گەپ قىلماستىن ئۇنىڭ قۇلىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. خالنۇر ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە ئىشدىن ئالەمچە خۇشال بۇلۇپ كەتتى. " ئوغۇل بالا دىگەن يەنىلا ئوغۇل بالىدە "دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

ئۇلار شۇ ھالەتتە خېلىغىچە ئولتۇرغاندىن كيىن خالنۇر ئابلىزنى ئىتتىرىپ باغچىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە قاراپ ماڭدى. بايامقى گەپلەردىن ھەر ئىككىسى ئېغىز سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. خالنۇر ئابلىزنى ئىتتىرىپ كىتۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۈپكۈندۈزدە ئىچىپ تەڭشىلۋالدىمۇ قانداق تۇرقىدىن ئىچەرمەن ـ چىكەرمەنلەردەك كۆرۈندىغان ئىككى يىگىت چىقىپ قالدى. ئۇلار ئىچىدىكى بىرسى سەل دەلدەڭشىپ قالغاندەك قىلاتتى. خالنۇر بىرەر چاتاقىنىڭ چىقىپ قېلىشنى خالىمىغاندەك تىز ئۈتۈپ كەتكمەكچى بۇلۇپ ئابلىزنى تىز ـ تىز ئىتتىرىشكە باشلىدى.ئۇلار مېڭىپ سەل ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئارىدىن بىرسى خالنۇربىلەن ئابلىزنى كۆرستىپ يېنىدىكى ئاغىنىسىگە ئېغىز ئاچتى:

ـ ھېي قارا ماۋۇ تۇمۇچۇققا،ما يەردە بىزدەك پۈتۈن ـ سۈرۈك ئەركەكلەر تۇسا بىر مېيىپنى تېپىۋالغىنىنى.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يېنىدىكى دەلدەڭشىپ قالغان ئاغىنىسى ئۇنىڭ گېپىگە گەپ قوشۇپ

تېخمۇ ئەزۋەيلىگىلى تۇردى:
- شۇنى دىگىنە، ھې خان مۇنداق مېيىپلارنى بوزەك قىلماي بىزدەك يىگىتلەرگىمۇ قاراپ قۇيۇڭ، ياشلىقىڭىز ئۇ بىچارىگە قارايمەن دەپ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمىسۇن.
خالنۇر ئۇ ئىككىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ بەدەنلىرىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئابلىزغا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بىر نىمە دىگىنىدىن خالنۇرنى بىر نىمە دىگىنى بەكرەك ئېغىر كېلىپ ئاچچىقىدا مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ كەتتى .ھازىر ئۇ ساق بولغان بولسىدى بېرىپ ئۇ ئىككى ئىككىسىنى خالنۇرنى بىر نىمە دىگىنىگە ئۇرۇپ بۇرۇن-قۇلىقىغا تويغۇزۋەتكەن بۇلار ئىدى. بىراق ئۇ ئامالسىز ئىدى .ئابلىز تۇنجى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئامالسىزلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ مېيىپ بۇلۇپ قالغانلىقىغا، ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنى باشقىلارنىڭ بىر نىمە دېيىشىگە كۆزىنى ئېچىپلا قاراپ تۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمىغىنىغا ئېچىندى.
خالنۇر ئابلىزنىڭ بۇ ھالىتىنى ھېس قىلماي قالمىدى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن يەنىمۇ قاملاشمىغان گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭمۇ، ئابلىزنىڭمۇ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قۇيۇشتىن ئەنسىرەپ بۇ يەردىن تىزرەك كېتىشنى ئويلاپ ئۇنى تېخمۇ تىز ئىتتىرىپ ماڭدى.
ئارقىدىن ئۇلارنىڭ "ۋوي خان قاچماڭ دەيمەن، ئوبدان رازى قىلىمىز" دىگەندەك ئالا-تاغىل جۆيلۈشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خالنۇر ئۇلارنىڭ قارىسى يۈتكىدەك يەرگە كەلگەندىن كىيىن توختاپ دېمىنى ئالدى ۋە ئابلىزغا قاراپ:
-ئۇلارنىڭ گىپىنى كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، ئۇنداق بىكار تەلەتلەر ئېغىزىغا كەلگەننى دەۋىرىدۇ.
شۇ تاپتا ئابلىزنىڭ قۇلىقىغا خالنۇرنىڭ گىپى كىرمەيتى، ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتىغا بىر نەرسە توغرا كەلمەيتى. ئۇ كۆز ئالدىدىلا ئۇلارنىڭ خالنۇرغا ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا ئامالسىز قالغانلىقىنى، بېرىپ ئۇلارنىڭ خالنۇرنى ھاقارەتلىگەن ئېغىزىنى ئىتىپ قۇيالمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈۋاتاتتى.
خالنۇر ئابلىزنى كىتاپخانىغا ئەكىلىپ قويغاندىن كىيىن ياتىقىغا قايتىپ كەتتى . ئابلىز بولسا بايام خالنۇرنىڭ باغچا ئىچىدە قىلغان گەپلىرى ۋە ھېلىقى ئىككى بىكار تەلەتنىڭ خالنۇرغا قىلغان بولمىغۇر گەپ-سۆزلىرىنى ئويلاپ باشقىچىلا بۇلۇپ قالدى. ئاچسى نۇرنىسا ئەلۋەتتە ئابلىزدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلماي قالمىدى .ئۇ ئۇ ئابلىزنىڭ ئادەتتىكىدىنمۇ جىمغۇر بۇلۇپ قالغانلىقىنى، چىرايىنىڭمۇ ئەمەسلا بۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خالنۇر بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرسىدا بىرەر ئىش يۈز بەردىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىنىسىدىن سورىسا جاۋاپقا ئىرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئۇنىڭدىن سوراپمۇ يۈرمىدى .
بۇ كۈنى ئاخشىمى ئابلىزنىڭ ئۇيقۇسى ھارام بولدى. ئۇنىڭغا خالنۇرنىڭ گەپلىرىدىن بەكرەك ھېلىقى ئىككى مەستىنىڭ گەپلىرى بەكرەك تەسىر قىلىپ كەتكەن ئىدى. ئەسلى ئۇنىڭ ئورنىدا بەش ئەزايى ساق نۇرمالراق بىر يىگىت بولسىدىكى ئۇ ئىككىسىنى خالنۇرغا ئەدەپسىزلىك قىلغىنى ئۈچۈن ئۇرۇپ يىقىتۋەتەلمىسىمۇ بىراق بۇنداق ئورنىدىن قىمىرلىيالماي ئولتۇرۇپ ئىچىگە ئاچچىق يۇتۇۋالمىغان بۇلار

ئىدى. مۇشۇنى خىيال قىلسىلا ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ كەمسىتىپ كىتەتتى. مۇشۇ قېتىملىق كىچىككىنە ئىش ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا باشقىچە داۋالغۇش ھاسىل قىلىپ ئۇنى ھالسىرىتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئەتىسى ئەتىگەن نۇرنىسا ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە ئۇنىڭ ئوتتاق قىزىپ كەتكەن پىشانىسىنى تۇتۇپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئېرىنى چاقىردى:

- ئەكرەم ، ئەكرەم بۇياققا كىرىڭە ئابلىز ئاغرىپ قالغاندەك قىلىدۇ، قىزىپ كىتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىرتتىن ئەكرەم جىددىيلەشكەن ھالدا كىرىپ كەلدى ئايالىغا گەپ قىلغاچ ئابلىزنىڭ يېنىغا كەلدى:

-نىمە بوپتۇ؟ تېخى ئاخشاملا بىر ئوبدان تۇرماتتى. ئۇ شۇنداق دىگەچ ئابلىزنىڭ پىشانىسىنى تۇتتى:

-ۋوي، بەكلا قىزىپ كىتىپتىغۇ. ئابلىز، ئابلىز كۆزۈڭنى ئاچە ئۇكام.

ئابلىز ھىچنىمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئاجىز تىنىپ ياتاتتى.

-بۇ بولماپتۇ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى،. ئۇ شۇنداق دىگەچ ئابلىزنى ئاستا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ئارقىدىنلا دۈمبىسىگە ھاپاش قىلىپ سىرتقا ماڭدى. نۇرنىسامۇ ئابلىزنىڭ قېلىنراق چاپىنىدىن بىرنى ئېلىپلا ئېرىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

دوختۇرخانىدا بىر قاتار تەكشۈرۈشلەردىن كىيىن دوختۇر ئۇلارغا چوڭ چاتاق يوقلىقىنى، پەقەت ئۇنىڭغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالغانلىقىنى، بىر نەچچە كۈن ئۇكۇل ئالسا ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نۇرنىسانىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بولدى ۋە ئېرىگە قاراپ:

-ئادەمنى ھەجەپ قورقۇتتى، مەن ئۇنىڭ ئوتتەك قىزىپ كەتكىنىگە قاراپ بىرەر ئىش بولۇپ قالامىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەن ئىدىم، ھېلىمۇ ياخشى چوڭ ئىش يوقكەن. ئەمدى سىز ئىشقا بېرىۋېرىڭ ھېلىمۇ كىچىكىپ قالدىڭىز، ئەمدى ئۇنىڭغا مەن قاراي.

-ئەمىسە شۇنداق قىلامدۇق، ئۇنداقتا مەن چۈشتە ئىشتىن چۈشۈپلا كىلىمەن ئۇنىڭغىچە سىز قاراپ تۇرۇڭ ھە. ئەكرەم شۇنداق دىگەچ ئابلىزغا بىر قارىۋېتىپ سىرتقا ماڭدى.

نۇرنىسا ئېرىنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كىيىن ئۇرۇندۇقنى ئابلىزنىڭ باش تەرىپىگە قويۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە كارىۋاتتا ياتقان ئىنىسىگە قاراپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.ئۇ ئابلىزنىڭ تۇيۇقسىزلا قىزىپ قېلىشىنى ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكى ناچار كەيپىياتىغا باغلاپ چۈشەندى، ئۇنىڭ خىيالىچە تۈنۈگۈن چۈقۇم ئابلىزغا تەسىر قىلىدىغان بىر ئىش بولۇپ ئابلىز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەچكە بۈگۈن ئاغرىپ قالغان ئىدى. ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە كارىدورغا چىقىپ خالنۇرغا تېلفۇن قىلدى. خالنۇر ئەتىگەندىلا ئابلىزنىڭ ئاچىسىدىن كەلگەن تېلفۇننى كۆرۈپ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا تېلفۇننى قولىغا ئالدى:

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم نۇرنىسا ھەدە.

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام خالنۇر، ئەتىگەندىلا تېلفۇن قىلىپ سىزنى مالال قىلىپ قويدىغان بولدۇم.

- ياقەي ھېچقىسى يوق، مەنمۇ ئىشخانىدا قىلىدىغان ئىش يوق بىكار ئولتۇرغان.
- سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي دېگەن، تۈنۈگۈن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ئۇ قايتىپ كىلىپلا باشقىچە بولۇپ قالغانتى، مەنمۇ ئەتىگىچە ئوڭشىلىپ قالار دەپ سوراپ يۈرمىگەن ئىدىم،. بىراق ئەتىگەندە ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرسەم ئوتتەك قىزىپ كىتىپتۇ، بەكلا ئەنسىرەپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتى ئاجىز بولغان بىلەن ئالدىراپ قىزىپ قالمايتى،شۇڭا ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش بولغان بولسا شۇ ئىش تەسىر قىلىپ ئاغرىپ قالغانمىكىن دەپ قالدىم.
خالنۇر ئابلىزنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ جايىدا تۇرالمايلا قالدى:
- نىمە؟ ئۇ قىزىپ قالدىما؟ ھازىر قانداقراق ؟ ياخشىمۇ ؟
- بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن، دوختۇر چوڭ چاتاق يوق، شۇ ئىسسىق ئۆتۈپ قاپتۇ دەيدۇ.
- ئۇنى دوختۇرخانىدا دېدىڭىزما؟ قايسى دوختۇرخانىدا؟
- ۋىلايەتلىك بىرىنچى دوختۇرخانىدا، ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ.
خالنۇر ئابلىزنىڭ دوىتۇرخانىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كاللىسىغا تۇيۇقسىز كەلگەن خىيالدىن كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتكەن بولدى ۋە ئابلىزنىڭ ئاچىسىغا.
- ئۇنداقتا مەن ھازىرلا باراي، ئون مىنۇتتىلا بېرىپ بولىمەن .
ئۇ شۇنداق دەپ نۇرنىسانىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تىلفۇننى قويىدى ۋە سۈبىنۇرغا قاراپ:
- سۈبى مىنىڭ جىددى ئىشىم چىقىپ قالدى، سىرتقا چىقىپ كىرەي، بۆلۈم باشلىقى سوراپ قالسا ئۆزىڭىز بىلىپ بىر نىمە دەپ قۇيارسىز ھە. ئۇ شۇنداق دەپلا سومكىسىنى ئېلىپ سىرقا قاراپ ماڭدى
ئۇ دوختۇرخانىغا كەلگەندە ئابلىز تېخىچە كۆزىنى ئاچمىغان بولۇپ، نۇرنىسا ئۇنىڭ يېنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ نۇرنىسا بىلەن قىسقىغىنە كۆرۈشكەندىن كىين ئابلىزنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى شەرەت بىلەن سىرتقا چاقىردى ۋە سىرتقا چىققاندىن كيىن نۇرنىساغا قاراپ:
- ئاچا مىنىڭ مۇنداق خىيالىم بار. ئادەتتە ئابلىز دوىتۇرخانىغا كېلىشكە ئۇنىمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ھازىر ئۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ بولدى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتسەك قانداق؟ ئاندىن ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ھازىر نەدىن نەگىچە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز؟
- بىراق ئۇ تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنارمۇ دېدى نۇرنىسا ئىككىلەنگەن ھالدا.
- ئۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ بولدى، قوبۇل قىلسىمۇ قىلىدۇ، قىلمىسىمۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلاي سىز خاتىرجەم بولۇڭ دېدى ئۇ ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن.
- ئۇنداق بولسا مەن مەسئۇل دوختۇرغا ئەھۋالنى دەي، ئۇنىڭ تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرايلى.
- ماقۇل
شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئابلىزنىڭ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرۈش ۋاقتلىرىنى

ئۇرۇنلاشتۇرۇپ بولدى ۋە ئابلىزنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتتى. ئابلىز كۆزىنى ئېچىپ كۆز ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان خالنۇرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:

-سىز بۇ يەردە نىمە قىلىسىز؟

-ئۇنداقتا سىز بۇ يەردە نىمە قىلىسىز؟ ياندۇرۇپ سورىدى خالنۇر. ئابلىز خالنۇرنىڭ بۇ سۇئالىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئەتراپىغا قارىدى ۋە ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىدە ئەمەس دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىنى، قولىغا ئاسما ئوكۇل سېلىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ قاچانلاردا دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىككىنى بىلەلمەي ھەيران قالدى

-ھازىر قانداقراق؟ خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەكمۇ ؟ خالنۇر شۇنداق دىگەچ ئۇنىڭ پىشانىسىنى تۇتتى

-خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىسىز، ئوغۇل بالا تۇرۇپ شۇنداقمۇ ئاسان ئاغرىپ قالغان بارمۇ دېدى چاقچاق ئارىلاش. ئابلىز خالنۇر ئۇنىڭ پىشانىسىنى تۇتقاندا بەدىنىگە توك ئۆتكەندەك بىر خىل ئەندىكىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى سەل قاچۇرغاندەك قىلىپ قىمىرلاپ قويدى.

-ئەمدى باشقا ئىشنى باشلامدۇق؟

-نىمە ئىشنى باشلايمىز؟ ئابلىز چۈشەنمىگەندەك خالنۇرغا قارىدى

-سىزنى تەكشۈرتىدىغان ئىشنىدە، دوختۇرخانىغا كەلگەنكەنسىز ئەمدى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ قىلىپ كېسەللىك ئەھۋالىڭىزنى بىلىپ قايتايلى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابلىزنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى:

مەن تەكشۈرتۈش قىلمايمەن، بۇ ئىشنى دەپ ئاۋارە بولماڭ

خالنۇر ئابلىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال خاپا بولغان قىياپەتكە كىردى . ئۇ ئابلىز مىنى ياخشى كۆرگەنىكەن قاتتىق تۇرسام چۇقۇم خاپا بولۇشۇمدىن ئەنسىرەپ گېپىمگە كىرىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى:

-بۇ نىمە گەپ؟ سىزنىڭ زادى ساقايغۇڭىز يوق شۇنداقمۇ؟ باشقىلاردەك بەختىكە ئېرىشىپ نورمال تۇرمۇش كەچۈرگىڭىز يوقمۇ؟

ئۇ گېپىنىڭ ئابلىزغا تەسىر قىلۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تېخىمۇ چېچىلغان قىياپەتكە كىرۋالدى؛

-تۈنۈگۈنكى ئىشلارنىڭ كاللىڭىزغا تەسىر قىلىپ ئاغرىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلمەن،كۆڭلىڭىزنى چۈشىنمەن. بىراق ئەمدى قارىسام سىزگە ھەقىقي تەسىر قىلمىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر تەسىر قىلغان بولسا ئورنىڭىزدىن تەسىر تۇرۇشنى، يەنە شۇنداق ئىشقا يولۇققاندا ئىلاجىسىز ھالدا جىمجىت ئولتۇرۋالماي ھىچ بولمىسا ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن قىزنى قوغداش ئۈچۈن بولسىمۇ ساقىيىشنى ئىستىگەن ، ھىچ بولمىسا شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ باققان بولاتتىڭىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابلىز ھەم چۆچىگەن ھەم ھەيران قالغان ھالدا خالنۇرغا قارىدى. چۈنكى بايا خالنۇرنىڭ ھېچ بولمىسا ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن قىزنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىپ باققان بولاتتىڭىز دېگەن گېپىنى ئۆزىگە قارىتىپ دېگەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. ئۇ خالنۇرنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. خالنۇر كېيىنكى گەپلىرىنىڭ ئۇنىڭغا خېلىلا تەسىر قىلغانلىقى ھېس قىلىپ دەرھال ھەركەتكە ئۆتتى ۋە ئۇنى يۆلەپ بايا ئالدىن تەييارلىتىپ قويغان چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى .ئابلىز يەنە ياق دېسە خالنۇرنىڭ راسلا ئاچچىقلىنىپ ئۆزىگە قارىمايلا قويۇشىدىن، ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ خالىمىسىمۇ ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى. خالنۇر ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۇكۇل قۇتىسىنى ئېلىپ ئورۇندۇققا بېكىتۋېتىلگەن يەرگە ئاستى ۋە ئۇنى ئىتتىرىپ تەكشۈرتۈش ئۈچۈن سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. نۇرنىسا باياتىن بۇيان ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ تۇرغان ۋە خالنۇرنىڭ ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىققىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ئېغىزىنى يۇمالمايلا قالدى ۋە ئابلىزنىڭ خالنۇرنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم جەزىملەشتۈردى .

ئىككى سائەتلەرچە ئارقىمۇ-ئارقىدىن تەكشۈرتىشلەر ئارقىلىق ئابلىزنىڭ ئۆتكۈن تەكشۈرتىشلىرى ئاياغلاشتى. تەكشۈرتۈش نەتىجىسى ئەتە چىقىدىغان بولۇپ بىر كۈن ساقلايدىغان بولدى. تېخى بىر سائەت بولا-بولمايلا خالنۇر تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى بىلگۈسى كېلىپ تىتىلداپ تۇرالماي قالدى.

دېگەندەك ئەتىسى ئەتىگەندە تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۆرۈپ خالنۇر خۇشاللىقىدىن ئېغىزىنى يۇمالمايلا قالغاندى. چۈنكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئابلىزنىڭ كېسىلىنىڭ ساقايماس ئەمەسلىكىنى، ئوپېراسىيە قىلسا تامامەن ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئوپېراسىيەنىڭ خەتىرىنىڭ بەك چوڭ ئەمەسلىكى دېيىلگەن ئىدى. خالنۇر تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلىپ يۈگرەپ دېگۈدەك ئابلىزنىڭ كېسەك ياتقىغا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئابلىز ئۇخلىمىغان بولسىمۇ بىر نەرسىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. ئۇ بىرىنىڭ كىرگەن ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى. كۆز ئالدىدا خالنۇر خۇددى يېڭىلا بىر خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغان ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ خالنۇرنىڭ بۇ خىل قارىشىدىن ھەم ئۇنىڭ قولىدا تۇتۇۋالغان دوختۇرنىڭ دىئاگنوز قەغىزىنى كۆرۈپ بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدىيۇ يەنىلا جىم ئولتۇرىۋەردى. خالنۇر ئۆزى باشتا ئېغىز ئاچمىسا ئابلىزنىڭ سۇئال سورىمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە يەنىلا ئۆزى ئاۋال ئېغىز ئاچتى:

-سىزنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىڭىز چىقتى. نەتىجىسى كۈتكىنىمدەك ياخشى چىقىپتۇ، سىز ئوپېراسىيەنى قوبۇل قىلسىڭىزلا ساقىيىپ كەتكۈدەكسىز. بۇ ئوپېراسىيەنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ چوڭ ئەمەسكەن.

-بۈرۈن تۈنجى قېتىم ئوپېراسىيە قىلغاندىمۇ دوختۇرلار دادامغا ئوپېراسىيە قىلساق ساقىيىپ كېتىدۇ دەپتىكەن، بىراق نەتىجىدە تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتىم.

-بۇ دىگەن قايسى چاغ؟ هازىر قايسى  چاغ؟  سىزنى ئوپراسىيە قىلغىلى ئون نەچچە يىل بولدى. بۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان  نۇرغۇنلىغان ساقايماس كېسەللەر ساقىيدىغان بۇلۇپ كەتتى. مېدىسسىنانىڭ  تەرەققىياتىدا ئىلگىرلەش  بەك زور. شۇڭا بىز ئەنسىرمەي ئۇمۇتۋار بۇلايلى، مەن بۇ  تەكشۇرۇش نەتىجىڭىزنى سەل تۇرۇپ يەنە بىر نۇسقا كۆپەيتىپ  تاغامغا ئەۋەتىپ بىرىمەن .ئۇ   شىنجاڭ تىببى ئونۋېرسىتىت دوختۇرخانىسىدا دوختۇر. گەرچە ئۇ يۈرەك كېسەللىكى  دوختۇرى بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئەۋەتسەم ئۇ  سىزنىڭ كېسىلىڭىزدەك كېسەللەرنى  داۋالايدىغان مەخسۇس مۇتەخەسس  خىزمەتداشلىرىغا كۆرسىتىپ باقىدىغان بولدى. ئەگەر  ئۇلارنىڭمۇ پىكرى ئوخشاش بولسا ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە بارايلى. تىببى ئونۋېرسىتىت  دوختۇرخانىسى نىملا دىگەن بىلەن  ئاپتۇنۇم رايۇنىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى  دوختۇرخانا،  نۇرغۇن مۇتەخەسسلەر بار. ئوپراسىيەنى شۇ يەردە قىلدۇرساق ياخشى.

ئابلىز خالنۇرنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئۈندىمىگەن بولسىمۇ بىراق  ئىچىدە  ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ كېسىلىنىڭ ساقىيدىغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى  خالنۇرنىڭ ئۆزىگە  شۇنچە كۈيىنىشىدىن  بەكرەك خۇشال بولغان ئىدى. كىچىكىدىن  كۆپ  ئادەملەر بىلەن ئارلىشىپ كۆنمىگەن، قىزلار بىلەن پاراڭلىشىپ باقمىغان ئابلىزغا  نىسپەتەن ئۆز ھېسياتىنى شۇ پېتى ئىپادىلەش  ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ خۇشال  بولسۇن، ئاچچىلانسۇن  بۇ خىل كەيپىياتى چىرايىدا ئانچە ئىپادىلىنىپ كەتمەيتى .خالنۇر ئابلىزنىڭ ئۈندىمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ دومسىيىپ قويىدى  ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى.  ئۇ سىرتقا  چىقىپلا  ئابلىزنىڭ  ئاچىسىغا تىلفۇن قىلىپ ئەھۋالنى دېۋىدى ئابلىزنىڭ ئاچىسى    خۇشاللىقىدىن تىلفۇننى قويمايلا يىغلاپ كەتتى ۋە خالنۇرغا  قايتا-قايتا رەھمەت  ئېيتىپ كەتتى.  خالنۇر تىلفۇننى قويۇپ  ئارقىدىنلا تاغىسىغا تىلفۇن قىلدى، ھايال  ئۆتمەيلە تىلفۇننى بىر كىشى ئالدى:

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

-ئەسسالامۇ  ئالايكۇم سولتان دادا.  تاغىسى دادىسىدىن ئىككى ياشلا كىچىك بولغاچقا  تاغىسىنىمۇ  دادا دەپ  ئاتاپ كۆنۈپ قالغان ئىدى.

-ھە  خالنۇرمۇ سەن،  كۈن قاياقتىن چىقتى  تىلفۇن ئۇرۇپ قاپسەنغۇ؟

-ھە شۇنداق مەن خالنۇر  سولتان دادا، ، ئالدىنقى قېتىم  مەن سىزگە گېپىنى قىلغان ھېلىقى  ھاملە چۈشۈرۈش ئۇكۇلى سەۋەبىدىن  مېيىپ بۇلۇپ  قالغان بالا يادىڭىزدىمۇ ؟ هازىر  ئۇنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى قۇلۇمدا، ئۇنى سىزگە  يوللاپ بېرەي كەسپداشلىرىڭىزغا كۆرسىتىپ باقسىڭىز، ئۇ يەردە ساقىيىش نىسپىتى  يۇقىرى بولسا ئۈرۈمچىگىلا بېرىپ  داۋالانسۇن دىگەن.

-ھە ھېلىقى بالىمۇ،  ئىسىمدە.  تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى  پوچتىدىن ئەۋەتمەن دىمەي مەسھۇل  دوختۇرنىڭ  قېشىغا كىرىپ  مىنىڭ  ئىلخەت ئادىرىسىمغا ئەۋەتتكۈزۈپ بەر. پوچتىدىن  ئەۋەتسە  ۋاقىت سۈرۈلۈپ كىتىدۇ. مەن بۇ يەرردىن  چىقىرۋالسام بۇلىدۇ.

-بۇمۇ  بۇلىدىغان ئامالكەن دېدى خالنۇر خۇشال بۇلۇپ. بىراق  ئۇلتىرا لازىر نۇر

ئاپپراتىدا تەكشۈرتكەن ئېكس نىگارتىۋنى ئېلېكتۇنلۇق پوچتىدا يوللىغلى بولماس.
-ئەخمەق، بولمايدىغان يېرى يوق. مەسھۇل دوختۇر ماڭا كومپيۇتۇرى ئىچىدىكى ئەسلى نۇسقىسىنى ئەۋەتىپ بەرسىلا بۇلىدۇ. مىنىڭ دوختۇرلۇقۇمنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسەن .ئېكس نىگارتىۋنى ئوقۇيدىغان،چىقىرىدىغان ئاپپراتلار مەندىمۇ بار.
-ھە راست شۇنداقمۇ يا دېدى خالىنۇر ئەركىلگەندەك كۈلۈپ.
ئەمسە تىلفۇنۇمغا ئۇلخەت ئادىرىسىڭىزنى ئەۋەتىپ بىرىڭ. مەن ھازىرلا سىزگە يوللاپ بىرەي.
-بۇلىدۇ .ئەمسە مەن تىلفۇننى قويدۇم ھە. سەل تۇرۇپ ئوپراسيەگە كىرىمەن. كېسەللىك نەتىجىسنى سەل تۇرۇپ ئوپراسيەدىن چىقىپ ئاندىن چىقىرۋالاي.
-بۇلىدۇ ئەمسە سىزنى گەپكە تۇتماي.، ئوپراسيەگە تەييارلىق قىلىۋىرىڭ.
خۇدايىمغا ئامانەت
-خۇدايىمغا ئامانەت.
خالىنۇر تىلفۇننى قۇيۇپ مىنۇت ئۆتمەيلا تاغىسى يوللىغان ئۇلخەت ئادىرىسىنى تاپشۇرۋالدى ۋە مەسھۇل دوىتۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيىتتى.
مەسھۇل دوختۇرمۇ قىلچە ۋاقىت سەرەپ قىلمايلا خالىنۇرنىڭ تەلىۋى بۇيىچە بارلىق تەكشۈرۈش نەتىجلىرىنى ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئېلخەت ئادىرىسغا يوللىۋەتتى .
گەرچە تاغىسىدىن خەۋەر كەلمىگەن بولسىمۇ بىراق مەسھۇل دوختۇرنىڭ جاۋابىدىنلا ئالەمچە خۇشاللانغان خالىنۇرنىڭ چېھرىدىن كەچكىچە تەبەسسۇم كەتمىدى. نۇرنىسا خالىنۇرنىڭ ئۇزىدىنمۇ بەك خۇشال بۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۈرۈپ ئىچىدە كۈلۈپ قويدى. دىگەندەك كەچ سائەت 6 لەرگە يېقىن ئۇنىڭ تاغىسىدىن تىلفۇن كەلدى. خالىنۇر تاغىسىدىن كەلگەن تىلفۇننى كۈرۈپ ئالدىراشلىق بىلەن تىلفۇننى ئالدى:
-سولتان دادا قانداق بولدى ؟
-ما بالىنىڭ ئالدىراپ كەتكىنىنى دېدى تاغىسى كۈلۈپ. خالىنۇر تاغىسىدىن ئەھۋالمۇ سورىماي ئۇدۇللا ئابلىزنىڭ ئىشنى سوراپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ سال خىجىل بۇلۇپ قالدىيۇ شۇنداقتىمۇ بۇ تىلفۇن تۇسا دەپ ئويلاپ تاغىسىنى تىزراق دەپ بىرىشكە ئالدىراتتى:
-خىزمەتدىشىمغا كۆرستىپ باقتىم، ئۇنىڭ دىيىشىچە بۇ قىيىنلىق دەرەجىسى يوق ئوپراسيەكەن، ھازىرغىچە بۇ خىل كېسەلدىن خېلى جىقىنى ئوپراسيە قىلىپ بېقىپتۇ، ئىچىدە بىر ئىككى بىمار سەللىمازا بولمىغاننى ھېساپقا ئالمىغاندا، باشقىلىرى ئاساسەن ساقىيىپ چىقىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇ يىگىتنىڭ ئۆز قۇلى بىلەن تەكشۈرۈو بېقىپ ئاندىن ھەقىقى بىر نىمە دەيدىغانلىقىنى دېدى. چۈنكى يەرلىك دوختۇرخانىلار بىلەن بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئوخشىماي قېلىشىمۇ مۇمكىن، بۇرۇنمۇ بۇنداق ئەھۋاللار كۈرۈلگەن. يەرلىك دوختۇرخانىلاردىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى خاتا چىقىپ قېلىپ بىمارلارغا ئاۋارچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئەھۋال جىق. بەزى بىمارلار ئۇ يەردە تەكشۈرتۈپ كېسەل چىقىپ بۇ يەرگە ئەنسىرەپ يېتىپ كىلىپ تەكشۈرسە ساق چىقىپ كېلىپ كەتكۈچە

بىر مۇنچە چىقىپ تارتىۋالدۇ.

-ئۇغۇ شۇنداق دېدى خالنۇر جاۋابەن. ئۇنداقتا مەن ئۇلارغا دەپ باقاي، مۇمكىن بولسا ئۇلار ئۈرۈمچىگىلا بارسۇن.

-بولدۇ، تىلفۇن نۇمۇرۇمنى ئۇلارغا بەر، كېلىپلا مىنى ئىزدىسۇن. ھازىر دوختۇرخانىلاردا كېسەللەر بەك كۆپ، بالنىستا يېتىش توغرا كېلىپ قالسا كارۋات ئالالماي ئۇزۇن ساقلاپ كىتىشى مۇمكىن. مەن ئۇلارغا كارۋات ھەل قىلىپ بېرىمەن.

-رەھمەن سىزگە سولتان دادا دېدى خالنۇر خۇشال بولۇپ.

-ئۇنداقتا تىلفۇننى قويدۇم، ئىش بولسا يەنە تىلفۇن قىلاسەن.

-بولدۇ سولتان دادا، ئەمسە ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ. خۇدايىمغا ئامانەت.

-خۇدايىمغا ئامانەت.

خالنۇرنىڭ تاغىسى بىلەن تىلفۇندا قىلىشقان پارىڭىنى ئاڭلاپ نۇرنىسا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىپ كەتتى:

-رەھمەت سىزگە سىڭلىم، سىز بولمىغان بولسىڭىز قانداقمۇ قىلار ئىدىم. ئۇنى دوختۇرخانىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتىشكىمۇ سىز ماقۇل كەلتۈردىڭىز.

- تۈزۈت قىلماڭ ئاچا، مەن تېخى ھىچنىمە قىلىپ بىرەلمىدىم، ئاللاھ شىپالىق بىرىپ ئۇ ساقىيىپ كەتسىلا شۇنىڭ ئۆزى يىتەرلىك.

- بىراق ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىشقا ئۇنارمۇ ؟ دېدى نۇرنىسا سەل ئىككىلىنىش بىلەن.

- چوقۇم ئۇنايدۇ، ئۇ بىر نىمە دىمىگەن بىلەن ئەمىلەتتە ساقىيىش

ئارزۇسى ھەممىدىن كۈچلۈك، پەقەت بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ تەسرىدىن تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىغاچقا مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ،

- تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا سىز ماقۇل كەلتۈردىڭىز، ئۈرۈمچىگە بېرىشقىمۇ چوقۇم ماقۇل كەلتۈرەلەيسىز.

- مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرەي قېنى.. خالنۇر شۇنداق دەپ ياتاققا قاراپ ماڭدى. ئۇ ياتاق ئالدىغا كەلگەندە ئابلىز ياستۇققا يۆلەنگىنىچە بىر نىملەرنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ خالنۇرنىڭ كىرىپ كەلگىننى كۆرۈپ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۇنىڭغا قارىدى .خالنۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ ئۈرۈندۇقنى كارۋاتقا يېقىن سۈردى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئابلىز خالنۇرنىڭ ئۆزىگە بىر نىمە دىمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل جىددىيلىشىپ قالدى. دىگەندەك خالنۇر ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندىن كيىن گەپ باشلىدى:

- بايا تاغام بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇ سىزنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىڭىزنى كۆرۈپ سىزنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ داۋالىنىشىڭىزنى تەشەببۇس قىلدى. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز ئۈرۈمچى ئاپتۇنۇم رايۇنىمىز ئىچىدىكى ئەڭ تەرەققى قىلغان شەھەر، شۇنىڭ چۇشلۇق دوختۇرخانىلىرىنىڭ داۋالاش تېخنىكىسىمۇ بۇ يەردىن كۆپ يۇقىرى. ئوپراسيەنى ئۇ يەردە قىلسا تەلتۆكۈش ساقىيىش نىسپىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئاچىڭىزمۇ، مەنمۇ ھەم سىزنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ داۋالىنىشىڭىزنى ئۈمۈت قىلىمىز.

- بۇلدۇ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋالىناي.
ئابلىزغا دىسەم چۇقۇم قۇشۇلمايدۇ، قۇشۇلماي قالسا بىر مەيدان ئىدىيۋى خىزمەت ئىشلەيمەن دەپ تەييارلىق كۆرۈپ قويغان خالىنۇر ئابلىزنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەيلا قۇشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ئابلىزغا قارىدى. ئابلىز چىرايىنى ئۆزگەرتمەي باياملقدەكلا ئولتۇراتتى.

- ھەجەپ تىزلا قۇشۇلۇپ كەتتىڭىزيا، ئادەمنى ئەنسىرتىپ دېدى خالىنۇر خۇشاللىقىنى ئىچىگە يۇشۇرالمىغان ھالدا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ

- ھەممەيلەن مىنى دەپ پايپېتەك بۇلۋاتسا قۇشۇلماسلىقا سەۋەپ بارمۇ، بۇ قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ داۋالىنىشنى قوبۇل قىلىپ باقاي، گەرچە چوڭ ئۈمۈت كۈتۈپ كەتمىسەممۇ بىراق بۇ قارارىم بىلەن ئاچام خۇشال بۇلدىغان ئىشكەن. ئوپراسيەدىن كىين ساقىيالمىغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭدىن بەك ئېغىرلىشىپ كەتمەيمەن. ئىشقىلىپ باشقىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم،، سەللىمازا ساقىيشتىنمۇ چوڭ تامايىم يوق .

- مۇشۇنداق ئويلىغان بولسىڭىزلا ياخشىغۇ دېدى خالىنۇر سەل ھاياجانلانغان ھالدا. ھەممىمىز سىزنى دەپ مۇشۇنداق قىلىۋاتقاندىن كىين، سىز باشقىلانىرى ئويلىمىسىڭىزمۇ ئاچىڭىزنى بولسىڭىزمۇ ئويلاپ قۇيىشىڭىز كېرەك. يەنە تاغامنىڭ دىيىشىچە ھازىرقى مېدىسىنا تەرەققىياتىدا كېسىلىڭىزنى ساقايتىش چوڭ مەسىلە ئەمەسكەن .شۇڭا سىز چوڭ ئىشەنىچ بىلەن داۋالانسىڭىز بۇلدۇ.خالىنۇرنىڭ بۇ گېپىگە قارىتا ئابلىز بىر نىمە دېمىدى. خالىنۇر ئابلىزنىڭ ھېچ قارشىلىقسىزلا قۇشۇلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئابلىز ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋالىنىدىغان ، ئىككى كۈندىن كىينلا يولغا چىقىدىغان ، ئابلىز بىلەن نۇرنىسا بىلەن بارىدىغان بولدى .ئابلىز دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۇرۇمچىگە ماڭغۇچە بولغان ئارلىقتا ئۆيدىن سىرتقا چىقمىدى، كىتاپخانىغىمۇ، دەريا بۇيىغىمۇ بارمىدى. گەرچە ئۇ داۋالىنىشقا، ئوپراسيە قۇشۇلغان بولسىمۇ بىراق كۆڭلىدە ئەنسىرەش چوڭ ئىدى. كىچىك ۋاقتىدىكى ئوڭۇشسىزلىق، ئوپراسيەدىن كىين تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە باشقىچە ئەنسىرەش، قورقۇنۇشنى سېلىپ قويغان ئىدى. شۇڭا خالىنۇرنىڭ ئۇنىڭغا چۇقۇم ساقىيىپ كېتىسىز دەپ ئىشەنچى بىلەن ئېيتقان سۆزى ئۇنىڭ ئەنسىرىشنى يوق قىلالمىدى. ئۇ ئەگەر ئوپراسيەدىن چىقىپ ھازىرقى ھالىدىنمۇ بەكرەك ئېغىرلىشىپ كىتىپ پۈتۈن مېيىپ بۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتى. بۇنداق بولغاندا ئۇ ئاچىلىرىغا يۈك بۇلۇپ قالاتتى .كىچىك بولغان بولسىغۇ ئاچىلىرى قارىسىمۇ مەيلى ئىدى. بىراق ئۇ ھازىر چوپچوڭلا بىر يىگىت بۇلۇپ قالغان ئىدى، ئاچىلىرىنى كۆيۈنۈپ قارىدى دىگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇلارنى ئۆز ئاچىسى دىگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا بەزى ئىشلاردا بىئەپ بۇلۇپ قالاتتى. ھازىر ھېلىمۇ ئۇنىڭ يېزنىسى بۇلۇپ قاپتۇ بەزى ئىشلارنى شۇ يېزنىسى ياردەم قىلاتتى. بىراق يېزنىسنى ئۆزىگە ھەر قانچە ئامراق ، كۆيىندۇ دىگەندىمۇ ئۇنىڭ چېكى بۇلدۇدە .ئەگەر ھازىرقىدىنمۇ بەك ئېغىرلىشىپ ئولتۇرىشىمۇ قىينىغا توختايدىغان ئىش بۇلۇپ قالسا ئۇ چاغدا يېزنىسىمۇ بىرئاي قارار،ئىككى ئاي قارار، ئاچىلىرىمۇ بېقىپ -بېقىپ ئاخىرىدا ئېغىرچىلىق ھېس قىلماسمۇ؟ زېرىكىش،

بىزرالىق ھېس قىلماسمۇ؟ ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغادا بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، قورقۇنۇش كىرۋالاتتى.دىمىسمۇ ئۇنىڭ ئەنسىرشى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى .

خالىنۇر ئابلىزنىڭ دوختۇرخانىدىن چىققانلىقىنى ۋە نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئورۇمچىگە ماڭىدىغانلىقى نۇرنىسادىن تېلفۇن ئارقىلىق ئاڭلاپ ھەم خۇشال بولدى ھەم بىر خىل قىيالماسلىق ھېسيادى قەلبىنى چۇلغىۋالدى. ئۇ ئابلىزغا قارىغان مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزى بىلەن ئابلىز توغىرسىدا ئويلىنىشقا باشلىغان ئىدى. ھېلىقى چاغدا ئاپىسى تېلفۇن قىلىپ تويىنىڭ گېپىنى قىلغاندا باشقا يىگىتلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئابلىزنى ئويلاپ، ھازىر بولسا كۆندە ئۇ تۇ توغۇرلۇق ئويلايدىغان بۇلۇپ قالغانلىقى ھېس قىلىپ سۈبىنۇر دىگەندەك ھەقىقەتەن ئابلىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېتراپ قىلىشقا باشلىغان ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئىككىلەندۈرۈپ قۇيىۋاتقان مەسىلە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئابلىزنىڭ مېيىپلىقى ئىدى. ئۇ ئابلىزنىڭ مېيىپلىقىنى چوڭ مەسىلە دەپ قاراپ كەتمەيتى ھەم بۇرۇندىن ئابلىزنىڭ ھامان بىر كۈنى ساقىيىپ كىتىدىغانلىقىغا چىڭ پۈتەتتى. بىراق ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىس بىر مەسىلە ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇشۇلماسلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدىئ ئەزەلدىن ئاتا-ئانىسنى گېپىنى يىرمايدىغان خالىنۇرمۇ بىر ئوغۇل بالىنى دەپ ئۇلارغا قارشى چىقىشقا كۆزى يەتمەيتى. شۇڭا ئۇ ھەممىدىن بەكرەك ئابلىزنىڭ تىزرەك ساقىيىشىنى ئۈمۈت قىلاتتى. چۈنكى ئابلىز ساقايغاندىلا ئاندىن ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىدىن ئەنسىرەپ يۈرمەي ئۇدۇللا ئۇنىڭ گېپىنى دىيەلەيتى. ئۇنىڭ خىزمىتى بولسۇن -بولمىسۇن، پۇلۇ بولسۇن -بولمىسۇن بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئاتا-ئانىسىمۇ كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ خىزمىتى، مال دۇنياسىدىن بەكرەك ئۇنىڭ مىجەزىگە بەكرەك قارايدىغانلاردىن بولغاچقا بۇ جەھەتتە چوڭ مەسىلە يوق ئىدى . چۈنكى خالىنۇر ئابلىزنىڭ ناھايتى ئاقكۆڭۈل ياخشى بالا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ساقىيىپلا كەتسە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ خېلى ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .ئۇڭا ئۇ ئابلىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بىر باشقا چىقىش چىقماسلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ساقىيش-ساقايماسلىقىغا باغلاپ قويغان ئىدى. ئەگەر ئۇ ساقايسا كۆڭلىدىكىدەك ئىش بۇلىدۇ، ئەگەر ساقايماي قالسا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشى بىر باشقا چىقماي قالاتتى. خالىنۇرغۇ ناۋادا ئابلىز بۇ پات يېقىندا ساقايماي قالسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، يەنە نەچچە يىل ساقلىسىمۇ ساقلىيالايتى، بىراق ۋاقتى كەلگەندە يەنىلا شۇ ئاتا-ئانىسى ئارىغا كىرىپ بىر باشقا چىقماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتى. ئەگەر راسلا شۇنداق بۇلىدىغان بولسا ئۆزىغۇ ئەمدى خالىمىسىمۇ باشقا ئادەم بىلەن تۇرمۇش قۇرار، بىراق ئۇ چاغدا ئابلىز قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغاندا نېرۋىسى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كىتەتتى .شۇڭا خالىنۇرغا ھازىرقى بىردىن بىر ئۈمۈت ئابلىزنىڭ ساقىيىشى ئىدى .

مانا ئابلىزنىڭ ماڭىدىغان كۈنىمۇ كېلىپ قالدى. پويىزدا ئۆزۈن مېڭىپ قىينىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇلار ماشىندا ماڭىدىغان بولغان ئىدى. مااشىنا كەچ سائەت تۆتنىڭ ماشىنىسى بۇلۇپ ئابلىز،خالىنۇر، نۇرنىسا يەنە ئۇنىڭ يولدىشى ئەكرەم تۆتەيلەن

چىققان ئىدى. ئەكرەم نۇرنىسانىڭ قۇلىدىكى يۈك-تاقلارنى ۋە ئابلىزنىڭ چاقلىق ئۇرۇندۇقنى ماشىنىنىڭ كەينىگە سېلىۋېتىپ كەلگەندىن كېين ئۇلار كۆتۈش زالىغا كىرىپ ئورۇن ساقلاپ ئولتۇرۇشتى:

- ئۇنتۇپ قالغان نەرسىلەر يوقتۇ ھە؟ يولدا بارغۇچە نەچچە يەردە كىمىك تەكشۈردىغان ئىش بار، كىملىكنى ئېلىۋالغانسىلەر دېدى ئەكرەم:

- ھە ،ئېلىۋالدۇق ئابلىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھەممىسى مىنىڭ سومكامدا خاتىجەم بۇلۇڭ.

- بېرىپلا تىلغۇن قىلىۋېتىڭ ئەمىسە.. پۇل كەملەپ قالسا مەن سېلىپ بىرىمەن. ئەسلى مەن بىللە بارسام ياخشى بۇلاتتى. ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىغا سىز ياردەم قىلالمايسىز. بىراق ئىدارىدىن ماڭا رۇخسەت بەرمىدى. مەن يەنە داۋاملىق سوراپ باقىمەن رۇخسەت سورىيالىسام ملا ئارقاڭلاردىن بارىمەن.

- بۇلىدۇ. خېلى جىق پۇل ئېلىۋالدىمغۇ، مىنىڭچە مۇشۇ پۇل يېتىپ ئاشىدۇ. سىز بىزدىن ئەنسىرمەي خىزمىتىڭىزنى قىلىۋېرىڭ. مەن ئەكسىچە سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم . ئەزەلدىن تاماق يېيىشكە ئالدىرمايسىز، ئەمدى سىزگە تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ئادەم يوق مەن كەلگۈچە جاپا تارتىدىغان بولدىڭىز.

- نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز، مەن كىچىك بالا بولمىسام، ئۆزەم قىلالمىسام سىرتقا چىقىپ يەپ تۇرىمامدىم. خاتىرجىم بۇلۇپ سىز كەلگۈچە ئۇرۇقلاپ كەتمەيمەن دېدى ئەكرەم چاقچاق قىلىپ. بىراق ئابلىزغا چوقۇم ياخشى قاراڭ جۇمۇ

- ھەجەپ دەپ كەتتىڭىزغۇ، بۇ مىنىڭ ئۇكام جۇمۇ سىزنىڭ ئەمەس، باشقىلار ئاڭلىسا سىزنىڭ ئۇكىڭىز ئوخشايدۇ دەپلا قالىدۇ بۇ گېپىڭىزدىن.

- مەيلىغۇ، دىمىسىمۇ مىنىڭ ئۇكام بۇ، شۇنداقمۇ ئابلىز .ئەكرەم شۇنداق دىگەچ خۇددى ئابلىزدىنىڭ خېلىلا چوڭ ئادەمدەك مېھربانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى. ئۇلارنىڭ گېپىگە ئابلىز كۈلۈپ قۇيۇپ جاۋاپ قايتۇرمىدى .ئەكرەم سائەتكە قاراپ:

- ۋوي، بىردەملا ماڭىدىغان ۋاقتىڭلا بۇلۇپ قاپتۇ، جۇرۇڭلا سىلەرنى ئاپتۇبسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېتىپلا ئاندىن قايتاي. ئۇ شۇنداق دىگەچ ئابلىزنى ھاپاش قىلىپ ئاپتۇبۇسنىڭ بار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. نۇرنىسا بىلەن خالنۇر ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى:

- ئەكرەم ھېلىمۇ ئۇنىڭغا ئۆز ئىنىسىدەكلا كۆيۈنىدۇ. ئۆزىمۇ كىچىكىدە دادىسى يوق يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان شۇڭا ئابلىزدىن نەچچە ياشلا چوڭ بولغان بىلەن ئۇنىڭ دادىسىدەكلا . ئۇ ئابلىزنىڭ ھەم دادىسى، ھەم ئاكىسى ھەم بىردىن بىر سىردىشى بۇلۇپ قالدى. باشقا ھەدىلىرىمنىڭ يولدىشى ئۇنىڭغا تازا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ،شۇڭا ئۇ مىنىڭكىدە تۇرۇشقا ئامراق. ھېلىمۇ ئەكرەم بۇلۇپ قاپتىكەن، بولمىسا مەن ئۆزەم يالغۇز ئۇنىڭغا قاراپ بۇلالمايتىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئاچىسى بىلەن بىلەن ئۇ ئوغۇل بالا، مەن قىز بالا . بەزى ئىشلاردا يەنىلا ئەر كىشى بولمىسا بولمايدىكەن.

خۇدايىمنىڭمۇ كۆزى باركەن"كۆزىدىن ئارىغاننى ھاسسىدىن ئايىرىماپتۇ"دەپ دادام بىلەن ئاكام تۆگەپ كەتكەن بىلەن ئەكرەمدەك بىرسىنى ئۇنىڭغا ئاكا قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ ئەگەر ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئائىلىزغا قارىمىغان بولسا ياكى ياخشى مۇئامىلە قىلمىسىمۇ مەن ھېچنىمە دېيەلمەيتىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئائىلىزنى بېقىش مەجبۇرىيتى ئەسلا يوق. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن بەك مىننەتتار.

- مەن قارىساممۇ شۇنداقكەن دېدى خالىنۇر ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ.ئەكرەم ئاكام ئائىلىزغا بەك كۆيىنىدىكەن، ئۆز قېرىنىدىشى بولسىمۇ ئۇنداق قىلالاشى ناتايىن.بىلمەيدىغانلار بولسا چۇقۇم ئۇنى ئاكىسى سىزنى يەڭگىسى دەپ قالغۇدەك . خالىنۇرنىڭ بۇ گېپىدىن ھەر ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ ئارلىقتا ئەكرەم ئائىلىزنى ماشىنغا ئېچىگە ئەكىرىپ ئورىنغا ياتقۇزۇپ قويۇپ يېنىپ چۈشتى. ئەسلى خالىنۇرنىڭ ئائىلىزنى ئۇزىتىپ قويغاچ ئۇنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغۇسى، ئۇنى ئۇزۇنراق كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى. بىراق ئەكرەم بىلەن نۇرنىسا بولغاچقا ئۇلارغا گەپلەشكۈدەك پۇرسەت چىقمىغان ئىدى .

- ئۇنداق بولسا سىزمۇ چىقىڭ، باشقا يۇلۇچىلار ئالىلبۇرۇن ئورۇنلىشىپ بوپتۇ دېدى ئەكرەم ماشىندىن چۈشۈپلا.

- بۇلدۇ ئەمسە، مەنمۇ چىقىپ كىتەي، ھەر ئىككىلىڭلارغا خوش .خوش ئەكرەم ،تاماقنى ۋاقتىدا يەڭ. سىزگىمۇ خوش خالىنۇر، كەلگەندە كۆرۈشەمىز.ئۇ شۇنداق دەپ خوشلىشىپ ماشىنغا چىقىپ كەتتى. دىگەندەك نۇرنىسا ماشىنغا چىقىپ بەش مىنۇت ئۆتمەيلا ماشىنا ئورنىدىن قوزغىلىپ بىسكەتنىڭ چىقىش ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى .خالىنۇر ئاخىرقى قېتىم ئائىلىزنى كۆرۋېلىش ئۈچۈن ماشىنا ئېچىگە بويىنىنى سوزۇپ شۇنچا قارىغان بولسىمۇ ئائىلىزنى كۆرەلمىدى. ماشىنىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئەينەكلىرى قارامتۇل بولغاچقا ئېچىدىكى ئادەملەر ئېنىق كۆرۈنمەيتى. خالىنۇر ھەتتا ئائىلىزنىڭ قايسى ئورۇندا ياتقانلىقىنىمۇ كۆرەلمەي قىيالماسلىق ئېچىدە كەينىگە ياندى.

قىزغۇچ تاغلار بىلەن قورشالغان تۆزلەڭلىكتە سوزۇلۇپ ياتقان بۇ شەھەرنىڭ جىددىيلىك بىلەن تولغان بىر كۈنى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. غەربى دىيارنىڭ مەركىزى، يىپەك يولىنىڭ تۆگىنى بولغان ئۈرۈمچى تېخى تاڭ يورۇماستىنلا سود-سېتىق بىلەن شوغۇللاندىغانلار تەرىپىدىن ئاۋاتلىشىپ كىتەتتى. يازنىڭ ھارارەتلىك قۇياشى شەرىق تەرەپتىكى كۆككە تاقاشقان ئېگىز بىنالارنىڭ كەينىدىن ئۆتۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى .كوچىلار سوغۇق كۈلرەڭ تۇمان يېپىلغاندەك تۇمانلىشىپ كەتكەن بولۇپ.،كېچىدىكى تىمتاسلىق، جىمجىتلىق تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش يۈرگەن ئادەملەر، بارغانسىرى كۆپىيۋاتقان ماشىنلاردىن جانلىنىپ باشقىچە تۈسكە كىرگەن، قايناق ھايات يېڭى بىر ئەتىدىن قايتا باشلانغان ئىدى. غەربى دىياردىكى ئەڭ تەرەققى قىلغان چوڭ شەھەر ھەم مەركەز بولۇش سۈپىتى بىلەن بارچە يېڭىلىق،تەرەققىيات ئاۋال مۇشۇ شەھەردە بولۇپ ئاندىن باشقا شەھەرلەرگە تارىلاتتى. تىجارەت قىلىدىغانلارغىمۇ، ئوقۇيدىغانلارغىمۇ ئىشقىلىپ ھەر قانداق ساھەدىكىلەرگە نىسپەتەن بۇ شەھەر ئەڭ

ياخشى تاللاش، چىقىش يولى ئىدى. شۇڭلاشقا غەربى دىيارنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كىشلەر بۇ يەرگە تۇرمۇشنى قامداش، ئوقۇش، تىجارەت قىلىش دىگەنلەرنى كۆڭلىلىرىگە پۈكۈپ ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن كىلىشەتتى. بارچە ئاتۇقچىلىق، ئەۋزەللىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇ گۈزەل شەھەر كىشلەرنىڭ ئۈمۈدى، چىقىش يولى، تىرىكچىلىك يولى بولۇش بىلەن تەڭ يەنە يامان ئىشلارنىڭ مەنبەسى دىيىشكىمۇ بولاتتى. ياخشى يول بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش يولىنى ئويلاپ كەلگەنلەر مۇشۇ يەردە يامان ئىشلارنى ئۆگىنىپ قالاتتى. بەزىلەر بۇ يەردە كۆتكىنىگە ئېرىشىپ ئاللاھقا ھەمدۇسانا تىلىگەن بولسا يەنە بەزىلەر بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ ئۈرۈمچى ئىسمىلىك بۇ شەھەرگە، بۇ شەھەردىكى ئاللىقانداق ئەسكى ئادەملەرگە لەنەتلەرنى ئوقۇشۇپ كۆز-يېشى بىلەن كىتىپ قالاتتى. ئەمليەتتە بۇ شەھەردىكى يامان ئىشلار يەنىلا شۇ ئادەملەرنىڭ ئاچكۆزلىكى،نەپسانيەتچىلىكىدىن بولۋاتقانلىقىنى ئويلاشمايتى. ئىشقىلىپ تەرەققياتنى، مەدىنيەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئۇزۇن تارىخنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ زامانىۋى شەھەرنى غەربى دىيار خەلقىنىڭ پەخرى دىيىشكە بولاتتى .

تاڭ سەھەر بەش يېرىملار ئەتراپى بىلەن ئابلىزلار چىققان ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتۇبۇسى ھۆرۈنلۇق بىلەن ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرىگىنىچە ئۈچ تاش بېكىتىگە كىرىپ توختى. شوپۇر بىكەتكە تېخى كىرىپ ئۆلگۈرمەيلا ئويقۇدىن تېخى باش كۆتۈرمىگەن يولۇچىلارنى ئويغىتىشقا چۈشتى:

- ئۈرۈمچىگە كەلدۇق، نەرسە كېرەكلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاپتۇبۇستىن چۈشۈڭلار. شوپۇرنىڭ توۋلىشى بىلەن يولۇچىلار بىر-بىرلەپ ئويغىنىشقا چۈشتى. ئۆرۈلۈپ يېتىشمۇ تەسكە چۈشىدىغان تار كارۋاتتا ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالغان ئابلىزمۇ شوپۇرنىڭ ئاۋازىدىن كۆزىنى ئاچتى ۋە يېنىدىكى كارۋاتتا ياتقان ئاچىسى نۇرنىسانىڭ ھەدەپ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جەينىكى بىلەن تايىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنى رۇسلاپ ياتقان يېرىدىن قوزغىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىدى. نەچچە منۇتقا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئاپتۇبۇس ئىچىدىكى يولۇچىلار پۈتۈنلەي چۈشۈپ بولدى. نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ پەسكە ئېلىپ چۈشۈۋېتىپ چىققان نۇرنىسا ئاپتۇبۇسقا چىقىپ ئابلىزنىڭ يېنىغا كەلدى:

- تۇرە، ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدۇق. ئۇ بىر ياقتىن شۇنداق دىگەچ ئابلىزنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە ئاپتۇبۇستىن چۈشمەكچى بولدى.ئ بىراق ئىككى كارۋات ئارىسىدىكى يول بەك تار بولغاچقا ئەپلەشمەي قالدى. نۇرنىسا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا باياتىن بۇيان ھەممە يولۇچىلارنى چۈشۈرۈپ بولۇپ بۇ ئىككىسىنىڭ چۈششىنىلا ساقلاپ تۇرغان شوپۇر نۇرنىسانىڭ قىينىلۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

- بۇ ئۇكىمىز مېيىپ ئوخشامدۇ؟ بۇ تار يولدا ئۇنى قولتۇقلاپ ماڭىسىڭىز ئىككىڭلار ئەلۋەتتە پاتمايسىلەردە. مەن ياردام قىلاي. ئۇ شۇنداق دەپ ئابلىزنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە ھاپاش بول دىگەەن مەندە ئۇنىڭغا قارىدى. ئابلىز سەل ئىككىلىنىپ قېلىپ

ئاچىسىغا قارىدى ۋە ئاچىسىنىڭ ھىچقىسى يوق دىگگەن مەنىدە باش لىڭشىتىشىغا قاراپ گەپ قىلماستىن شوپۇرغا ھاپاش بولدى. شوپۇر ئۇنى ئاپتۇبۇستىن چۈشۈرۈپ قويغاندىن كىيىن ئاپتۇبۇسقا چىقىپ كەتتى. نۇرنىسا ئابلىزنى يۆلەپ چاقلىق ئۇرۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كىيىن تاكسى بارمىكىن دەپ ئەتراپقا قارىدى. ئەتراپتا بىرمۇ تاكسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىر قولىدا يۈك-تاقلارنى كۆتۈرگەچ يەنە بىر قولىدا ئابلىزنى ئىتتىرىپ بىيكەت سىرتىغا چىقتى. بىكەتن سىرتىغا چىقىش بىلەن تەڭ بىر سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلى يۈزىگە ئۇرۇلۇپ سەل ئەندىككەندەك بولدى. ئۇ ئۇرۇمچىنىڭ سەھىرىنىڭ ئاقسۇنىڭكىدىن سەل سوزۇق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى ۋە ئابلىزغا سوقۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ سومكىسىدىن تونۇگۈن ماشىنىدا ئىلىپ قويغان نىپىز ئەديالنى ئىلىپ ئۇنىڭغا يىپىپ قويدى . ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇققانلىرى بولمىغاچ نۇرنىسا دەرۋەقە قاياققا مىڭىشنى بىلەلمەي بىر ھازاغىچە تۇرۇۋەتكەندىن كىيىن سەھەر بولسىمۇ ئۇدۇل دوختۇرخانىغىلا بىرىپ ئابلىزنى دوختۇرخانىغا ئالدۇرۇۋىتىپ ئاندىن باشقا ئىشلارنى ئويلاش نىيىتىگە كىلىپ چوڭ يولغا چىقتى. ئۇ يولغا چىقىپ خىلى ساقلىغاندىن كىيىن ئاران بىر تاكسىنى توختاتتى .تەلىيىگە تاكسى شوپۇرى ئۇيغۇر ئىدى. نۇرنىسا قولىدىكى سومكىلارنى تاكسىنىڭ كەينى ساندۇقىغا جايلاشتۇرۇپ بولغۇچە شوپۇر يىگىت ماشىنىسىدىن چۈشۈپ ئابلىزنى يۆلەپ ماشىنىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزدى ۋە چاقلىق ئۇرۇندۇقنى قاتلاپ ماشىنىنىڭ كەينىگە تىقتى. نۇرنىسا شوپۇرغا رەھمەت ئىيتقاندىن كىيىن تاكسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئولتۇردى.

شوپۇر ماشىنىنى ئورنىدىن قوزغاپ بولغاندىن كىيىن نۇرنىسادىن سورىدى:

- نەگە ئاپىرىپ قويىمەن؟
- تىببى ئونىۋىرسىتىت دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويسىڭىز بوپتىكەن ئۇكام .

شوپۇر يىگىت ئەينەكتىن كەينىدە سىرتىقا قاراپ ئولتۇرغان ئابلىزغا مۇنداقلا قارىۋەتكەندىن كىيىن نۇرنىساغا قاراپ:

- سىلەر كىسەل داۋالاتقىلى كەلگەن ئوخشىمامسىلەر ؟
- شۇنداق دىيدى نۇرنىسا. ئىنىمنى داۋالاتقىلى كەلگەن .ئۇرۇمچىگە تۇنجى كىلىشىمىز ئىدى. بىكەتتىن چىقىپلا قانداق قىلىشىنى بىلمەي تۇرسام سىز ئۇچراپ قالدىڭىز.
- قايسى يۇرتتىن كەلدىڭلار دەپ سورىدى يىگىت قىزىقىپ:
- ئاقسۇدىن كەلدۇق.
- ۋوي، بىر يۇرتلۇقكەنمىزغۇ، مەن ئاقسۇ بايدىن. ئۇرۇمچىدە تاكسى ھەيدەۋاتقىلى 3 يىل بۇلۇپ قالدى.
- ھە مۇنداق دەڭ، قانچە ياشقا كىردىڭىز ئۇكام ؟
25 ـ كە كىردىم.
- ھە، مىنىڭ ئىنىم بىلەن تەڭكەنسىز. نۇرنىسا شۇلارنى دىگەچ كەينىدە ئولتۇرغان ئابلىزغا قاراپ قويدى. بۇ چاغدا ئابلىز خۇددى ئۇلارنىڭ پارىڭى ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك پەرۋاسىز قىياپەتتە سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ قارىماققا سىرتتىكى

مەنزىرلەرنى كۆرۈپ ماڭغاندەك قىلسىمۇ بىراق باشقا ئىشلارنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۆرۈمچىگە تۇنجى كېلىشى بولسىمۇ ماشىنا دېرىزىسى سىرتىدىكى بۇگۈزەل شەھەرنىڭ ھەيۋەت كۆرۈنۈشلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىغان ئىدى. تاكسى 20 مىنۇتلارچە ماڭغاندىن كېيىن تىببى ئونىۋېرسىتت دوختۇرخانىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. نۇرنىسا ماشىنىدىن چۈشكىچە بولغان ئارلىقتا شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ بولدى ۋە كەينىگە تىقۋەتكەن چاقلىق ئۆرۈندۇقنى ئېلىپ تۇزلىدى ئاندىن ماشىنىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ئابلىزنى يۆلەپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ چاقلىق ئۆرۈندۇقتا ئولتۇرغۇزدى. بۇ ئارلىقتا نۇرنىسامۇ سومكىسىدىن پۇل ئېلىپ شوپۇرغا تەڭلىدى:

- رەھمەت ئۇكام، سىزنى ئاۋارە قىلۋەتتىم

- ياقەي، بۇ مىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم. يىگىت شۇلارنى دىگەچ نۇرنىسا تەڭلىگەن پۇلنى تەكەللۇپ بىلەن ئالدى ۋە ئاشقان پۇلنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

نۇرنىسا بارغانچە يىراقلاپ كىتۋاتقان ماشىنىغا قاراپ" ئابلىزمۇ ساقىيىپ مۇشۇ بالىدەك تېمەن بۇلۇپ كەتسكەن "دىگەنلەرنى ئويلىدى ۋە ئابلىزنى ئىتتىرىپ دوختۇرخانا ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

- نۇرنىسا دوختۇرخانا ئىچىگە كىرىپ خالىراق بىر جايدا توختىغاندىن كىيىن تىلفۇننى ئېلىپ خالنۇر بەرگەن ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ نومۇرنى تاپتى ۋە تتىلفۇن نومۇرنى بېسىپراق توختاپ قالدى. چۈنكى بۇ چاغدا تىلفۇن سائىتى ئەمدى 6:22 دىگەننى كۆرستىپ تۇراتتى. ئۇ بۇنچە ئەتىگەندە تىلفۇن قىلىپ ئىزدەشنى ئەپ كۆرمەي نورمال ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى بولغاندىن كىين تىلفۇن قىلىشنى لايىق كۆرۈپ دوختۇرخانا كارىدۇرىغا تىزىپ قويۇلغان قاتار ئۆرۈندۇقلارنىڭ بىرىگە بېرىپ ئابلىزنىڭ هارۋىسىنى ئۆرۈندۇقنىڭ يېنىدا توختاتتى ۋە ئۆزى ئۆرۈندۇقتا ئولتۇردى:

- قورسقىڭ ئاچتىمۇ؟

ئابلىز ياق دىگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى.

- قورسقىڭ ئاچقاندا دېگىن، سىرتتا ئاشخانا باركەن شۇ يەرگە چىقىپ تاماق يەيلى. ئۇ شۇنداق دەپ بۇلۇپ ۋاقتىنىڭ تىزراق ئۆتىشى ئۈچۈن كېلەشدە سومكىسىغا سېلىۋالغان كىتاپتىن بىرنى ئالدىدە ئۇقۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئابلىز يېنىدا ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇۋاتقان ئاچىسىغا مۇنداقلا قاراپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالى تۇلىمۇ چېچىلاڭغۇ ئىدى. ئۇ تۈنۈگۈن كەچ خالنۇرنىڭ ئۇزى ئاپتۇبۇسقا چىقىپ بولغاندىن كىين ئۇنىڭ ئاپتۇبۇس ئىچىگە قاراپ ئۇزنى ئىزدىگەنلىكنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ خوش دىمەكچى بۇلۇپ قول ئىشارىتى قىلماقچى بولغان بىراق سىرتتىكىلەرنىڭ ئاپتۇبۇس ئىچىدىكىلەرنى كۆرەلمەيدىغانلىقنى ھېس قىلىپ توختاپ قالغان ئىدى. ئۇ ئاپتۇبۇس قايرىلىپ بىكەتتىن چىقىش ئىشكىگە قاراپ ماڭغانغا قەدەر خالنۇرنى كۆرۈپ تۇرغان ئىدى. ئاپتۇبۇس يولغا چىقىپ خالنۇر كۆرۈنمىگىچە

كىين كىيىن ئۇ خالىنۇرغا دەيدىغان گەپلىرىنىڭ جىقلىقىنى، ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ خالىنۇر بىلەن بىرەر قېتىم تۈزۈكرەك پاراڭلىشىشقا تىرىشىپ باقماي، ئۆزىنى قاچۇرۇپلا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ بىردىنلا خالىنۇرنى قاتتىق سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىچى تىتىلداپ كەتتى ۋە ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويىدى .نۇرنىسا ئابلىزنىڭ قىمىرلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كىتاپتىن دەرھال بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ:

- نىمە بولدى؟ قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ ياكى ئۇبىرىنىغا بارامسەن ؟

ئابلىز نۇرنىسانىڭ سورىغان سۇئاللىرىنىڭ ھەممىسىگە ياق دىگەن مەنىدە بېشىنى چايقاش بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. نۇرنىسا ئابلىزنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە:

- بىردەم ئولتۇرۇپ تۇر ، سائەت 8 مۇ بۇلۇپ قاپتۇ مەن سىرتتىكى ئاشخانىغا چىقىپ سامسا بولسىمۇ ئالغاچ كىرەي .بىردەم تۇرۇپ دوختۇرلار ئىشقا چۈشكەندە ئالدىراش بۇلۇپ كىتىپ بىر نەرسە يىيەلمەي قالمايلى يەنە. ئۇ شۇنداق دەپ سىرتقا ماڭدى. نۇرنىسا سىرتقا چىقىپ بىر نەرسە ئەكىرگىچە بولغا ئارلىقتا خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بۇلۇپ ئۇ قايتىپ كىرگەندە باياتىن خېلىلا تىنىچە دوختۇرخانا ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەكىرگەن نەرسىلەرنى ئابلىزنىڭ قۇلىغا تۇتقۇزغاچ قۇلىغا تىلفۇننى ئالدى ۋە خالىنۇرنىڭ تاغىسىغا تىلفۇن قىلدى ۋە قارشى تەرەپ تىلغۇننى ئېلىپ بىر نەرسە دىگۇچە ئۇ ئاۋال گەپ باشلىدى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكا، بىزئاقسۇدىن كەلگەن، خالىنۇر دوختۇرخانىغا بېرىپلا مۇشۇ نۇمۇرغا تىلفۇن قىلىشىمىزنى ئېيتقان ئىدى

- ھە، كېلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئۇنداقتا ھازىر سىلەر نەدە ؟

- بىز ئامبولاتۇرىيە بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە

- ھە، ئۇنداق بولسا سەل ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن پەسكە چۈشەي. خالىنۇرنىڭ تاغىسى شۇنداق دەپ تىلفۇننى قويىدى .

دىگەندەك ھايال ئۆتمەيلا نۇرنىساغا باياىقى نۇمۇردىن تىلفۇن كەلدى:

- ۋەي؟

— مەن چۈشۈپ بولدۇم، سىلەر نەدىراق؟

نۇرنىسا خالىنۇرنىڭ تاغىسىغا ئورنىنى دەپ بەرگەچ ئەتراپتىن ئىزدەشكە باشلىدى ۋە ئۆزىدىن بەش-ئالتە مىترچە نېرىدىكى لىفت ئالدىدا قۇلىقىغا تىلفۇننى تۇتۇپ تۇرغان بىر دوختۇرنى كۆردى ۋە ئۇ ئادەمنىڭمۇ ئەتراپتىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇ ئادەمنىڭ خالىنۇرنىڭ تاغىسى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى ۋە تىلفۇننى قۇيۇپ ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا باردى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، سىز سولتان ئاكام بۇلامسىز؟ ئۇ ئادەم كەينىگە كۆرۈلۈپ نۇرنىسانى كۆردى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. شۇنداق مەن شۇ. كەلگىچە جاپا تارتمىغانسىلەر؟ ئىنىڭىز

قېنى؟

نۇرنسا ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرگەچ ئابلىزنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى. خالنۇرنىڭ تاغىسى ئابلىزنىڭ قېشىغا كەلگەندىن كىيىن ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ قول ئۇزاتتى:

- ياخشىمۇسەن يىگىت. مەن خالنۇرنىڭ تاغىسى.

ئابلىز خالنۇرنىڭ تاغىسىنى كۆرۈپ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتىۋە بايا ئاچسى قۇلىغا تۇتقۇزۇپ قويغان نەرسىلەرنى يەرگە قويۇپ ئۇنىغا قول ئۇزاتتى.ۋە يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا قارىدى. خالنۇرنىڭ تاغىسى قارىماققا 40 ياشلاردا بار بولۇپ ئىللىق چىراۋ ئادەدەك كۆرۈنەتتى.

- ئەمسە ئەتىگەندىن باشلاپ تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتەمدۇق دېدى خالنۇرنىڭ تاغىسى نۇرنساغا قاراپ:

- بۇلىدۇ، سىزنىڭ دىگىنىڭىزچە بولسۇن.

- ئاۋال سىز ئاۋۇ كۆزنەككە بېرىپ ئىنىڭىزنىڭ كىملىكىگە بىر داۋالىنىش كارتىسى بىجىرىڭ، ئاندىن ئىچىگە ئازراق پۇل سېلىپ قويۇڭ. مەن ئۇنى ئۈستىگە ئەچىققاچ تۇراي. بىجىراپ بولغاندىن كيىن بىزنى تۆتىنچى قەۋەت 12-نومۇرلۇق ئۆيدىن ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دىگەچ ئابلىزنى ئىتتىرىپ لىفتقا قاراپ ماڭدى، نۇرنسا بولسا كارتا بىجىرىش ئۈچۈن كۆزنەككە قاراپ ماڭدى. نۇرنسا كارتا بىجىرىپ ئۈستىگە چىققاندا سولتان دوختۇر ئىشخانىدا يەنە بىر خەنزۇ دوختۇر بىلەن ئابلىز پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ نۇرنسانى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى:

- ئىنىڭىزنىڭ كېسىلىنى مۇشۇ دوختۇر داۋالايدۇ. ئوپراسىيەسىنمۇ مۇشۇ دوختۇر قىلىدۇ. سىز ئاۋال ماۋۇ قەغەزلەردە كۆرسىتىلگەن تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسنى قىلىپ بولغاندىن كيىن ئاندىن مۇشۇ ئىشخانىغا كىرىپ مۇشۇ دوتۇرنى ئىزدەڭ. مەن باشقا بۆلۈمدە بولغاچ چوڭ ياردەممۇ قىلالمايمان. تەكشۈرۈش نەتجىسى چىقىپ بولغاندا ماڭا تىلفۇن قىلىڭ ئاندىن ئىنىڭىزنى بالنىسقا ئورۇنلاشتۇرىمىز .

نۇرنسا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئابلىزنى ئىتتىرىپ ئۇنى تەكشۈرتىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى. سولتان دوختۇر ئىشىك قېشىغا بېرىپ بولغان نۇرنسانى چاقىرىپ توختاتتى:

- يۈك تاقىلىرىڭىزنى كۆتۈرۈپلا يۈرمەي قويۇپ قويۇڭ، ۋاقتىنچە مىنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ تۇرسۇن. بالنىسقا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كيىن ئىشخانامغا بېرىپ ئېۋېلىڭ .

نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ قۇلى تېلىپ كەتكەن نۇرنسغا بۇگەپ مايدەك خۇشياقتى ۋە سولتان دوختۇرغا رەھمەت ئېيتقاچ نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەردى:

- سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت، سىز ياردەم قىلمىغان بولسىڭىز بۇ چوڭ دوختۇرخانىغا نەگە كىرىپ، نەگە بېرىشنى بىلمەي يۈرەر ئىدىم

- تۈزۈت قىلماڭ. سىلەرنى خالنۇر تونۇشتۇرغا ن ،ھەم بۇ يەرگە كېلىپ داۋالىنىش تەكلىپىنى مەن بەرگەن ئىكەنمەن گەرچە مەسھۇل دوتۇر مەن

بولمساموٴ سلەردوختۇرخاندىن چىققىچە مەن ئىگە بۇلمەن.
نۇرنسا سولتان دوختۇغا قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتقاندىن كيىن سرتقا ماڭدى. ئۇ سولتان دوختۇرنىڭ يېزىپ بەرگىنى بۇيىچە ئارقا -ئارقىدىن سەككىز خىل تەكشۈرۈشنى قىلىپ بولغاندىن كيىن ئۇۋ دەپ سائىتىگە قاردى. سائەت 12 لەر بۇلۇپ قالغان ئىدى.
تەكشۈرۈشلەرنىڭ بەزلىرىنىڭ نەتىجىسى دەل ۋاقتىدا چىقىپ بەزلىرى چۈشتىن كيىن چىقىدىغان بولغان ئىدى. بۇ چاغدا ئابلىزمۇ ،نۇرنساموٴ چارچاپ كەتكەن ئىدى. نۇرنسا چۈشتىن كيىن بولغۇچە تاماق يەۋىلىشنى ئويلاپ سرتقا قاراپ مېڭۋىدى تۇيۇقسىز تىلفۇنى جىرىڭلاپ كەتتى . .ئۇ تىلفۇننى ئېلىپ قاراپ يولدىشىدىن كەلگەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگگ بېرىپلا تىلفۇن قىلۋېتىك دىگەن گېپىنى يادىغا ئېلىپ تىلفۇن قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ دەرھال تىلفۇننى قۇلىغا ئالدى :- ئەسسالامۇ .ئەلەيكۇم؟
- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھە ياغاچ قۇلاق. مەن بېرىپلا تىلفۇن قىلۋېتىك دىمگەنمۇ ؟ ھازىر سائەت قانچە بولدى
- خاپا بولماڭ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن،. ھازىر تېخى ھەممە تەكشۈرۈشنى قىلىپ بۇلۇپ نەتىجىسنى ساقلاۋاتىمىز ؟
- خاپا بولمىدىم .نۇرمال ۋاقىت بۇيىچە ھېساپلىغاندە ئەتىگەندىلا بېرىپ بۇلۇشۇڭلا كېرەك ئىدى .چۈشكىچە تىلفۇن كەلمىگەچ ئەنسىرەپ قالدىم شۇ . شۇنچە تىز تەكشۈرتۈپ بولدىڭىزما؟ خالنۇرنىڭ تاغىسى بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ ؟
- شۇنداق. دوختۇخانىغا كېلىپلا تىلفۇن قىلغانتىم. ھەممە تەكشۈرۈشلەرنى شۇ ئادەم ئۇرۇنلاشتۇرۇپ بەردى. بولمىسا بۇنچە تىز تەكشۈرتۈپ بۇلۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
- خالنۇرغا تىلفۇن قىلىپ رەھمەت دەپ قۇيۇشنى ئۇنۇتماڭ. بىمارلار كۆپ بولغاچ بالنىشقا ئېلىش تەس دەۋاتقان ، قانداق بۇلار ھە؟
- بىمارلارغۇ ھەقىقەتەن كۆپكەن، خۇددى ھەممە ئادەم دوتتۇرخانىغا كېلىۋالغاندەك. بىراق خالنۇرنىڭ تاغىسى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقىسلا منى ئىزدەڭ، ئۇزەم ئۇرۇنلاشتۇرۇپ قۇيىمەن دىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭمۇ ئامالى بۇلۇپ قالار.
- ھە ئۇنداق بولسا خاتىرجەم بولدۇم. ئۇنداق بولسا مەن ئىشمنى قىلىۋىرەي. بىرەر ئىش بولسا تىلفۇن قىلىشنى ئۇنۇتماڭ. خوش ئەمسە.
- خوش ، ئاللاغا ئامانەت، تاماقنى ۋاقتىدا يەرسىز.
ئۇ ئىرى بىلەن خوشلاشقاندىن كيىن خالنۇرغا تىلفۇن قىلىپ بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى بىرەر قۇر دېدى ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاندىن كيىن تىلفۇننى قويدى. ئابلىز ئاچىسىنىڭ خالنۇر بىلەن پاراڭلىشۋاتقانلىقىنى بىلىپ قەلبى قانداقتۇر ھاياخان ئىلكىدە داۋالغۇش ھېس قىلدى. ئۇنىڭ خالنۇر بىلەن پاراڭلاشقۇسى، ئاۋاشىنى ئاڭلىغۇسى بولسىمۇ بىراق ئاچىسىغا دىيەلمىگەچ ئىلاجىسىز جىم ئولتۇردى. ئۇلار سرتقا چىقىپ چۈشلۈك تاماق يەر كىرگۈچە سائەتمۇ 2 لەر بۇلۇپ قالغان ئىدى. نۇرنسا ئابلىزنى پەستە قۇيۇپ قۇيۇپ بايا ئۆزى تەكشۈرتۈش ئېلىپ بارغان بۆلۈمگە بىر-بىرلەپ بېرىپ تەكشۈرۈش نەتىجلىرىنى ئالغاندىن كيىن ئابلىزنىڭ قېشىغا كەلدى.ۋە ئۇنى ئىتتىرىپ بايامقى ئىشخانىغا قاراپ

ماڭغاچ سولتان دوختۇرغا تىلفۇن قىلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئېلىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى.. سولتان دوختۇر بىردەمدىن كىيىن بارىدىغانلىقىنى ئاۋال ئىشخانىغا چىقىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى مەسئۇل دوختۇرغا بىرىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ تىلفۇننى قويدى. نۇرنىسا ئابلىزنى ئېلىپ ئۈستىگە چىقتى ۋە مەسئۇل دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ تەكشۈرۈغ نەتىجىلىرىنى ئۇنىڭغا بەردى. دوختۇر تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى بىر-بىرلەپ تەپسىلى كۆرۈپ چىققاندىن كىيىن ئۇرنىساغا گەپ قىلماقچى بۇلۇپ تۇرۇۋىدى سولتان دوختۇر كىرىپ كەلدى:.

- ياخشى كەلدىڭ، مەنمۇ سىنى ئىزدەي دەپ تۇرغان دىبدى دوختۇر خەنزۇ تىلىدا سولتان دوختۇرغا

سولتان دوختۇر نۇرنىسغا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كىين خەنزۇ دوختۇرغا قاراپ:

- قانداق؟ بۇرۇنقى تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن ئوخشاشمىكەن دىبدى خەنزۇچە. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر ھازەغىچە خەنزۇچە پاراڭلاشتى. نۇرنىسا گەرچە خەنزۇچە بىلسىمۇ سەۋىيەسى ئانچە ياخشى بولمىغاچ ، ھەم دوختۇرلارنىڭ كىسەللىك توغىرسىدا دىيىشكەن كەسپى پاراڭلار بولغاچ تازا چۈشىنىپ يىتەلمىگەچ بىر ياقتا ئۇلارغا قاراپ تۇردى. ئابلىزمۇ خەنزۇچىنى تېخى بىلمىگەچ جىممىدە ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنىڭ تۈگىشنى كۈتۈپ تۇردى. بىر ھازادىن كىين سولتان دوختۇر پاراڭنى تۈگىتىپ ئۇلارغا قارىدى:

- بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ قىسمەن جايلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئاساسەن بۇرۇنقىغا ئوخشاش چىقتى. ئىنىڭىزنىڭ پۈتىدىن باشقا ئەزالىرىدا ھېچقانداق نۇرمالسىز ئەھۋال يوقكەن، قان تەكشۈرۈش نەتىجىسمۇ شۇنداق ياخشى. دىمەك سىلەر قۇشۇلساڭلارلا بالنىستا يېتىپ ئۈچ كىين ئوپراسىيە قىلسا بۇلىدىكەن. يەنە بىر گەپ گەرچە بۇ ئوپراسىيە قىينىلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئوپراسىيە بولمىسىمۇ بىراق ئېغىر-يىنىك ھەر قانداق ئوپراسىيەنىڭ خەتىرى بۇلىدۇ. دوختۇرلار پەقەت پۈتۈن كۈچى بىلەن ساقايتىشقا تىرىشىدۇ. سەۋەپچىسى يەنىلا ئالللاھ. ئالللاھ شىپالىق بەرمىسە بىز دوختۇرلار نىملا قىلساق بەرىبىر.

- بۇلارنى چۈشىنىمەن دىبدى نۇرنىسا .ئوپراسيەنىڭ ئۇتۇقلۇق بۇلۇش نىسپىتى زادى قانچىلىك؟ ئوپراسيە ئۇتۇقلۇق بولمىغان ئەھۋالدا ئىنىمنىڭ ئەھۋالى يەنە قانداق بۇلىدۇ؟ مۇشۇلارنى بىلگۈم بار . نۇرنىسا شۇلارنى دىگەچ ئابلىزغا قاراپ قويدى.

- سىزدىن يۇشۇرمايمەن. بۇ ئوپراسيەنىڭ ئۇتۇقلۇق بۇلۇش نىسپىتى90%.ئوپراسيە ئۇتۇقلۇق بولغان ھالەتتە ئىنىڭىز ئوپراسيەدىن كىينكى بىر ئاي ئىچىدە تامەمەن نۇرمال ئادەمدەك ماڭالايدۇ .ئوپراسيە ئۇتۇقلۇق بولمىمدى دىگەن تەقدىردىمۇ ئىنىڭىزنىڭ ئەھۋالى ھازىرقىدىن ناچارلىشىپ كەتمەيدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق ئوپراسيەگە ئۇرۇنلاشتۇرىدۇ.

ئوپراسيە ئۇتۇقلۇق بولمىسىمۇ ھازىرقى ھالىتىدىن ناچارلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئابلىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىچە قىلغان ئەنسىرەشلىرى

سەل ئازلىغاندەك بولدى.

- ئۇنداقتا قاچاندىن باشلاپ بالىنىستا ياتقۇزساق بۇلىدۇ.

- بولسا ھازىردىن باشلاپ . بالىنىسقا كىرگەندىن كېيىن ئوپېراسىيەگىچە بولغان ئارلىقتا يەنە كىچىك تەكشۈرۈشلەر بار. ياللۇغلىنىشنىڭ ئالدىنى ئۇكۇللارنىمۇ ئېلىشى مۇمكىن .

- ھە بىلدىم. ئۇنداقتا بالىنىسقا قەيەردە ئالىدۇ. ھازىرلا بالىنىسقا ئالغۇزۇۋەتەي. كەچتە دوختۇرخانىدىلا ياتايلى. بۇ يەردە باشقا تۇققانلارمۇ يوق .

- ئۇنداقتا جۇرۇڭ مەنلا بىرىپ بالىنىسقا ئالغۇزۇپ قۇيااي. سىلەرگە قۇيۇپ بەرسەم. نەچچە كۈن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ساقلىشىڭلار مۇمكىن. دوختۇرخانىغا كىرگۈچە كۆرگەنسىز چىملىق ئۇستىدە ئۇخلاۋاتقانلارنى. شۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سىلەردەك يىراق يۇرتلاردىن كەلگەن .دوختۇرخانىدا كارۋات يېتىشمىگەچ بالىنىسقا ئالدۇرالماي مۇشۇ يەردە يېتۋاتىدۇ .مېھمانخانىدا ياتاي دىسە قىممەت، دوختۇرخانىغا ئاتاپ ئەكەلگەن پۇللىرىنى تۈگىتىۋىتىشكە چىدىمايدۇ. بۇلارغىمۇ ئامال يوق.

سولتان دوختۇر شۇنداق دەپ ئۇلارنى باشلاپ بالىنىش بىناسىغا قاراپ ماڭدى. نۇرنىسا بالىبىست بىناسىغا كىرىپ كىتىۋېتىپ راستىنلا جىق كىشلەرنىڭ بىنا ئالدىدىكى چىملىقتا يېتۋالغانلىقنى كۇرۇپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كېلىپلا نەچچە ۋاقتتىن بۇيان كارۋات يوى سىرتتا يېتۋاتقان ئاشۇ كىشلەردىن بىرى ئېلىشقا تىگىشلىك كارىۋاتتا ياتىدىغانلىقنى ھېس قىلىپ كىكڭلى بىر قىسما بۇلۇپ قالدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئابلىزنىڭ يىلدىن بۇيان تارتقان ئازاپلىرىنى ئويلاپ كۆڭلىدە بىر قېتىم شەخسيەتلىك قىلاي دەپ ئويلىدى. دىگەندەك سولتان دوختۇر كىرىپلا ئۇزۇن ئۆتمەي بۇگۈن دوختۇرخانىدىن چىقىدىغانلارنىڭ كارۋىتىنى ئۇلارغا ئالدۇرۇپ بىرىپ قايتىپ كەتتى. نۇرنىسا ئۇلار نەرسە كېرەكلىرىنى يۇغۇشتۇرۇپ چىقىپ كەتكۈچە بولغان ئارلىقتا كارىدوردا ساقلاپ تۇرغاندىن كيىن ياتاققا كىردى. ياتاقتا ئىككىلا كارۋات بۇلۇپ يەنە بىر كاۋاتتا 18 ياشلاردىكى بىر بالا ئۇخلاۋاتاتتى. قارىماققا ئۇ بالا يېڭىدىن ئوپېراسيەدىن چىققاندەك قىلاتتى. نۇرنىسا ئابلىزنى ئىتتىرىپ ياتاققا ئەكىرگەندىن كيىن قۇلىدىكى نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە تەۋە ئىشكاپقا رەتلەشكە باشلىدى .شۇ ئارىدا بالىنىس بۇلۇمىنىڭ تازلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بىر ئايال كىرىپ ئابلىز ياتىدىغا كارۋاتنىڭ كىرلىركلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا كىرىشتى.

ئابلىزنى بالىنىسقا ئالدۇرۇپ ئىككى كۈن ئىچىدە نۇرنىساغا دوختۇرخانىنىڭ مۇھىتى، ئىچى-سىرتى خېلىلا تۇنۇش بۇلۇپ قالدى. دوختۇرخانىنىڭ قايسى تەرىپىدە ئاشخانا بار، قايسى تەرىپىدە دۇكانلار بار خېلىلا ئېنىق بىلىپ دەسلەپ كەلگەن كۈندىكىدەك بارىدىغان يەرلەرنى ئىزدەپ تاپالماي قالىدىغان ئىشلار كۈرۈلمەيدىغان بولدى. ئابلىز بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان كۈندە بىر قېتىم ئۇكۇل ئالغاننى، سېستىرالارنىڭ كۈندە ئىككى قېتىم كىرىپ كىچىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغاننى ھېساپقا ئالمىغاندا سىرتقا بىرەر قېتىممۇ چىقىپ قويمىدى. مانا ئەتە بىر كۈن ئۆتسىلا ئوپېراسيەگە كىرەتتى. ئۇ ۋاقتنىڭ يېقىنلاپ

قېلىشىغا ئەگىشىپ بارغانسىرى جىددىيلىشىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان بولسىمۇ بىراق بۇنى ئاچىسى نۇرنىساغا بىلىندۈرۈپ يۈرمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ نۇرنىسا گەرچە دوختۇر چوڭ چاتاق چىقمايدۇ دېگەن بولسىمۇ ئەنسىرەپ، ئىچى تىتىلداپ قالغان ئىدى. ئۇ ئوپېراسىيەگە كىرگۈچە ئابلىزنىڭ كۆڭلىنى ئازادە قىلىش، ئەنسىرەشلىرىنى ئازلىتىش ئۈچۈن ئۇنى سىرتلارغا ئەچىقىپ ئۈرۈمچىنى بىر ئايلاندۇرۇپ كىرىشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ بىراق ئابلىز ئۇنىماي قويدى. ئۇ ياتقان بالنىس بۆلۈمىدىكى بىمارلار ئاساسەن دېگۈدەك شەكىللىنىش سەۋەبى ئابلىزنىڭ كېسىلى بىلەن ئوخشاش بولسىمىسمۇ بىراق بىر بۆلۈمنىڭ بولغاچقا ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش كېسەللەر ئىدى. ئابلىز ئۆزى بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان تېخى ئۆزى كىرگەن كۈنىلا يېڭىدىن ئوپېراسىيەدىن چىققان كىچىك بالىنىڭمۇ پۇتىنىڭ ئوپېراسىيە قىلىنغانلىقىنى بىلگەن، ھەم ئۇ بالىنىڭ ئوپېراسىيەسىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىنى بىلىپ كىڭلى خېلى ئەمىن تېپىپ قالغان بولسىمۇ بىراق ئاللىقانداق مۇمكىنچىلىكلەردىن مۇمكىنچىلىكلەردىن كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى.

مانا ئۇنى ئوپېراسىيە قىلىدىغان كۈنىمۇ كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇن ناركوز قىلىشقا مەسئۇل ئۇنى ئوپېراسىيە قىلىدۇ دېگەن كۈنى ئەتىگەندە كىرىپ ئۇنىڭغا ئوپېراسىيە دىن بۇرۇن بىر نەرسە يېمەسلىكنى، سۇ ئىچمەسلىكنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئوپېراسىيە قىلىدىغان ۋاقىتقا نەچچە سائەتلە ۋاقىت قالدى. ئوپېراسىيە ۋاقتىغا قانچە ئاز قالغانسىرى ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، قانداقتۇر ئەنسىرەشلەردىن ئولتۇرالماي قالدى. ئوپېراسىيەدىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىردىنلا سىرتقا چىقىپ بىردەم ئولتۇرغۇسى كېلىپ قالدى ۋە نۇرنىساغا ئۆزىنى سىرتقا ئەچىقىشنى دېدى. نۇرنىسامۇ ئۇنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى، ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلگەچ سىرتقا چىقسا بەلكىم كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالار دېگەن مەقسەتتە ئۇنى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. تېخى ئەتىگەن بولغاچ سىرتنىڭ ھاۋاسى بىر ئاز سوغۇق ئىدى. ئابلىز تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان سوغۇق ھاۋاغا ماسلىشالماي ئەندىكىپ كەتكەن بولسىمۇ بىراق بىر ھازادىن كېينلا كۆنۈپ قالدى، ئەكسىچە ئەتىگەننىڭ ساپ ھاۋاسىدا نەپەس ئېلىپ ئۆزىنى باشقىچە راھەت ھېس قىلىپ قالدى. نۇرنىسا تېلفوننى ياتاقتا ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ، ئېرىگە تېلفون قىلىدىغانلىقىنى دەپ ئۇنى قويۇپ قويۇپ ياتاق ئىچگە كىرىپ كەتتى .ئابلىز يىراقتىن كۆرۈنۈۋاتقان دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلارغا قاراپ كۆڭلىدە" ئاغرىقلار نىمانچە كۆپتۇ" دەپ ئويلىدى ۋە يىنىك ئۇھ تارتىپ قويدى .ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپ چىقىۋاتقانلار بەكمۇ كۆپ ئىدى. بەزىلىرى دوختۇر، بەزىلىرى بىمارلار، يەنە بەزىلىرى بولسا بىمارلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى ئىدى. ئابلىز دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز تونۇش بىر سىمانى كۆرگەندەك بولدىيۇ بىراق " بۇ مۇمكىنمۇ؟" دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بىلىنە- بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. بىراق ئۇنىڭ كۆرگىنى خاتا ئەمەس، كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتكەنمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ بارغانسىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خالىنۇرنى كۆرۈپ چوڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن ھەم تاسادىبىلىقتىن تېخىمۇ

يوغناپ كەتتى. چۈنكى بايا كۆرگىنى خالنۇر ئىدى. خالنۇر شۇ تاپتا دەرۋازىدىن كىرگىنىچە ئۇدۇل ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرگىنىچە كىلىۋاتاتتى. خالنۇرنىڭ تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئابلىز خالنۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ توختىغاندىمۇ ھەيرانلىقنى يۇشۇرالمىغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. خالنۇرنىڭ قولىدا كىچىككىنە بىر سومكىدىن باشقا ئارتۇق نەرسە يوق ئىدى:.

- سىز..... سىز بۇ يەردە نىمە قىلىسىز؟

ئابلىز جىددىيلىشىپ شۇ گەپنى ئارانلا دىيەلىدى.

- سىزنىڭ تۇنجى قىتىم ئاكتىپ بولۇپ ماڭا ئاۋال گەپ قىلغىنىڭىز مۇشۇ سۇئالىڭىز بولۇپ قالدىغان بولدى ھە دىيدى خالنۇر كۈلۈپ تۇرۇپ. نۇرنىسا ئاچامدىن سىزنىڭ بۈگۈن ئوپراسىيە قىلىندىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان،شۇڭا ئىدارىدىن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سوراپ كىلىشىم. ئاخشام يولغا چىققان ئىدىم. ئاپتۇبۇستىن چۈشۈپ ئۇدۇللا دوختۇرخانىغا كەلدىمغۇ. ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

ئابلىز كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان خالنۇرنى كۆرۈپ ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىق، ھەم جىددىيلىشش ئارلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھىسيات ئىچىدە ئۇنىڭغا بىر ھازا قارىۋەتكەندىن كىين جاۋاپ قايتۇردى:

- مانا سىزنىڭ كۆرگىنىڭىزدەكلا تۇرۇپتىمەن.

- قىنى تەپسلى قاراپ باقايچۇ، بۇ نەچچە كۈن ئىچىدە قانداق ئۆزگىرىش بولدى سىزدە. خالنۇر شۇنداق دىگەچ خۇددى ئابلىزنى تەپسلى كۆزىتىۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئابلىز خالنۇرنىڭ بۇ ھەركىتىدىن سەل خىجىل بولۇپ قالدى. بايا ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۇدۇل چىققان بولغاچ ئۇستى-بىشىم رەتسىز بولۇپ قالمىسا دىگەنلەرنى ئويلاپ ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويدى. خالنۇر ئابلىزنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كىين ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ توختىدى ۋە:

- دەرۋەقە ئۆزگىرىش بوپتۇ دىيدى گىلىنى قىرىپ تۇرۇپ .

ئابلىز ئۇنىڭ گىپىدىن بايامقى خىيالنى جەزىملەشتۈردى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دەرھال چاچلىرىنى سلاپ باقتى. ئۇ خىيالدا چاچلىرى رەتسىز پاخپىيىپ قالغان بولسا كىرەك دەپ ئويلىغان ئىدى. ئابلىزنىڭ بۇ ھەركىتىدىن خالنۇر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلىدى:

- جىددىيلىشىپ كەتكىننى، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ساقاللىرىڭىز سەل ئۇسۇپ قالغاننى ھىساپقا ئالمىغاندا شۇ پېتى تۇرۇپسىز.

ئابلىزنىڭ ئۇنىڭ گەپپىنى ئاڭلاپ دەرۋەقە ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بۇيان بۇرۇت ساقاللىرىنى ئىلىپ باقمىغانلىقنى ھىس قىلدى

- نۇرنىسا ھەدەمچۇ، كۆرۈنمەيدىغۇ؟

- ياتاقتا تىلفۇننى ئالغىلى كىرىپ كەتتى.ئەكرەم ئاكامغا تىلفۇن قىلمەن دىگەندەك قىلىۋاتقان.

- ئۇنداقتا بىزمۇ كىرىپ كىتەمدۇق، ھاۋا سوغۇقكەن،ئەمدى ئوپراسىيە قىلىشتىن بۇرۇن زۇكام بولۇپ قالماڭ.
ئابلىز ماقۇل دىگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى. خالنۇر ئابلىزنىڭ كەينىدىن ئىتتىرىپ ياتاققا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ياتاق ئىشىكى ئالدىغان كەلگەندە نۇرنىسا ئابلىزنىڭ قېشىغا مېڭىش ئۈچۈن تەمشىلۋاتقان بولۇپ ئۇ ئابلىزنىڭ خالنۇر بىلەن كىرگىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى:
- ۋوي، سىزمۇ كېلىپ بوپسىزغۇ، ئاتايىتەن يىراقتىن كېلىپ بەك ئاۋارە بولۇپ كىتىپسىز دىگىنىچە خالنۇر بىلەن ئاۋال قول ئېلىشىپ ئاندىن ئىگەك يېقىشىپ كۆرۈشتى:
- ياقەي ئاۋارە بولغۇدەك ئىش يوق. ئۆزەمنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالغان. خىزمىتىم ئۇ يەرگە تەڭشەلگەندىن كىين ئىزچىل ئۆيگە كېلىپ باقمىدىم. دادام-ئاپىلارنىمۇ كۆرگۈم كىلىپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابلىزنى ئوپراسىيە قىلىدۇ ،شۇڭا ئىككى ئىشقا بىراقلا سوراپ كەلدىمغۇ.
- ھە ياخشى بوپتۇ دېدى نۇرنىسا. ئاتا-ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ ؟
- ياقەي، تېخى ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىچى بولمىدىم. بىكەتتىن ئۇدۇللا بۇ يەرگە كېلىشىم. ئۆيگە بېرىپ ئاندىن دوختۇرخانىغا كېلەيمۇ دىگەن بىراق ئۆيگە بارسام ھېلىغىچە ئوپراسىيەگە ئۈلگۈرۈپ كېلىپ بولالماسلىقىمدىن ئەنسىرىدىم. چۈنكى دادام-ئاپىلار بىلەن شۇنچە ئۇزۇندا بىر كۆرۈشكەندە بېرىپلا ئىشىم بار دەپ سىرتقا ماڭسام ياخشى بولمىغۇدەك .
- بۇ دىگىنىڭىزمۇ توغرا. يەنە كىلىپ ئۇلار ئابلىزنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرسا، دوختۇرخانىغا بارىمەن دىسىڭىزمۇ كوچىلاپ سورىشى مۇمكىن .ھېلى ئابلىز ئوپراسىيەگە كىرىپ كەتكەندە باراسىز. ئۇنىڭ ئوپرەسىيە ۋاقتى ئالتە سائەت ئەتراپىدا بۇلىدىكەن.
- ئۇمۇ بولغۇدەك. ئالتە سائەت ئۇلار بىلەن قانغۇدەك ئەھۋاللىششقا تامامەن يىتىدۇ. ھە راس تېخى ئەتىگەنلىل تاماق يىمىگەنسىلەر، جۈرۈڭلار چىقىپ تاماق يەپ كىرەيلى، مەن مېھمان قىلاي.

- ۋوي ياخشىغۇ، جۈرۈڭ ئەمسە. نۇرنىسا شۇنداق دەپ سىرتقا مېڭىشقا تەمشىلىپراق توختاپ قالدى:
- ۋوي راس، ئابلىزنى ئوپراسىيىدىن بۇرۇن تاماق يىمىسۇن دىگەن ئىدى .ئۇ تاماق يىگىلى چىقالمايدۇ ئىككىمىزلا يەپ كىرەيلى، ئۇ ئارام ئالغاچ تۇرسۇن .ئۇلار ئابلىزنى چاقلىق ئورۇندۇقتىن كارۋاتقا ئېلىپ قويۇپ سىرتقا چىقتى. ئابلىز بولسا ياتاقتا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ تېخى ھېلىغىچە ئەنسىرەش ۋا غەشلىكتە قالغان كۆڭلى خالنۇرنىڭ كېلىشى بىلەن ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى.ئۇ خالنۇرنىڭ شۇنچە يىراقتىن ئۆزىدىن ئەنسىرەپ كۆرگىلى كەلگەنلىنى ئويلاپ كۆڭلى خۇشال بولدى. ئوپراسىيەدىن ئوڭۇشلۇق چىقىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىمۇ كۆتۈرۈلۈپ خالنۇرغا بولغان كۆڭلى بۇرۇنقىغا قارىغادا سەل ئەركىن قانات قېقىشقا باشلىدى. بۇرۇن ئۆزىنى خالنۇرغا لايىق كەلمەيمەن، ئۇنىڭغا

مۇناسىپ كەلمەيمەن دەپلا كەلگەن بولسا مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇرۇن ئۇنىڭ مۇھاببىتىگە ئېرىششنى ئويلاش ئاتۇقچە ئاچكۆزلۈك دەپ قارايدىغان كۆز-قارىشى بارا-بارا سۇسلىشىپ بارماقتا ئىدى. ھاياتقا بولغان، كىينكى تۇرمۇشقا، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى پەيدا بولماقتا ئىدى .ئۇ قەلبىدە توساتتىن غەليان كۆتۈرۈۋاتقان بۇ ھېس-تۇيغۇلاردىن ئۆزىمۇ سەل ھەيران قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق خىيالغا كېلەلىشىگە سەۋەپچى بولغان خالىنۇرنىڭ ئۆزىگە بولغان ياخشى مۇئامىلىسىمۇ، كۆيۈنۈشىمۇ ۋە ياكى ئۆزىدىكى ساقىيىشقا بولغان ئىشەنچىتىن كەلگەن جۈرئەتمۇ بۇنى ئۆزى ئېنىق بىلمىسىمۇ بىراق بۇرۇنقى بېسىملىرى بىردىنلا يەڭگىللەپ ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

خالنۇر بىلەن نۇرنىسا تاماقتىن قايتىپ كىرگەندە ئابلىز تېخى بايامقى خىياللىرىنىڭ قوينىدىن چىقىپ بۇلالمىغان بولۇپ ئاچسى بىلەن خالنۇرنىڭ ياتاققا قايتىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ گەۋدىسىنى رۇسلاپ ياستۇققا يۆلىنىپ يېرىم ياتا ئولتۇردى. نۇرنىسا ياتاققا كىرگەندىن كېين سائەتكە قارىۋېتىپ:

- ۋويي، ئوپىراسيەنى 11 دا باشلايمىز دىگەن ئىدى ھازىر سائەت 10 بولۇپ قاپتۇ . تەييارلىق قىلغاچ تۇرساق بولغۇدەك. ئۇ شۇنداق دەپ چامدانىنى ئاختۇرۇپ تېخى پىچىتى بۇزۇلمىغان بىر كىيىمنى ئېلىپ ئابلىزغا تەڭلىگەچ گېپىنى داۋام قىلدى:

- دوختۇر ئوپىراسيە قىلغادا كىيىشى ئۈچۈن يېڭى بىر ئۇخلاش كىيمى ياكى ئىچ كىيىم تەييارلاپ قۇيۇڭلا دىگەن ئىدى. ھازىرقى بىمارلار كىيىمنى كىيىشكە بولمايدىكەن، شۇڭا بۇنى ئېلىپ قويغان ئىدىم ، ھازىر يەڭگۈشلىۋالسۇنمىكىن. نۇرنىسا ىر تەرەپتىن شۇلارنى دىگەچ بىر تەرەپتىن ئالغان كىيمنى ئوراقلىق خالتىدىن چىقارغاندىن كېين ئابلىزغا تەڭلىدى:

- بۇ كىيمنى يەڭگۈشلىۋالغىن، بىز چىقىپ تۇرايلى. ئۇ شۇنداق دەپ خالنۇرغا شەرەت قىلىپ سىرتقا ماڭدى:

- سىز ياردەم قىلمىسسىڭىز كىيەلەمدۇ دېدى ئەنسىرگەن قىياپەتتە

- ئەنسىرمەڭ دېدى نۇرنىسا كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنچىلىك ئىشلارنى ئۆزى قىلالايدۇ. 10 نەچچە ياش ۋاقتىلىرىغىچە بىز كەيدۇرۇپ قۇياتتۇق. كېين چوڭ بولغاندىن كېين ئۆزەم كىيمەن دەپ بىزنى يېقىن كەلتۈرمەيدىغان بولغان .

نۇرنىسا شۇلارنى دىگەچ خالنۇر بىلەن سىرتقا چىقتى:

- دەسلەپ ئۆزى كىيەلمەي بەك قىينىلاتتى، بۇلۇپمۇ ئىشتاننى كىيەلمەيتى.

كېين بارا-بارا كۆنۈپ كەتتى. بەلكىم يېشى چوڭىيىپ يىگىت بۇلۇپ قالغاندىن كېين خىجىل بۇلىدىغاندۇ. بىز ئۈز ئاچسى بولغان بىلەن ئۇ يەنىلا ئوغۇل بالا ئەمەسمۇ خىجىل بۇلىدىكەن. شۇڭا ئۇ بەزى ئىشلارنى قىينالسىمۇ ئەكرەم يوق چاغلاردا ئۆزى قىلىدۇ. بىر ھېساپتا بۇمۇ ياخشىكەن. بۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چېنىقىشتە. ئەگەر ئۇ مەيلى دەپ تۇرىۋەرسە ھازىرغىچە بىز كىيملىرىنى كەيدۈرۈپ چوڭ كىچىك ئىشلىرىغىمۇ بىز قول تىقىپ يۈرسەك ھازىررغىچە ھىچ ئىشنى قىلىشنى ئۆگىنەلمىگەن بۇلاتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا قاراش ماڭىمۇ تەس كەلگەن بۇلاتتى. بۇنداق دىسەم ئۇكىسىغا قاراشنى ئېغىر كۆردىكەن

دەپ قالماڭ. ھەرگىز ئۇنداق مەقسەتتە دىگەن گەپ ئەمەس. ئۇ نارسدە بالا بولغان بولسا مەيلتى ھەممە ئىشنى مەن قىلىپ بەرسەم .بىراق ئۇ ھازىر پۈتىنلەي ئاجىزلىقنى ھېساپقا ئالمىغاندا چوپچوڭلا نورمال بىر يىگىت .ئۆز ئاچا-ئىنى بولغان تەقدىردىمۇ ئارىدا پەردىشەپ بولمىسا ھايا كۆتىرىلىپ كىتىدۇ. ئۇمۇ شۇ تەرىپىنى ئويلىغاچ، مەندىن خىجىل بولغاچ بۇنداق ئىشلارغا مىنى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. ئايالى بولغان بولسا يەنە ئۇ باشقا گەپ ئىدى. ئەر-خۇتۇن ئوتتۇرسىدا بۇنداق پەردە يوق. قارشى تەرەپ قاتتىق ئاغرىپ قالدى دىگەندىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ ھەر قانداق ئېغىر-يىنىك ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

- ئۇ دىگىنىڭىزمۇ توغرا. بۇرۇن بىر خوشنىمىز بولىدىغان. بەش قىزى بار، بىرمۇ ئوغلى يوق ئادەم ئىدى. كيىن قىزلىرى دادىسىغا باش بولۇپ ئۆيلەپ قويۇپتىكەن. مەن ئاپامغا " ماۋۇلار بەش قىز تۇرۇپ بىر دادىسىنى باقالماي خوتۇن ئېلىپ بەرگىنىنى " دىسەم ئاپام كۈلۈپ كىتىپ" قىزىم سىز بىلمەيسىز. قىزلىرى دادىسىنى مىلىك ياخشى باقتى دىگەن بىلەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاغرىق-سىلاق بولۇپ قالسا دادىسىنىڭ چوڭ كىچىك ھاجىتىدىن چىقىپ بىقىش بىئەپ بولۇپ قالىدۇ ، بۇنداق چاغدا يەنىلا ئايالى بولمىسا بولمايدۇ. بۇنى كيىن چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسىز" دىگەن ئىدى. بۇ گىپىڭىزنى ئاڭلاپ ئاپامنىڭ شۇ گىپى يادىمغا كىلىپ قالدى.

- ئاپىڭىزنىڭ دىگىنى توغرا. بىز باللار مىلىك ياخشى باقتۇق دىگەندىمۇ شۇنداق كۆنلەر كىلىپ قالسا يەنىلا ئامالسىز قالىمىز .چۈنكى چوڭلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق كۆڭلى بار،باللىرىغا دىيەلمەيدىغان ئىشلىرى، كۆرستىشنى خالىمايدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. بۇنداق چاغدا يەنىلا شۇ ئاللاھ بەرگەن جۈپتى ئەڭ ياخشى قارىيالايدۇ. بىز باللارمۇ شۇنداققۇ؟ قىز بولساقمۇ ئوغۇل بولساقمۇ يەنىلا كۆنلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق كىلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، مۇشۇ ئۇكامدەك ھالەتتە بولسا ئاتا-ئانىمىز قارىدى دىگەندىمۇ بەزى ئىشلار ئۇلارغىمۇ ئېغىر كىلىدۇ.گەرچە بالىسى بولساقمۇ بۇيىغا يىتىپ قالغان قىز، قورامىغا يىتىپ قالغان يىگىت بولۇپ قالغان چاغلاردا ياخشى بولمايدۇ .

نۇرنىسا گىپىنى تۈگىتىپ بولۇپ ئىشىك ئەينىكىدىن ياتاق ئىچىگە مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتىپ باققاندىن كيىن:

- يەڭگۈشلەپ بوپتۇ، ياتاققا كىرىپ كىتەمدۇق.

- بولىدۇ .ئۇلار شۇنداق دەپ بىرىنىڭ-كەينىدىن بىرى ياتاققا كىرىپ كىلىشتى. بۇ چاغدا ئابلىز كيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولۇپ ياتقان ئىدى.

- يەڭگۈشلەپ بوپسەندە .نۇرنىسا شۇنداق دىگەچ ئابلىز ئالماشتۇرۇپ بىر ياققا قويۇپ قويغان كيىملەرنى ئېلىپ ئىشكاپ ئىچىگە تىقىۋېتىپ كارۋات قېشىغا كىلىپ ئولتۇردى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تەخمىنەن 15 مىنۇتلاردىن كيىن مەسئۇل دوختۇر، ناركوز قىلىشقا مەسئۇل دوختۇر ۋە بىر قانچە سېستىرا ياتاققا كىرىپ كەلدى:

- ئوپىراسيە قىلىدىغان ۋاقىت توشتى. بۇ كارۋاتقا چىقىڭ .

بىر ئۇيغۇر سېستىرا قىز شۇنداق دەپ ئۆزلىرى بىللە ئېلىپ كىرگەن چاقى بار كارۋاتنى ئىما

قىلدى .خالنۇر بىلەن نۇرنىسا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئابىلزنى ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئۇنى يەنە بىر كارۋاتتا ياتقۇزدى. دوختۇر نۇرنىساغا قاراپ:

- ئوپراسىيە ۋاقتى تەخمىنەن ئالتە سائەت ئەتراپىدا، شۇڭا سىلەر ھازىردىن باشلاپ ئالتە سائەتتىن كېيىن ئوپراسسىيە ئۆيى ئالدىغا بېرىپ ساقلىساڭلا بولىدۇ. ئۇنىڭغىچە باشقا قىلدىغان ئىشىڭلار بولسا قىلىۋېلىڭلار دېدى خەنزۇچە.

نۇرنىسا ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن ئابىلزنى ئىتتىرىپ چىقىپ كىتىۋاتقان دوختۇر سېستىرالارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ سىرتقا ماڭدى. بۇنى كۆرگەن خالنۇرمۇ نۇرنىسانىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئوپراسىيە ئۆيىگە يېقىنلاشقانسىرى ئابىلز سەل جىددىيلىشىپ قېلىۋاتاتتى .

شۇنداقتىمۇ بۇرۇنقىدەك قورقۇپ يۈرمىدى. نۇرنىسا بىلەن خالنۇر تاكى ئۇ ئوپراسىيە ئۆيىگە ئەكىرىپ كىتىلىپ ئىشى يېپىلغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىر خىل ئەنسىرەش ھەم بىر خىل ئۈمىت ئىلكىدە بىر-بىرىگە قاراپ قۇيۇشتى. ئوپراسىيە ئۆيىگە كىرىپلا ئابىلز بىر خىل سوغۇق ھاۋادىن تىترەپ كەتتى. ئوپراسىيە ئۆيىنىڭ ھاۋاسى يالغۇز ئۇنىڭ ئەمەس، ھۇنىنى ئەمەلدار ئالدىنقى ئەتىيازدا تۇرۇپ ئولتۇرمىغان بىر خىل كىيىملىك ۋېرىسنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالاھىدە سوغۇق ئىدى. كىشىگە بىر خىل سوغۇق ۋەھىمە ئاتا قىلدىغان بۇنداق ئۆيگە بالا ۋاقتىدا بىر قېتىم كىرىپ تەمىنى تېتىغان ئابىلز بەك ئەندىكىپمۇ كەتمىدى. دوختۇر سېستىرالار ھەدەپ ئۇنىڭ ئوپراسىيەسىنىڭ تەييارلىقىدا ئالدىراش ئىدى. ئۇنى ناركوز قىلدىغان دوختۇر ئۇنىڭ بېشىغا كىلىپ:

- تەييارلىقىڭىز پۈتكەن بولسا ئەمسە ناركوز قىلىشنى باشلايمەن. ناركوز قىلغاندا ئاغرىمايدۇ ، ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كىتىسز.

ئابىلز چوڭقۇر بىر تىنىۋەتكەندىن كېين" ماقۇل " دىگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

دوختۇر ناركوز قىلدىغان گاز نەيچىسىنى يېقىن ئەكىلىپ ئاستا ئۇنىڭ ئېغىز-بۇرنىغا تۇتتى. ناركوز قىلىش گازى ئۇنىڭ بۇرنىغا كىرىش بىلەن تەڭ ئابىلز سەل بېشى قايغاندە ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئېسىدە قېلىشچە ئۇنى كىچى ۋاقتىدا ئوپراسىيە قىلغاندا گاز بىلەن ئەمەس ئۇكول ئۇرۇش ئارقىلىق ناركوز قىلغان ئىدى. ھايال ئۆتمەي ئابىلزنىڭ قاپاقلىرى ئېغىرلاشقاندەك بولۇپ كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئاچىسىنىڭ، خالنۇرنىڭ بايا ئۈزى ئوپراسىيە ئۆيىگە كىرىپ كىتىش ئالدىدا ئۆزىگە ئۈمىت بىلەن تىكىلگەن چىرايىنى غۇۋا ئەسكە ئالدى ۋە سۈس كۈلۈمسىرەش بىلەن تەڭ ئۇيقۇغا كەتتى.

خالنۇر ، نۇرنىسالار ئابىلز كىرىپ كىتىپ خېلىغىچە گەپمۇ قىلىشماي ئوپراسىيە ئۆيى ئالدىغا تىزىپ قويۇلغان ئۈرۈندۇقتا يانمۇ-يان ئولتۇرۇشتى:.

- ئەمدى سىز ئۆيىڭىزگە بېرىپ كەلسىڭىز بولامىكىن. بەربىر ئابىلز بىر ئىككى سائەت ئىچىدە چىقىپ بولالمايدۇ.

- مەن بىلەن بىللە بىزنىڭ ئۆيگە بارامسىز دېدى خالنۇر.

- ۋاي بولدى مەن بارمەي دېدى نۇرنىسا تەكەللۇپ بىلەن. - كېينچە پۇرسەت چىقىپ قالار. سىز تىزدىن ئۆيگە قايتىڭ ئاتا-ئانىڭىزنىڭ سىزنى ساقلاپ بىر بولۇپ كەتتى ھەقچان.

- ياقەي، ئۇلارغا ئۆرۈمچىگە كىلدىغانلىقىمنى دىمىگەن ، تۇيۇقسىز ھەران قالدۇراي دەپ.. دىگەن بولسام ئۇلار ئەتىگەن بىكەتكە چىقىپ منى ساقلىغان بۇلاتتى.

- ھە مۇنداق دەڭ دىبدى نۇرنىسا بىشىنى لىڭشىتىپ.

- ئۇنداق بولسا مەن ئۆيگە باراي،، ئامال بار ئابلىزنىڭ ئوپراسيەسى تۆگەيدىغان ۋاقىتقا ئۈلگۈرۈپ كىلىپ بۇلمەن. بولمىسا ئەتە ئەتىگەن كىلەرمەن.

- ھە ئاران بىر قايتىقاندا ئۇلار بىلەن ئۇزۇن تۇرۋىلىڭ. بۈگۈن كەلمىسىڭىزمۇ بۇلىدۇ.بۇ يەردە مەن بولغاندىن كىين بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ.

- بۇلىدۇ.

خالنۇر شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە نۇرنىسا بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. نۇرنىسا خالنۇر بىلەن ئەندى خوشلىشىپ ئەمدى نىمە قىلسام بۇلار دەپ ئويلىنىپ تۇرۇشىغا تىلفۇنى جىرىڭلاپ قالدى. ئۇ تىلفۇننى قۇلىغا ئىلىپ ئەكرەمدىن كەلگەنلىكىنى بىلدى ۋە بىردەمدىلا چىرايىغا كۈلۈە يۈگىردى:

- ۋەي

- ھە، ئابلىزنى ئوراسيەگە ئىلىپ كىرىپ كەتتىمۇ ؟

- شۇنداق تىخى بايىلا ئىلىپ كىرىپ كەتتى. ئەتىگەن پاراڭلاشقان تۇرساق يەنە تىلفۇن قىلىپ قاپسىزغۇ.

- تىلفۇن قىلسام بولمامدىكەن، سىز نەدە ھازىر؟

- مەن شۇ ئابلىزنىڭ ئەكىرىپ كەتكەن ئوپراسيە ئۆينىڭ ئالدىدا

- ئۇنداق بولسا دوختۇرخانا ئالدىغا تىز چىقىڭە.

- نىمە ؟ دوختۇرخانا ئالدىدا نىمە بار ماڭا.

- ۋاي ئاۋال بىر چىقمامسىز.

- ھە، بۇلىدۇ .

نۇرنىسا تىلفۇننى قويماي ئەكرەمگە گەپ قىلغاچ سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ بىنادىن سىرقا چىقىپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدىيۇ، يىراقتىنلا دەرۋازا تۈۋىدە تۇرغان ئەكرەمنى كۆرۈپ تىلفۇندىلا توۋلىۋەتتى :

- ۋوي سىز بۇ يەردە نىمە قىلىسىز؟

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەكرەم كۈلۈەتتى ۋە تىلفۇننى قۇيۇپ نۇرنىسا تەرەپكە قاراپ ماڭدى . چۈنكى ئۇمۇ نۇرنىسانى كۆرگەن ئىدى .

نۇرنىسا ئەكرەم يىنىغا كەلگەندىن كىين ھەيرانلىقىنى يۇشۇرالماي قايتا سورىدى:

- بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىسىز؟

- كۆرمىدىڭىزمۇ؟ سىز بىلەن ئابلىزنى يوقلاپ كەلدىم دىبدى ئەكرەم يەنە چاقچاق قىلىپ.

- ئىدارىدىن رۇخسەت بەردىما؟

- قايتا ـقايتا دەپ يۈرۈپ ئاران ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت ئالدىم؟

- ئىككى كۈن؟ ۋاي توۋا. دىمەك بۈگۈن كەچتە يەنە ماڭىسىز دىگەن گەپمۇ؟

- شۇنداق بولدى شۇ. بۈگۈن كەچنىڭ ئاپتۇبۇسىدا ماڭسام ئەتە بارىمەن. بۈگۈن بولمىسا ئەتە بىرىنچى قېتىم ماڭىدىغان ئاپتۇبۇسقا چىقسام ئەتە كەچلەردە بېرىپ بۇلارمەن .

- نىمە جاپا بۇ سىزگە. ئىككى كۈن سوراپ بۇ ئىككى كۈن يولدىلا ئۆتۈپ كەتكۈدەققۇ.

- ھېچقىسى يوق.

- ئاپتۇبۇستا كەلگۈچە بىر نەرسىمۇ يىمىدىڭىز ھەقىچان ھە دېدى نۇرنىسا ئېرىگە كۆيۈنگەن قىياپەتتە.

- ياقەي، يولدا يىگۈدەققۇ بىر نەرسە ئېلىۋالماپتىكەنمەن، بىراق ئاپتۇبۇس ئارلىقتا بىر يەردە توختىغان ، شۇ يەردە تاماق يىدىم. ھە راس ئابلىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق.

- ئوپېراسىيەدىن بۇرۇنغۇ ئەھۋالىمۇ، كەيپىياتىمۇ ياخشى ئىدى. ئەمدى قالغىنىنى ئوپېراسىيەدىن كىيىن بىلىمىزغۇ.

- ھىم .

- ھازىر قورسىقىڭىز يەنە ئاچ ھەقىچان، جۈرۈڭ سىرتقا چىقىپ ئېلىپ بىرەي سىزگە. ئۇلار پاراڭلاشقاچ سىرتقا مېڭىشتى.

خالنۇر دختۇرخانا سىرتىغا چىقىپلا تاكسىدىن بىرنى تۇسۇپ ئۆيگە كەلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇرۇۋەتتى. يېرىم يىلدىن بۇيان ئۆيگە تۇنجى قېتىم قەدەم بېسىشى بولغاچ سەل ھاياجانلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋەتكەندىن ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى. ھايال ئۆتمەيلا ئىشىكنى بىر ئايال ئاچتى:

- ۋاي، خالنۇرمۇ سەن .

ئاپىسى شۇنداق دەپلا خالنۇرنى قۇچاغلاپ كەتتى

- خەۋەرمۇ قىلماي تۇيۇقسىز كەپ قاپسەنغۇ قىزىم، دىگەن بولساڭ داداڭ بىلەن سىرتقا چىقار ئىدۇق.

- ئالدىمغا چىقمىساڭلىمۇ مانا مەن كەلدىمغۇ؟ بۇ ئۆزەمنىڭ ئۆيى تۇرسا ھەجەپ تەكەللۇپ قىلىپ كىتىدىكەنسەن. خالنۇر شۇنداق دىگەچ ئاپىسغا قاراپ كۈلۈپ قويدى .

- شۇنداقتىمۇ سەن بىر كەتكەنچە بۇ تۇنجى قېتىم كىلىشىڭ تۇرسا ئەلۋەتتە مېھماندەك كۆتۈۋالىمىزدە.

- نەدىكى گەپنى قىلدىكەنسەن، دادامچۇ؟ ئىشلەۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

خالنۇر ئاپىسغا شۇنداق دىگەچ ئۆي ئىچىگە تەكشى بىر قاراپ چىقتى. ئۆي ئىچى يېرىم يىل بۇرۇن ئۆزى كەتكەن پېتىچە ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن ئىدى .

- ھە، داداڭ چۈشتە ئۆيگە كېلىپ تاماق يەپ تېخى بايا ئىشقا كەتكەن. سىنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسا ئىشقا بارماسكەن. بولمىسا مەن تىلفۇن قىلاي يېنىپ كەلسۇن.

- ۋاي بولدى ئاپا، ھېلىلا كەچ بۇلىدۇ. ئىشتىن چۈشۈپ بىراقلا كەلسۇن ئەمدى. دادام كەلگۈچە بىز كەچلىك تاماق ئەتكەچ تۇرايلى.

- ئەمسە دىگىنىڭىدەك بولسۇن، مەن كىرىپ كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلاي.
- بولدى ئاپا ، سەن جىم ئولتۇر. بۈگۈن تاماقنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ بىرەي. مەن ئاۋال ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ چىقاي .
خالنۇر شۇنداق دەپ ياتاق ئۆيىگە ماڭدى.
- ۋوي، سەن قاچاندىن بۇيان تاماق ئېتىدىغان بولۇپ قالدىڭ.؟
بۇرۇن ئوقۇۋاتقانلىرىڭدا ھەجەو بىرەر قېتىممۇ تاماق ئەتكىنىڭنى كۆرمىگەنىغۇ مەن.
- بۇرۇن مەن ئەتمىگەن خالاس، بىراق ئېتىمەنلا دىسەم مەن ئېتەلمەيدىغان نىمە تاماق بار. دېدى خالنۇر ھەم چاقچاق ئارىلاش ھەم ئىشەنچ بىلەن.
- ھە بولدىۇ، قېنى بۈگۈن بىر تامىقىڭنى يەپ باقايلى. ئاۋال ئازراق ئارىمىڭنى ئېلىۋالغىن. ھازىر بەرىبىر كەچلىك تاماق ئېتىدىغانغا بالدۇر.
- ھە. خالنۇر شۇنداق دىگەچ ياتاق ئۆيىگە كىردى ۋە ئىشكىنى ياپتى. خالنۇرنىڭ ئاپىسى ياتاق ئۆي ئىچىگە كىرىپ كىتىۋاتقان قىزىغا قاراپ بىر خىل رازىمەنلىك ھەم مېھرىبانلىق ئارىلاش قاراپ قالدى.
خالنۇر ياتاق ئۆيىگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋىتىغا ئاتتاچ" ياتمىغلى ھەجەپ ئۇزۇن بولدى ھە كارىۋىتىم " ئۆز ئۆزىگە سۆزلەپ قويدى. ئۇ كارىۋاتتا ياتقاچ ياتاق ئۆيى ئىچىگە سەپسالدى. يېرىم يىلدىن بۇيان ئۆي ئىچىدىكى ھەممە نەرسە خۇددى خالنۇر كەتكەن چاغدىكىدەك ئۆز جايىدا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ھەممە يەرلەر پاكپاكىزە، ئازراقمۇ چاڭ قونمىغان ئىدى. خالنۇر يوق مەزگىلدە ئاپىسىنىڭ كۆندە دىگۈدەك كىرىپ بۇ ئۆينى تازىلاپ تۇرغانلىقى ئېنىقلا ئىدى. خالنۇر ياتاق ئىچىگە بىرەر قۇر كۆز يۈگىرتكەندىن كيىن خىيالنى يەنە ئابلىزنىڭ ئىشىغا مەركەزلەشتۈردى. ئۇ ئاپىسىغا ئابلىزنىڭ ئىشنى قانداق دىيىشنى ئويلىشۋاتاتتى. ھازىر گەپنى ئېنىق دىمىسىمۇ ھېچبولمىسا شۇنداق بىر بالىنىڭ بارلىقنى دەپ قويۇشنى ئويلىغان ئىدى. ئۇ ئۇيان ئويلا بۇيان ئويلا يەنىلا ئاپىسىغا قانداق تەرىقىدە دىيىشنى بىلەلمەي" بولدىلا ۋاقتى كەلگەندە توي توغۇلۇق گەپ ئۆزلىكىدىن چىققاندا ئاندىن بىر نىمە دىمەيمۇ" دىگەلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ پىسسىگىدە كۈلۈپ قويدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق ئېتىش ئۈچۈن ياتاق ئۆيىدىن چىقتى .ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە چىققاندا ئاپىسى كىرىسلودا ئولتۇرۇپ دادىسىنىڭ ئىشتىغا دەسمال سېلىپ ئولتۇراتتى.
- ئەمسە مەن تاماق ئەتكىلى كىرىپ كەتتىم ئاپا ھە.
- ماقۇل.. بىراق نىمە تاماق ئەتمەكچىسەن قىزىم. دەپ سورىدى ئاپىسى:
خالنۇر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋەتكەندىن كيىن:
- دادام ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان چۆچۈر ئېتەيمىكىن.
- نىمە؟ سەن چۆچۈر ئەتمەكچىما؟ ئاپىسى كۈلۈپ تاشلىدى.- چۆچۈر دىگەن ئېتىش تەس تاماقنىڭ بىرى جۇمۇ. خېمىرىنى جايىدا يۇغۇرۇشۇڭ كېرەك، پىلتىسىنىمۇ نىپىز قىلىپ يېيىشىپ كېرەك، قىيمىسىنىمۇ ئوخشىتىشىڭ كېرەك.
- نىمە ؟ منى ئېتەلمەيدۇ دىمەكچىمۇ سەن؟ دېدى خفلنۇر ئاپىسغا

ئەركىلگەندەك ئاھاڭدا سۆزلەپ. قاراپ تۇرھە ھېلى يىگەندە بىلسەن. مەن كەتكەندىن كىيىن مەن ئەتكەن چۆچۈرىنى سېغىندىغان بۇلۇپ قالامسەن تېخى كىم بىلىدۇ.

- ھە قېنى ئاۋال بىر ئەتكىنە ئاندىن بىر نىمە دەي.دەپ كۈلۈپ قويدى ئاپىسى .

- ھە. خالنۇر شۇنداق دەپ ئاشخانىغا ماڭدى. ئۇ ئاشخانا ئۆيگە كىرگەندىن كىين ئاۋال قايسى ئىشنى قىلىش توغۇرلۇق بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋەتكەندىن كىين قايسى ئىشنى ئاۋال قىلىشنى مۇقىملاشتۇرغاندەك بېرىپ توڭلاتقۇنى ئاچتى ۋە توڭلاتقۇدىن قىيما قىلىشقا لازىمەتلىك پىياز، گۆز دىگەندەك نەرسىلەرنى ئالدى. ئۇ يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت سەرىپ قىلىپ گۆز بىلەن پىيازنى چاناپ يۇمشىتىپ ئارىلاشتۇردى ئاندىن ئۈستىگە زىرە دىگەندەك تېتىتقۇ، تۇز قاتارلىقلارنى تۈجۈپلەپ تۇرۇپ ئاز-ئازدىن سېلىپ قىيمىنىڭ تەمىنى تەڭشىدى. بۇ ئارىلىقتا خالنۇرنىڭ ئاپىسى بىر-ئىككى قېتىم كىرىپ خالنۇرنىڭ قىلۋاتقان ئىشىغا سەپسالغان بولدى. ئۇ ئاشخانا ئىچىگە كىرمەي سىرتىدا تۇرۇپلا قىزىنىڭ قىلۋاتقان ئىشنى كۆزىتۋاتاتتى. ئۇ قىزىنىڭ قىيمىنى قىلىچە تەمتىرمەستىن ياخشى قىلۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەل سەيران قالدى. چۈنكى ئۇ بىلدىغان قىزى بۇرۇن ئاشخانا ئۆيگە تۈزۈك كىرىپ باقمىغان، ئادەتتە تاماقنى ئۈزىلا ئىتەتتى.." بىزدىن ئايرىلىپ خىزمەت قىلىپ تازا پىشىپتۇدە بۇ تەنتەك" دەپ ئويلاپ ئىچىدە كۈلۈپ قويدى ئۇ ۋە خاتىرجەم بۇلۇپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. خالنۇر ئۇنىمۇ ئۈچ ئادەمگە مۆلچەرلەپ ئالغاندىن كىين خېمىر يۇغۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى...

ئىككى سا ئەتلەردىن كىين ئىشىك قوڭغىرىقى چىكىلدى. خالنۇر بۇ چاغدا قېپقالغان ئەڭ ئاخىرىقى بىر نەچچە تال چۆچۈرىنى تۈگۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى .ئۇ ئىشىك قوڭغىرىقىنىڭ چىكىلگىنىنى ئاڭلاپ ئىشكنى ئېچىش ئۈچۈن دەرھال ئىشىرقا يۈگىردى:

- بولدى ئاپا مەن ئاچاي، بۇ چۇقۇم دادام .

خالنۇر شۇنداق دەپ ئىشىك ئېچىش ئۈچۈن ماڭغان ئاپىسنى توختىتىپ قۇيۇپ ئىشىك ئېچىشقا ماڭدى .ئىشىك چەككىنى دەرۋەقە دادىسى ئىدى:

- دادا، كەلدىڭمۇ..

خالنۇر شۇنداق دەپ دادىسىنىڭ قوينىغا ئۈزىنى ئاتتى. قىزىنىڭ ئۆيدە بۇلۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن پەرھات ئاكا دەسلەپ ھەران قالدى ئارقىدىنلا خۇشال بۇلۇپ قىزىنى قۇچاقلىدى:

- ۋاي بۇ كىمۇ. قىزىم كېلىپ قاپتىغۇ. قاچان كەلدىڭ؟ ھەجەپ بارىمەن دىمەيلا كىلىپ قاپسەنغۇ. بولمىسا ئالدىڭىزغا چىقار ئىدىم. پەرھات ئاكا شۇنداق دىگەچ ئۆيگە كىرىپ ئىشكنى ياپتى:

- شۇنى دىمەمسىز دېدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى. بايا مەنمۇ ئۇنى ئىشىك سىرتىدا كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بىزنى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىش ئۈچۈن دىمەيلا كەلگەن چېشى بۇ جىنتەك.

- سوراپ كەلگەن ئوخشىمامسىز قىزىم. ھازىر ئارام ئېلىشقا قۇيۇپ بىردىغان ۋاقىت

ئەمەسقۇ؟

- شۇنداق دېدى خالنۇر دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن. شۇ سىلەرنى كۆرگۈم كېلىپ ھەم ئۇ يەردىكى بىر دوستۇم بۇ يەرگە داۋالىنىش ئۈچۈن كەلگەن، بۈگۈن ئوپېراسىيە قىلماقچى ئىكەندۇق، ئۇنىمۇ يوقلاپ ئۆتكەچ كەلدىم.

- قايسى دوستۇڭ ئۇ دېدى ئاپىسى ھەيران بولۇپ:

- سىلەر تونىمايسىلەر، شۇ يەردە تونۇشقان دوستۇم.

- نىمە كېسەل بولۇپ قاپتىكەن ،ئېغىرمۇ؟ دېدى پەرھات ئاكا كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە.

- ئېغىر ئەمەس دادا. سولتان دادام بار دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن سورىسام ئوپېراسىيەدىن چىقسىلا سەللىمازا ساقىيىپ كەتكۈدەك. بولدىلا سىلەر تونىمايدىغان ناتونۇش ئادەمنىڭ گېپىنى قىلماي ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشايلى. خالنۇر شۇنداق دەپ گەپنىڭ تېمىسىنى باشقا ياققا يۆتكىمەكچى بولدى. ئەگەر دادىسى-ئاپىسى داۋاملىق ئوغۇلمۇ قىزمۇ؟ نىمە كېسەل دەپ تەپسىلى سورىغىلى تۇرسا يا راس گەپنى دېيىش ياكى يالغان سىزلەشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

- بولدۇ، ئاللاھ ئۇ دوستىڭىزغا شىپالىق بەرسۇن دېدى خالنۇرنىڭ دادىسى. قانداق ؟ ئۇ يەردىكى خىزمىتىڭىز ياخشى كېتىپ بارامدۇ ؟ سىزنى يۆتكەپ ئەكىلىش ئاندىن بىر تەس كە چۈشتى.

- ئۇ يەردىكى خىزمىتىم ناھايىتى ياخشى كېتىپ بارىدۇ دادا. ئۇ يەرگىمۇ ھەم كۆنۈپ كەتتىم.

- بىزغۇ سىنىڭ تىزراق توي قىلىپ ئۆرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىڭنى ئۈمۈت قىلاتتۇق دەپ قىستاردى ئاپىسى .

خالنۇر ئاپىسىنىڭ نىمىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ گەپلەرنى قىلۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە:

- ھە را س دادا، سىزنىڭ قورسىقىڭىز ئاچتى ھەقىچان. مەن سىزگە ئەڭ ياخشى كۆردىغان چۆچۈر ئېتىپ تەييار قىلىپ قويغان. سەللا ساقلاپ تۇرۇڭلار ھازىرلا ئەچىقىمەن . خالنۇر شۇنداق دەپ تىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

- تويىنىڭ گېپى چىقسىلا ئۆزىنى قاچۇرغان. ئاپىسى شۇنداق دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى.

- چۆچۈر؟ ئۇ چۆچۈر ئېتەلەمدىكەن؟ دادىسى ھەتران قالغان قىياپەتتە ئايالىدىن سورىدى:

- ۋاي تاڭ، قايتىپ كېلىپلا سىلەرگە تاماق ئېتىپ بىرەي دەپ مىنى ئاشخانىغا يېقىنلاشقىلىمۇ قويمىدى. قارىسام خېلى قۇلى كېلىپ قاپتۇ شۇڭا ئارىلاشماي يېنىپ چىققان.

- بۈگۈن قىزىم ئەتكەن تاماقنى يەيكەنمەندە. پەرھات ئاكا. شۇنداق دەپ كۈلۈپ قويدى.

دىگەندەك ھايال ئۆتمەيلا خالنۇر پەتنۇسقا تىزىلغان ئۈچ چىنە چۆچۈرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۈستەلگە قويدى. تاماق قارىماققا خېلى ئوخشىغاندەك قىلاتتى.

- ۋوي خېلى ئوخشىغاندەك قىلامدۇ نىمە ؟ قېنى تېتىپ باقايچۇ؟ پەرھات ئاكا

شۈنداق دەپ قۇلىغا قۇشۇقنى ئالدى ۋە چۆچۈرىدىن بىرتال ئېلىپ پۈۋلەپ تۇرۇپ ئېغىزىغا سالدى

- راسلا ئوخشىتىپ ئېتىپسىزغۇ، ئاپىسىڭىزدىنمۇ بەك ئوخشىتىپسىز.

- مەندىنمۇ ئو خشىتىپتىما؟ ما ئادەمنىڭ يۈزسىزلىكىنى. ئەندى تاماقنى سىزگە قىزىڭىز ئېتىپ بەرسۇن مىنىڭ ئوخشىمىغاندىن كيين. خالنۇرنىڭ ئاپىسى شۇنداق دىگەچ تۇمشۇقنى ئۇچلاپ قويدى ۋە:

- قېنى ئاۋال يەپ باقاي دەپ چۆچۈرىگە ئېغىز تەگدى. ئۇمۇ بىر تال يىگەندىن كيين ھەل ھەران قالغان قىياپەتتە:

- سەن ئۇ يەردە ئاشپەزلىكنى ئۆگەنمىگەنسەن، راسلا ئوخشىتىپ ئېتىپسەنغۇ دېدى.

- نەدىكى ئاشپەزلىككەن .ئۇ دېدى خالنۇر تاماقنىڭ ئاتا-ئانىسىغا تېتىغىننى كۆرۈپ خۇشال بۇلۇپ. بىزنىڭ ياتاق ئىچىدىمۇ تاماق ئەتكىلى بولمايدۇ. شۇ بۇرۇن سىنىڭ ئەتكىنىڭنى جىق كۆرۈپ كەتكەن ئەمەسمۇ مەن. شۇڭا ئېتىپ باققان. تاماق ئېتىش تەس ئىش بولمسا يە. قىلمەن دەپ نىيەت قىلسىلا قىلغىلى بۇلىدۇ دېدى ئىشەنچ بىلەن.

- يارايسىز قىزىم. ئاپىڭىز " بۇ خالنۇر تاماق ئېتىشنىمۇ ئۆگەنمىدى، كيين ياتلىق قىلىپ قالساق ئېرىنىڭ ئالدىدا مىنىڭ يۈزۈمنى تۆكىدىغان بولدى "دەپ يۈرگەن. ئەمدى ئەنسىرمەي ياتلىق قىلساق بولغۇدەك دېدى چاقچاق ئارىلاش ۋە ئايالىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى..

خالنۇر قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ ئاشخانا ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كيين تۇيۇقسىز بىر ئىشى ئېسىگە كەلگەندەك سائەتكە قارىدى." ۋوي ، ئابلىزنىڭ ئوپراسىيەدىن چىقىدىغان ۋاقتى بۇلۇپ قاپتىغۇ"ئۇ شۇنداق دەپ ئالدىغا تارتىۋالغا ن پەشتامىنى ئېلىپ ئىلغۇچىقا ئىلىپ قويغاندىن كيين مېھمانخانا ئۆيگە چىقتى. بۇ چاغدا دادىسى ئۆيدە يوق بۇلۇپ ئاپىسى كىرىسلودا ئولتۇرۇپ تېلۋۇزۇر كۆرۋاتاتتى:

- دادام نەگە كەتتى

- ئىدارىگە بىر بېرىپ كىلەي دەپ چىقىپ كەتتىغۇ.ھېلىغىچە كېلىپ قالامىكىن.

- مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ كىلەي ئاپا، بىرەر سائەتكىچە كېلىپ

بۇلىمەن. خالنۇر شۇنداق دەپ ئاپىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئىشىكتىن چىقتى .

ئۇ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە نۇرنىسا بىلەن ئەكرەم ئوپراسىيە ئۆيى ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار خالنۇرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

- ئارام ئېلىپ ئەتە كېلىڭ دىسەم يەنە كەپسىزغۇ ئاۋارە بۇلۇپ دېدى نۇرنىسا تەكەللۇپ بىلەن.

- ئۆي يېقىنلا يەردە، ئاۋارە بولغۇدەك ئىش يوق. ئابلىزنىڭ چىقىدىغان ۋاقتى بۇلۇپ قالغاندۇ؟

- شۇنداق ،ئازلا قالدى.

ۋوي سىز قاچان كەلدىڭىز ؟ دېدى ئەكرەم خالنۇرنى كۆرۈپ .

خالنۇر جاۋاب بېرىپ بولغۇچە نۇرنىسا ئاۋال ئېغىز ئاچتى:

- ئۇ ئەتىگەن كەچتىكەن، ئېخى بايا ئابلىز ئوپىراسىيەگە كىرىپ كەتكۈچە مۇشۇ يەردە بار ئىدى. سىزگە كەلگەنلىكىنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

- ھە، سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسام بىللە كىلەركەنمىز، مەن چۈشتە كەلگەن ئىدىم

- ھە. مەنمۇ سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيتىمەن دېدى خالنۇر سەل خىجىل بولغان ھالدا.

ئۈچەيلەن كارىدوردىكى ئۇرۇندۇقتا قاتار ئولتۇرۇپ تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ئوپىراسيە ئۆيى ئىشكىنىڭ ئۈستىگە بېكىتىلىپ قويۇلغان قىزىل چىراق يۇرۇپ كەتتى. بۇ ئوپىراسيەنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. خالنۇر تۇنجى بولۇپ قىزىل چىراقنىڭ يۇرۇغانلىقىنى كۆردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

- ئوپىراسيە ئاخىرلىشىپتۇ.

خالنۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەكرەم بىلەن نۇرنىسا تەڭلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى ۋە چىراقنى كۆرۈپ ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كىتىشتى. شۇ ئەسنادا ئوپىراسيە ئۆينىڭ خوش قاناتلىق ئىشكى ئاستا ئېچىلىپ دوختۇرنىڭ چىرايى كۆرۈندى ۋە ئارقىدىنلا ئوپىراسيە كارۋىتىنى ئىتتىرىپ چىقۋاتقان ئىككى سېستىرا كۆرۈندى. ئۈچەيلەن تەڭلا دوختۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دىگەندەك بېرىشتى:

- دوختۇر ئوپىراسيە قانداق بولدى؟ دەپ سورىدى ئەكرەم ئۆلچەملىك خەنزۇچە تەلەپپۇزدا

دوختۇر ئېغىز بۇرنىغا تاقىۋالغان ماسكىنى ئېلىۋەتكەندىن كىيىن:

- ئوپىراسيە ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولدى. بىراق ھازىر بىمار ھۇشسىز ھالاتتە بولغاچقا ئېنىق بىر نىمە دىگىلى بولمايدۇ. ئۇ ھۇشىغا كەلگەندىن كيىن ئاندىن ئېنىق بىر نىمە دىيەلەيمىز .

دوختۇر شۇنداق دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئىشخانىسىغا قاراپ كىتىپ قالدى.

ئالتە سائەتلىك ئوپىراسيە ئۇنى خېلىلا چارچىتىپ قويغاندەك قىلاتتى. دوختۇرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۈچەيلەننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى ۋە ئوپىراسيە ئۆيىدىن تامامەن ئەچىقىپ بۇلۇنغان كارۋاتتا ياتقان ئابلىزنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇرنىغا سۈنئى نەپەسلەندۈرۈش ئۈسكىنىسى ئورنىتىلغان ئابلىزنىڭ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن بۇلۇپ گەرچە ناركوز قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ ئالتە سائەتلىك ئوپىراسيە ئۇنى ئۇزۇن يىل كېسەل ئازابىنى تارتقان ئادەمدەك قىلىپ قويغان ئىدى. چىرايىمۇ ئوپىراسيەدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا چۈدەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار سېستىرالارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ ياتاققا كىردى. ئاندىن سېستىرالارنىڭ ياردىمدە ئابلىزنى ئوپىراسيە كارۋىتىدىن بىمارلار كارۋىتىغا يۆتكىدى. نۇرنىسا ئىنىسىنىڭ بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا باشقىچە جۈدەپ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ كۆزىگە يىغا كەلگەن بولسىمۇ ئوپىراسيەنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىدىن

خۇشال بولغاچقا ھەم يېنىدا خالنۇرلا بولغاچقا يىغلاشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.
ئۇ ئابلىزنىڭ ئاسما ئۆكۈم سېلىنغان قولىدىن باشقا يەرلىرىنى يوتقان بىلەن مەھكەم قىلىپ يېپىپ قويدى. ئەمدى ئۆلارغا ئابلىزنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئىش يوق ئىدى. ئۆچى ئابلىزنىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېين ئەكرەم بىر ئىشنى ئىسگە ئالغاندەك نۇرنىساغا قاراپ ئۇنى سىرتقا چىقىغا شەرەت قىلدى ھەم ئۆزى ئاۋال سىرتقا ماڭدى .نۇرنىسا ئېرىنىڭ ئىشارىتىدىن ئۇنىڭ سىرتقا چىقىڭ دىگەنلىكىنى چۈشەندى ۋە خالنۇرغا قاراپ:

- مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي، بىردەمدىلا كىرىمەن.
- بۇلدۇ ئەنسىرمەي چىقىۋىرىڭ مەن بولغاندىن كېين.

نۇرنىساغا سىرتقا چىقىپ ئېرىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە نىمە ئىش دىگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى:

- سائەت ئالتە بۇلۇپ قاپتۇ، ئابلىزنىمۇ كۆردۈم ئەمدى مەن ماڭايمىكىن، بولمىسا ئاپتۇبۇس قالمايدۇ.
- ھە راس. ئابلىز بىلەن بۇلۇپ كىتىپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇنداقتا ھازىرلا يولغا چىقىڭ. ئەتە ئەتىگەنگە قالسىڭىز بېرىپ بولغۇچە يېرىم كېچە بۇلۇپ كىتىدۇ.
- ئۇنداقتا مەن ماڭاي، خالنۇرغا سىز خوش دەپ قويارسىز.

ئابلىز ئويغانغاندىن كېين ماڭا تىلفۇن قىلىۋەتەرسىز ھە. ئەكرەم شۇنداق دەپ قايتىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى.

- بۇلدۇ ئەمسە ئاللاھقا ئامانەت، سىزنى ئۇزاتقىلى چىقمىدىم.
- ھىچقىسى يوق، ئابلىزنىڭ قېشىغا كىرىپ كىتىڭ. ئەكرەم مېڭىۋىتىپ شۇلارنى دىدى ۋە قايرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

نۇرنىسا ئىرىنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېين ئابلىزنىڭ يېنىغا كىردى. بۇ چاغدا خالنۇر ئابلىزنىڭ پىشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ ئولتۇراتتى:.

- ئۇ قانداقراق دېدى نۇرنىسا ئابلىزغا قارىغاچ:
- تېخى شۇ پېتىلا، سېستىرادىن سورىسام بالدىۇر بولسا تۆت سائەتتىن كېين ئويغىنىدۇ دەيدۇ.
- ھە ئەمسە خېلى باركەن. سىزمۇ قايتىپ كىتەمسىز ئەمدى. بولمىسا چوڭلار ئەنسرەپ قالمىسۇن.
- شۇنداق قىلسام بولغۇدەك. ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى ساقلاپ ئولتۇرسام يېرىم كېچە بۇلۇپ كەتكىدەك. ئۆيدىن چىقاشىمدا بىر سائەتتە كېلىپ بۇلىمەن دىگەن ئىدىم. خالنۇر شۇنداق ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. نۇرنىسامۇ خالنۇرنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بىللە ئورنىدىن تۇردى:.

- بولدى سىز چىقماڭ، ئۇ يالغۇز قالمىسۇن. مەن ئۆزەم كىتىۋىرەي.
- شۇنداق بولسىمۇ ئىشىك ئالدىغا بىللە چىقاي، بەربىر ئۇ ئۇخلاۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ؟
- مەيلى ئەمسە. خالنۇر شۇنداق دىگەچ ئىشىك ئالدىغا كەلدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ كارۋاتتا ياتقان ئابلىزغا قارىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ

ئابلىزنىڭ قېشىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.ئۇنىڭ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندىكى ھالىتىنى كۆرگىسى بار ئىدى. بىراق ھازىر ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئۆيگە قايتىش ئىدى. ئۇ ئابلىزغا كۆزە قىيمىغان ھالەتتە ئاخىرقى قېتىم قارىۋېتكەندىن كېيىن ئىشىكتىن چىقتى.

خالنۇر ئۆيگە كەلگەندە دادىسىمۇ ئىدارىدىكى ئىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن بولۇپ ئۇ ئىشىكتىن كىرگەن خالنۇرنى كۆرۈپ سورىدى:

- دوستىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلدىڭىزمۇ؟ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟

- مەن بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوپراسىيەدىن چىققان. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە ئوپراسىيە ئوڭۇشلۇق بولدى دەيدۇ. بىراق خېلىغىچە ھۇشسىز ياتىدىغان چېغى،
مەن قايتىدىغان چاغدىمۇ ئۇ كۆزىنى ئاچمىغان

- ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسۇن. دېدى خالنۇرنىڭ دادىسى.

- سەل ياخشى بولغاندا ئۆيگە چاقىرىپ قويساق بولامكىن. سەن قايتىپ كەتكۈچە ئۆيگە بىر چاقىرغىن مېھمان قىلىۋالايلى دوستۇڭ بولغاندىن كېين دېدى ئاپىسى:

- مەن قايتىپ كەتكۈچە ماڭالىغۇدەك بولالمايدۇ ئاپا، يەنە كېلىپ ئۇنى ئۆيگە چاقىرسامۇ كېلىشى ناتايىن.

- ئوپراسىيەدىن كېينكى بىر ھەپتىلەردە خېلى ماڭالايدىغان بولىدىغۇ ئادەتتە. نىمە كېسەلتى ئۇ دوستۇڭ؟

خالنۇر ئەمدى راستىنى دىمەي ئامال يوقلىقىنى ھېس قىلىپ" بولدىلا بەربىر دىيىشكە تېگىشلىك گەپ ئىدى دەۋرەي "دەپ ئويلىدى ۋە ئاپىسغا قاراپ:

- ئۇنىڭ شۇ پۇتىنى ئوپراسىيە قىلغان، شۇڭا بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ بولالمايدۇ ئەسلىدىنلا پۇتى ئاجىز ئىدى.

- پۇتى ئاجىز؟ قايتىلاپ سورىدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى. خالنۇرنىڭ دادىسىمۇ خالنۇرنىڭ ئېغىزىغا قاراپ تۇراتتى. مۇنداقلا دەپ بىرىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى ئويلىغان خالنۇر دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە گەپ باشلىدى:

- ئۇنىڭ كېسلى ئېغىر ئەمەس، يىنىك دىسە يىنىك ئەمەس. ئاپىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا ھۆكىمەت پىلانسىز تۇغدى دەپ سەككىز ئايلىق بولغا چاغلىرىدا ھاملە چۈشۈرۈش ئوكۇلى ئۇرۇۋېتىپتىكەن. شۇنىڭ تەسرىدىن پۇتى ئاجىز تۇغۇلۇپ قاپتۇ. بۇرۇنلاردا مېدىسسىنا تەرەققى قىلمىغاچقا ئوپراسىيە قىلسىمۇ ئەسلىگە كەلمەپتىكەن. بىراق ھازىر ساقىيىش نىسپىتى چوڭكەن ،شۇڭا مەن سولتان دادامغا ئۇنىڭ كېسەللىك تارىخنى يوللاپ بەرگەن، سولتان دادام كۆرۈپ بۇ يەرگە ئەكىلىپ ئوپراسىيە قىلدۇرۇڭلار دىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار سولتان دادام بار دوختۇرخانىدا ئوپراسىيە قىلدۇردى.

- سولتان ئىشلەۋاتقان دوختۇرخانىدىمۇ؟ دەپ سورىدى دادىسى ھەران بولۇپ

- شۇنداق دېدى خالنۇر گېپىنى داۋام قىلىپ. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە ئۇ بىرەر ئايدىن كېين نورمال ماڭالايدىكەن. سەن دىگەندەك ئۇنى ئۆيگە چاقىرىدىغان ئىش بولسا مەن كەتكۈچە كارۋاتتىن چۈشۈپ ماڭالىغۇدەك ھالەتكە كېلەلمەيدۇ.. چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىشىمۇ تەسىكىن ھازىر.

- ئۇ ھازىر قانچە ياشقا كىردى؟

25- مىكىن .مەندىن ئىككى ياش چوڭكەن.

- سەن ئۇ قىز بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالغان بولغىيتىڭ قىزىم. ئۇ مېيىپ بولغاندىن كىيىن ئىشلىمەيدۇ ھەقىچان.

خالنۇر ئاپىسىنىڭ ئابلىزنى قىز بالا دەپ ئويلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ دەرھال تۈزىتىشكە ئۇرۇندى

- قىز؟ مەن ساڭا قاچان ئۇنى قىز بالا دىدىم ئاپا؟ ئۇ ئوغۇل بالا بىزنىڭ ئىدارىگە يېقىنلا يەردە كىتاپخانا ئاچىدۇ. مەن دائىملا كىتاپ ئاغلى باراتتىم شۇ جەرياندا تونۇشۇپ قالغان. خالنۇر ئابلىز بىلەن دەريا بويىدا تونۇشقانلىقىنى دىسە ئاپىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە دەرىد بويىدىكى ئىشلارنى يوشۇرۇپ قالدى.

- ئوغۇل بالا؟ ياندۇرۇپ سورىدى ئاپىسى. سەن ھازىرىغچە دوستۇم، دوستۇم دەپلا كەلگەندىن كىيىن قىز بالا ئوخشايدۇ دېيدىمغۇ شۇ. قىز بالا نەدە ئوغۇل بالا بىلەن دوس بولىدىغان ئىش بار.

- ئەمىسە دوس ئەمەس، مۇنداقلا تونۇش، ياكى خوشنا دەپ ئويلىغىن ئاپا. سەن سورىغاچقا مەن دوست دەپ قويغان مۇشۇنداق ئەزۋەيلەپ سورىشىڭنى بىلىپ .

خالنۇرنىڭ ئاپىسى قىزنىڭ قىلۋاتقان گەپلىرىدىن ئۇنىڭ بىر نىمىلەرنى يوشۇرۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ دادىسى ئالدىدا ئۇنىڭدىن كوچىلاپ سوراشنى لايىق كۆرمەي:.

- ئۇ كىلەلمىسە بىز يوقلاپ بارساق بولار. بەرىبىر مەن ئۆيدە بىكار. بىرەر كۈنى ياخشى تاماق ئىتىپ بېرىپ يوقلاپ قوياي. سولتان داداڭنىڭ دوختۇرخانىسىدا دېدىڭ ھە؟

- شۇنداق لىكىن ئاپا يەنىلا بارمىغىنىڭ ياخشى دېدى خالنۇر ئاپىسىنىڭ ئابلىزنى يوقلاپ بېرىشىدىن توسۇشقا ئۇرۇنۇپ:

- ئۇ بەك ئىچكى مىجەز، كېسىلى تۆپەيلى جىق كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغان، شۇ تۆپەيلى ئۇزىنىمۇ ئۇزى كەمسىتىپ باشقىلار بىلەن ئارىلاشماي ئامال بار ئادەم بار يەردىن ئۇزىنى قاچۇرۇپ يۇرىدۇ. سەن بارساڭ ئۇ خىجىل بولۇپ قالامىكىن.

- نىمىدىن خىجىل بولىدۇ. مەن ئاپىسىدەك ئادەم تۇرسام. ھازىر ئۇنىڭغا كىم قاراۋاتىدۇ؟

- ئاچىسى قاراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى تۈگەپ كەتكەن تۆت ئاچىسى باركەن. بىراق ئاساسەن كىچىك ئاچىسىلا قارايدىكەن.ئۇ ئاچىسىنىڭ يولدىشىمۇ ئۇزىنىڭ ئىنىسىدەكلا باقىدىكەن.

- ۋاي خۇدايىم دەپ كۆزىگە ياش ئالدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خالنۇردىن بايامقى ئەنسىرەشلىرى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتكەن بولۇپ ئابلىزغا باشقىچىلا ئىچ ئاغرىتىپ كەتكەن ئىدى:.

- تولىمۇ بىتەلەي بالىكەنغۇ، مېيىپلىقنى ئاز دەپ ئاتا-ئانىسى يوقكەن . خۇدايىم كېسىلىگە شىپالىق بەرسۇن.

خالنۇرنىڭ دادىسى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ ئۇ ئىككىسىنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى.

ئۇ ئايالنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چاقچاق ئارىلاش:

- بۇنداق ئىچ ئاغرىتقان ئادەم بىزلا بېقۋېلىپ بالا قىلۋالمايلىمۇ؟

- ئادەمنى زاڭلىق قىلۋاتامسىز دېدى خالىنۇرنىڭ ئاپىسى. كىچىك بالا بولغان بولسا سىز دىمىسىڭىزمۇ ئېنىقلا بېقۋالغان بۇلاتتىم. بىراق ئۇ ھازىر ئالىبۇرۇن چوڭ يىگىت بۇلۇپ قاپتۇ. بىز بېقلۋالمىساقمۇ ئۆزىنى باقالايدىكەن. ئاڭلىمىدىڭىزمۇ مېيىپ بولغان بىلەن كىتاپخانا ئاچىدىكەن دەۋاتامدۇ دىگەچ ياشلىرىنى سۈرتتى ئاپىسى.

- ئۇ راس كىتاپخانا ئاچامدا قىزىم دەپ سورىدى پەرھات ئاكا

- شۇنداق كىتاپخانىنى ئاچىسى ئېچىپ بەرگەن. ئۇ ئۆيدىن سىرتقا چىققىلى ئۇنماي بەك تۇگىشىپ كەتكىلى تۇرغاندا ئاچىسى كىتاپخانىغا قارىغاچ كىرىپ چىققان كىشلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، كىتاپ ئۇقۇپ دىگەندەك كەيپىياتنى تەڭشەپ خۇشال يۈرسۇن دىگەن مەقسەتتە ئېچىپ بەرگەن ئىكەن.ھازىر مىجەزى خېلى ئوڭشىلىپ گەپ قىلىپ يۈرۈيدۇ. لىكىن ئۆزى بەك ياخشى بالا. خالىنۇر ئاخىرىقى گېپىنى ئۇرغىلىق قىلىپ ئېيتتى.

ئۇخلايدىغان ۋاقىت بۇلۇپ خالىنۇر ياتاق ئۆيىدە ئەمدى ئۇخلاي دەپ ياتقاندا ئاپىسى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىغا كىردى:

- تېخى ئۇخلىمىدىم .بىرەر گەپ بارمىدى

- شۇنداق. سەن بىلەن ئۇ بالا توغۇرلۇق پاراڭلىشىپ كۆرەي دىگەن ئىدىم. ئۇ بالىنىڭ ئىسمى نىمە؟

- ئابلىز. قانداق سوراپ قاپسەنغۇ؟

- مەندىن يۇشۇرماي راست گەپنى قىلغىن خالىنۇر. مەن قانداقلا ئويلىسام ئۇنىڭ بىلەن پەقەت دوستتەكلا قىلمايسەن. بۇرۇن سىنىڭ ئېغىزىڭدىن دوستۇم دەپ بىرەر ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باققان ئەمەسمەن. ياكى ئۇنى مېيىپ دەپ ھېسداشلىق قىلىپ ياخشى مۇئامىلە قىلۋاتامسەن.

خالىنۇر ئاپىسىغا ھەممە گەپلەرنى دەپ بىرىپ ئۇنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. چۈنكى ئۇ ئاپىسىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئىشلارنى ياخشى چۈشەندۈرسىلا باشقىچە قارشى تۇرۇپ كىتىشى ناتايىن ئىدى. ھەم خالىنۇر ئابلىزنىڭ ساقىيىپ كىتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئاپىسىغا ھەممىنى يۇشۇرماي دىيىشنى لايىق كۆردى ۋە ئاپىسىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئابلىز بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان چاغدىن تارتىپ تاكى بايام ئوپراسىيەدىن چىققۇچە بولغان ھەممە ئىشلارنى دەپ بەردى. خالىنۇرنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئۇزۇن بىر ھېكايە ئاڭلىغاندەك ئۇلۇغ كىچىك تىنۋەتتى ۋە بىردەمدىن كيىن ئۇنىڭدىن سورىدى:

- دىمەك ھازىر ئۇ بانىڭ ساڭا كۆڭلى بار ، سىنىڭمۇ ھەم شۇ شۇنداقمۇ؟

خالىنۇر جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنىغا خىجىل بولغان ھالدا ئاپىسىغا قاراپ ھەئە دىگەن مەندە بېشىنى لىڭشتىپ قويىدى.

- ئۆزى ياخشى بالا بولسىغۇ، كەمبىغەلل بۇلامدۇ،باي بۇلامدۇ داداڭ ئىككىمىز قارشى ئەمەس. بىراق ئۇ بالا مېيىپكەن. ئوپراسىيەدىن كيىن ساقىيىپ كەتسىغۇ تەلىيىڭ ، ناۋادا

ساقايماي قالسچۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ مۇھاببەت دىگەن تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەمەس. ھازىرغۇ ياخشى كۆرۈشتۇق دەپ كەينىڭغا قاراپ قويماي ئالدىڭغىلا ماڭارسەن. كىيىن تۇرمۇش قۇرغاندىن كىيىن بىر ئائىلىنىڭ يۈكى ساڭا يۈكلەنسە، ئۇ ساڭا مۇھاببەتتىن باشقا ھىچنىمە بىرەلمىسە يەنە ئۇنى ياخشى كۆرەلەمسەن؟ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كۆزىڭگە سەت كۆرۈنۈپ قالماسمۇ؟

- بۇ دىگەنلىرىڭنى مەنمۇ كۆپ ئويلانغان ئاپا. بىراق مەن ئۇنىڭ ساقىيىپ كىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، بۇ قېتىم ساقايمىسا كىينكى قېتىم، كىينكى قېتىم ساقايمىسا ئۇنىڭدىن كىينكى قېتىم چۇقۇم ساقىيىپ كىتىدۇ. بۇ ئىشقا ئىشەنچىمنى ئۈزۈپ قويغىنىم يوق. خالنۇر شۇلارنى دەۋىتىپ ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا يىغلاپ سالدى. ئۇ تەسلىكتە ئۆزىنى يىغدىن توختىتىپ گىپىنى داۋام قىلدى:

- ئەڭ مۇھىمى بۇ ئەمەس ئاپا. مەن بىلەن تونۇشقاندىن كىين كىين ئۇنىڭ روھى كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش چوڭ. ھەتتا بۇ قېتىملىق داۋالىنىشنى قوبۇل قىلىشقىمۇ مەن ماقۇل كەلتۈردۈم. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم قەلىپ دەرۋازىسىنى ئېچىپ سىرتقا چىقىپ باقتى، تۇنجى قېتىم باشقىلارغا، سىرتقى مۇھىتقا، ياشاشقا قىزىقىپ باقتى.بۇنىڭ ھەممىسى مىنىڭ سەۋەبىمدىن ئۇنى مېنىپ دېيىشكە توغرا كەلسە ھەققى مېنىپ يېرى ئۇنىڭ پۈتى ئەمەس بەلكى ئازار يىگەن قەلبى. ئويلاپ باق ناۋادا مەن ئۇنى مېنىپكەن دەپ ۋە ياكى ساقايمىدى دەپ تاشلاپ كىتىپ ئۆزۈمنىڭ بەختىنى دەپ باشقا بىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ بەختلىك ياشاي. بىراق ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ قېلىشى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولۇپ كىتىشى مۇمكىن. ھازىر ھىچبولمىسا ئۇنىڭدا ھاياتقا نىسپەتەن ئىشەنچ تۇغۇلدى. ناۋادا مەن ئۇنى مېيىپلىقى تۈپەيلى تاشلاپ كەتسەم ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يوق قىلغان ئۇنىڭ ئەمدى يۇرۇۋاتقان قەلىپ شامىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆچۈرۈۋەتكەن، دەپنە قىلىۋەتكەن بولىمەن. ئادەتتىكى نورمال يىگىت بولغان بولسا مەن سىلەر بولمايدۇ دىسەڭلار ئايرىلىپ كىتەتتىم. چۈنكى مەن ئايرىلىپ كەتسەممۇ ئۇ يەنە باشقا قىزلار بىلەن ئۇچرىشالايتۇ، توي قىلالايدۇ. بىراق ئابلىز ئۇنداق قىلالامايدۇ؟ئۇۇنىڭغا مەندەك بىرى ئۇچرىمايدۇ، ئۇچرىدى دىگەندىمۇ مەندىن ئازار يىگەن كۆڭلى قوبۇل قىلالامدۇ؟ مەن ئۇنى تاشلىۋەتسەم ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغىغان بۇلىمەن، ئۇنى بىر ئۆمۈر مېيىپ قىلىپ قۇيىمەن. ئۇنىڭ قەلبىدىكى مېيىپلىقنى مەن چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتسەم ئۇ قانداق ياشايدۇ؟ ئۇنى شۇنداق ھالەتتە تاشلاپ كىتىپ مەن باشقىلار بىلەن قانچىلىك بەختلىك ياشاپ كىتەرمەن سەنچە. خالنۇر شۇنداق دەپ گىپىنى ئاخىرلاشتۇردى

- مەن ئويلىغانىنىڭ ھەممىسنى سەن ئويلاپ بوپسەن، مەن ئويلاپ ئۈلگۈرمىگەن مۇمكىنچىلىكەرنىمۇ سەن ئويلاپ بوپسەن. ساڭا دەيدىغان باشقا گىپىم يوق .ساڭا نەسىھەت قىلىپ نىيىتىڭدىن ياندۇراي دىسەم سەن دىگەن گەپلەرنىڭ توغرىلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. شۇڭا سىنى رايىڭدىن ياندۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماي. بىز سىنى بىر بالا دەپ يىمىگەننى يىدۈرۈپ، قىلمىغاننى قىلىپ بىرىپ چوڭ قىلدۇق. ئەمدى چوڭ بولدۇق ئۆزەڭنىڭ تۇرمۇشنى بېكىتىش ، تاللاش ھوقۇقۇڭ بىر. ساڭىلا دەيدىغان بىرلا ئېغىز

گېپىم قانداقلا تاللاشقا دۇچ كەلمىگىن بۇگۈنكى تاللىشىڭ ئۆچۈن كىين پۇشايمان قىلىدىغان ئىشنى قىلما ، ئۆزەڭگە يۈزكىلەلمەيدىغان، ۋىجدان ئازابى تارتىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

- چۈشەنگىنىڭگە رەھمەت ئاپا. خالنۇر شۇنداق ئاپىسىغا ئەركىلىگەندەك قىلىپ قويدى.

- مەن ئەتە ئۈگۈنگىچە بېرىپ يوقلىغاچ ئۇ بالىنى كۆرۈپ كېلەي. راستىنلا سەن دىگەندەك ئاقكۆڭۈل، ياخشى بالىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلۇن كۆرۈپ كىلەي.

- يەنە بارىمەن دەيسەنغۇ دىدى خالنۇر دومسىيىپ. سەن بارساڭ ئۇ خىجىل بولىشى، بېسىم ھىس قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. خالنۇر شۇنداق دىگەچ تىلفۇننى يېنىدىن چىقاردى.

- دوختۇرخانىغا بارىمەن دىمەي ئاۋال سۈرىتىنى كۆرۈپ تۇرغىن ئۇ شۇنداق دەپ تىلفۇننى ئېچىپ ئابلىزنىڭ سۈرىتىنى ئاپىسىغا كۆرسەتتى

- قارىماققىغۇ چىرايلىق، پاكىز كۆرۈندىغان بالا ئىكەن بولمىسا دېدى ئاپىسى ئابلىزنىڭ سۈرىتىگە سىنچىلاپ قاراپ. شۇنداقتىمۇ ئەمىليەتتە كۆرگەنگە يەتمەيدۇدە.

- ئۇنداقتا زادى بارىمەن دىسەڭ ساقلاپ تۇر، مەن بىر كۈننى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ سىنى بىللە ئاپىراي .

- گېپىڭ گەپ ھە.

- ئەلۋەتتە. بىراق ئاپا دادامنى قانداق قىلارمەن سوراپ قالسا؟

- ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ مەن ئۇنىڭغا ئۆزەم دەي. بىراق مەن تېخى تۈيۈقسىزغا قۇشۇلمىدىم جۇمۇ. پەقەت ھازىرچە ئۇ بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشىڭغىلا قوشۇلدۇم.

- ۋاي بىلمەن. نەدىكى تويىكەن تېخى ئۇ دېدى خالنۇر كۈلۈپ.

- ئەمىسە مەن چىقىپ كەتتىم ئۇخلىغىن

- ماقۇل سەنمۇ چىقىپ ئارام ئال ئەمىسە، خۇدايىمغا ئامانەت.

خالنۇر ئاپىسى چىقىپ كەتكەندىن كىين يىنىك تىن ئالدىئ ئۇنىڭ بۇرۇن ئابلىزنىڭ گەپىنى ئاپىسى بىلگەن چاغدىلى قىياسىنىڭ ئەكسىچە ئاپىسى چالۋاقاپمۇ، ئايلىنمپمۇ كەتمىگەن ئىدى .ئابلىزنىڭ بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە داۋالىنىشقا كېلىشى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىشى قاتارلىق ئىشلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئابلىزنى تەبىلا بىلىپ كىتىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى. ئىشلارنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىن ئاسان يۈرۈشكىنىگە قاراپ خالنۇر باشقىچە خۇشال بولۇپ قالدى." شۇ تاپتا ئۇ ئويغانغانمىدۇ؟ ئويغانغان بولغا ناركوزنىڭ تەسرى يوقلىپ ئاغرىقنى ئاندىن ھىس قىلىشقا باشلايتى. تازا قىينىلىدىغان بولدىدە، يېنىدا بولغان بولسامغۇ ياخشى بۇلاتتى" خالنۇر ئورنىدا ياتقاچ شۇلارنى خىيالدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئەتە ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا بېرىشنى خىيالىغا پۈكۈپ ياستۇققا بېشىنى قويدى

ئەتىسى ئەتىگەن خالىنۇر دادىسىنى ئىشقا ئۇزىتىۋېتىپلا دوختۇرخانىغا كەلدى. ئۇ دوختۇرخانىغا كەلگەندە ئابلىز تېخىچە ئۇخلىغاندەك يېتىۋاتقان بولۇپ يېنىدا نۇرنىسا كورۇنمەيتى. ئۇ ئابلىزنىڭ ناركوز كۈچىنى يوقىتىپ كېچىدا ئىن بۇيان ھۇشىغا كېلىپ بولۇپ قايتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ياكى ئوپراسيەدىن چىققان پېتىم ھازىرغىچە كۆزىنى ئاچمىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ نۇرنىسانى بەلكىم ئەتىگەنلىك تامان يېگىلى چىقىپ كەتكەن بولىشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىدى. ئابلىزنىڭ چىرايى تۈنۈگۈنكىدىنمۇ بەكرەك جۇدەپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ نېراقتا تۇرغان ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكىلىپ ئابلىزنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئابلىز يېنىك چەم ئاجىز بىر خىل يېرىمدا تىنىپ ياتاتتى. شۇ ئارلىقتا تاماق قاچىسىنى كۆتۈرگەن نۇرنىسا سىرتتىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئابلىزنىڭ يېنىدا قاراپ ئولتۇرغان خالىنۇرنى كۆرۈپ بىردىنلا چىرايىغا كۈلگە يۈگۈردى:

- كەلدىڭىزمۇ ؟
- شۇنداق دېدى خالىنۇر. ئابلىز تېخىچە ئويغانمىدىمۇ؟
- شۇنداق. كېچىدىن بىر قېتىم ئويغانغاندەكمۇ قىلغان، بىراق بىردەمدىم كېين يەنە جىمىپ قالدى. تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ ئازراقمۇ بىر نەرسە يەپ باقمىدى ئەمەسمۇ. ھېلى ئويغىنىپ قالسا قورسىقى ئېچىپلا ئويغىنىدۇ ھەقىچان، شۇڭا سىرتقا چىقىپ سۇيۇق-سەلەڭ بىرنەرسە ئەتكۈزۈپ ئەكىرەي دەپ چىقىپ كەتكەن ئىدىم .ئەمدى ئويغانغاندا يىسۇن.
- بولمىسا ئويغىتىپ باقامدۇق يا، ناركوزنىڭ كۈچى ئالللبۇرۇن يوقاپ بولدى بۇ چاغقىچە، ئاجىزلاپ كەتكەچكە ئۇخلاۋىرۋاتامدىكىن دەپ قالدىم. بولمىسا دوختۇردىن سوراپ كۆرەيلى.
- بولمىسا سىز دېگەندەك ئويغىتىپ باقايلى، ئويغىنىپ قالسا بىر نەرسە يەر بولمىسا ،دوختۇردىن سوراپ باقامىز.

خالىنۇر ماقۇل دېگەن مەقسەتتە بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېين ئابلىزنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئاستا چاقىردى:

- ئابلىز، ئابلىز........

ئابلىزدىن ھىچقانداق سادا كەلمىگەندىن كېين خالىنۇر ئابلىزنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ ئۇنى ئاستا تۈرتتى:

- ئابلىز... ئابلىز..

ئابلىز سەل قىمىرلاپ يەنە جىمىپ قالغان دىن كېين خالىنۇر ئۇنى داۋاملىق تۈرتۈپ چاقىرىۋەردى. بۇ قېتىم خالىنۇرنىڭ چاقىرىشى ئۈنۈمىنى كۆرستىپ ئابلىز دەسلەپ ئازراق مىدىرغاندىن كېين كۆزىنى تەسلىكتە ئاچتى .ئابلىز كۆزىنى ئېچىپ دەسلەپ بېشىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان خالىنۇر بىلەن ئاچىسىنى غۇۋۋا ھالەتتە كۆردى، كېين بارغانسىرى ئېنىق كورۇشكە باشلىدى. ئۇ خالىنۇرنىڭ ئۆزىگە ھەيرانلىق ھەم غەمخورلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆزىنى قايتىدىن يۇمۋالدى. شۇ تاپتا پۈتىنىڭ ئوپراسيە قىلغان قىسمى، ياق ئاستىنقى بەدىنى تېڭىزىپ قاتتىق ئاغرۋاتاتتى. ئۇ

ئاغرىقتىن ئارانلا تۇرغان بولسىمۇ ئ چىشنى چىشلەپ جىممىدە تۇرۋالدى. چۈنكى ئۇ خالنۇرنىڭ ئالدىدا تووۋلاپ، قاخشاپ ئۆزىنى ئاجىزكۆرستىشنى خالىمايتى .

- ئابلىز، كۆزۈڭنى ئاچە ئۇكام، تۇرۇپ ئورنۇڭدىن بىر نەرسە يەۋالغىن.

ئۇ ئاچىسىنىڭ چاقىرىشى بىلەن غەيرەتكە كېلىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان خالنۇرغا قاراپ بىلنەر-بىلنمەس كۈلۈمسرەپ قويدى. خالنۇر ئابلىزنىڭ لەۋلىرىنىڭ قۇرۇپ، گەز باغلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىش ئۈچۈن تەكچە ئۈستىگە قۇيۇلغان چايدانىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ئىستاكانغا ئازراچ چاي قۇيغاندىن كىين ئابلىزنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئولتۇرۇپ چاينى پۈۋلەپ سوۋۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە نۇرنىسا كارۋاتنىڭ ئابلىزنىڭ بېشى بار تەرىپىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ئاز-تولا ئولتۇرغاندەك ھەلەتكە ئېلىپ كەلدى. كاراۋاتنىڭ كىچىككىنە لىڭشىپ كېتىشىمۇ ئابلىزنىڭ پۈتىدىكى ئاغرىقنى ھەسسلەپ كۈچەيتىۋېتىپ باراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىلىندۈرمەي چىداپ ئولتۇردى. خالنۇر پۈۋلەپ سوۋۇتۇپ ئىچكۈدەك بولغان چاينى ئابلىزنىڭ قۇلىغا تۇتقۇزدى. دەرۋە ئابلىز تۈنۈگۈندىن بۇيان بىرەر نەرسە يەپ،ئىچىپ باقمىغاچ ئۇسساپ ئارانلا قالغان ئىدى. ئۇ خالنۇر بەرگەن چاينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىپ قۇرۇغداپ قويدى.

- ئۇسساپ كىتىپتىكەنسەنىدە دەپ كۈلدى نۇرنىسا ئابلىزنىڭ چاي ئىچىشىگە قاراپ. ھە راس ھازىر قانداق ھېس قىلۋاتىسەن؟ ئوپراسيە قىلغان يەر ئاغرىۋاتامدۇ؟

- ئابلىز ياق دىگەن مەنىدە بېشىنى يىنىك چايقاپ قويدى.

- ئۇنداقتا تاماق يەۋالغىن، قورسىقىڭمۇ ئېچىپ بىر بۇلۇپ كەتتى ھەقچان. دوختۇر كۈچلۈك تاماق بەرمەڭلا دىگەچكە گۆشمۇ سالدۇرماي سۇيۇقئاش ئەتكۈزۈپ ئەكىرىدىم. قېنى ئىسسىقدە ئىچۋال .

نۇرنىسا شۇنداق دىگەچ تاماق قاچىسىدىكى سۇيۇقئاشنى كىچىك بىر چىنىگە بۆلدى ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئابلىز قاچىنى قولىغا ئالغاندىن كىين ئېغىزىغا بىر قوشۇق سېلىپلا ھۆ قىلىپ ياندۇرۋەتكىلى تاسلا قالدى. قۇلىدىكى تاماقمۇ ئالدىغا ئازراق تۆكۈلۈپ كەتتى .خالنۇر ئۇنىڭ قۇلىدىكى چىنىنىڭ قۇلىدىن چۈشۈپ كىتەي دىگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرۋاللا قۇلىغا ئېلىۋالدى. ئابلىز تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن بۇيان ھىچنەرسە يىمەي ئاشقازىنى قۇپقۇرۇق بۇلۇپ قالغاچقا دەمالىققا قوبۇل قىلالماي ھۆ بولۋاتقان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاشقازىنى قۇرۇق بولغاچقىمىكىن قۇرۇق ھۆ قىلىپ ياندۇرمىدى . بىراق چاتاق يېرى ئۇ ھۆ قىلغاندا بەدىنى مىدىراپ كىتىپ ئوپراسيە قىلغان ئورۇنغا قاتتىق ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئابلىز قاتتىق ئاغرىقتىن تووۋلىۋەتكىلى قىللا قالدىيۇ چىداپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۇتۋالدى. ئەلۋەتتە ئابلىزغىلا قاراپ تۇرغان خالنۇر ئابلىزنىڭ چىرايىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلماي قالمىدى. چۈنكى بايا ئابلىز جىم تۇرۋېلىپ چىدىغان بىلەن چىرايى باشقىچىلا تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

- بولدى مەن يىگۈزۈپ قۇياي، بولمىسا قىينىلىپ كەتكۈدەك. خالنۇر شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئابلىزغا تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلۈپ ئولتۇردى ۋە قوشۇققا ئازراق تاماق ئېلىپ ئابلىزغا ئېغىزىغا يېقىن ئەكەلدى. ئابلىزنى گەرچە چىدىغۇسىز ئاغرىق قىيناپ تۇرسىمۇ

بىراق خالنۇرنىڭ ئۇنىڭغا تاماق يىگۈزۈپ قويىمەن دەپ قىلغان ھەركىتى ئۇنىڭ بەدىنىكى ئاغرىقلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدۇرۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ خالنۇرنىڭ ئۆزىگە تاماق يىگۈزمەكچى بولۋاتقانلىقىدىن ھەم خۇشال بولۋاتاتتى ھەم خىجىل بولۇپ قالغان ئىدى.شۇنداقتىمۇ ئۇ قوشۇقنى ئۆزىگە تەڭلاپ تۇرغان خالنۇرنىڭ ئۆزىگە "قېنى يەڭ" دىگەندەك دىگەندەك قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا ئېغىزىنى ئاچتى. بۇ قېتىم ئۇ يەنە ھۆ قىلغان بولسىمۇ چىداپ تۇرۇپ يۇتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ دەسلەپ يىگەندە ھۆ قىلغان بولسىمۇ بىردەمدىن كىين ئوگىشىلىپ قالدى، تاماقنىمۇ يىدى. ئۇنىڭ ئاشقازىنى ئەمدى كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى. ئابلىز تاماقنى يەپ بولۇپ بىردىنىلا قاتتىق ھارغىنلىق ھېس قىلىپ قالدى. ئۇنىڭغىچە نۇرنىسامۇ بەدىنىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئېگىز تۇرسا ئېغىرلىق پۈت قىسمىغىلا چۈشۈپ ئۇنى ئاغرىتىۋەتمىسۇن دەپ ئويلاپ كارۋاتنى تۈز ھالەتكە ئەكىلىپ قويدى. ئابلىز يېتىپ بىردەم ئۆتمەيلا يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

شۇ تەرىقىدە نەچچە كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئابلىزنىڭ ئەھۋالىمۇ بارا-بارا ئەسلىگە كېلىپ، چىرايىمۇ ئوگىشىلىپ خېلى روھلۇق بولۇپ قالدى. دوختۇر مۇشۇ تەرىقىدە ياخشىلىنىپ ماڭسا ئوپراسيە قىلغان ئورۇن ئەسلىگە كېلىپ بولغاندىن كىين يەرگە چۈشۈپ مېڭىپ سىناپ باقسا بولىدىغانلىقىنى، بىراق دەسلەپتە بەك كۆچەپ كەتمەسلىكنى، مېڭىش ۋاقتىنى ئاستا-ئاستا ئۇزارتسا بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغىچە ئۆزىنىڭ كۆندە كىرىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابلىز گەرچە ھازىر پۇتنىڭ ئوپراسيە قىلىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت بىلەن ئوخشاشلا ئانچە سىزىم يوقتەك ھېس قىلغان بولسىمۇ دوختۇرنىڭ گېپىدىن ئۈمىدلىنىپ قالدى.

خالنۇرنىڭ قايتىشىغا بىر كۈنلا قالغان ئىدى. خالنۇرنىڭ مەيلىچە بولغاندا ئۇ ئابلىز دوختۇرخانىدىن چىققۇچە ئۇنىڭغا قاراپ ئاندىن بىللە قايتىش ئىدى. بىراق ئۇ رۇخسەت سورىغان بىر ھەپتە مانا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ جىددىيلىشىپ قالدى. جىددىيلىشىپ قالغان يالغۇز خالنۇرلا ئەمەس ئىدى. خالنۇرنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك جىددىيلىشىپ كىتىپ باراتتى. چۈنكى خالنۇر قايتىدىغان ۋاقىت توشقىچە ئۇنى ئابلىزنىڭ قېشىغا بىر ئاپىرىدىغان بولغان بىراق جىمجىتلا يۈرۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن خالنۇرغا دىمەيلا ئۆزى بېرىپ كىلىش ئۈچۈن ئەتىگەندە خالنۇرنى دوختۇخانىغا يولغا سېلىۋېتىپلا تەييارلىق قىلىشقا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ گۆشنىڭ مايسىز يېرىدىن تاللاپ ئالغاندىن كىين ئوخشىتىپ پولو ئەتتى. . ئاندىن ئۇنى ئىسسىق ساقلايدىغان تاماق قاچىسىغا پولوسنى ئايرىم، گۆشنى ئايرىم قىلىپ ئالغاندىن ئالغاندىن كىين تاماق قاچىسنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. بۇ چاغدا خالنۇر ئاپىسىنىڭ كېلىشىدىن خەۋەرسىز ھالەتتە نۇرنىسانى بازا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تاييارلىق قىلىۋاتاتتى.

- ئەمىسە ماڭامدۇق ئاچا. دېدى خالنۇر.
- بولىدۇ. سىز كەتكۈچە ئۆرۈمچىنى بىر ئوينىۋالدىغان بولدۇمدە. بىراق ئابلىز يالغۇز قالسا بولارمۇ دېدى ئۇ ئۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرغان ئابلىزغا قاراپ
- ھېچقىسى يوق،، بېرىۋېرىڭلار .ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. ئەمدى قېشىمدىلا

قاراپ ئولتۇرمساڭلارمۇ بۇلىدۇ.

- چۈشلۈك تاماقنى سىستىرا ئەكىرىپ بەرەكچى بولدى ئۇنىڭغا دەپ قويدۇم.

بىرەر ھاجىتىڭ بولسا سېستىرانى چاقىر ياكى بولمىسا بىزگىلا تېلفۇن قىل، دەرھال قايتىپ كېلىمىز.

- بۇلىدۇ، مەندىن ئەنسىرمەي ،بېرىۋېرىڭلار.

خالىنۇر بىلەن نۇرنىسا شۇنداق دەپ چىقىپ كىتىشتى. ياتاقتا بولسا ئابلىز يالغۇزلا قالدى. ئۇ بىردەم ئولتۇرغاندىن كىيىن ئىچى پۇشۇپ كىتاپ بولسىمۇ ئوقۇغاچ ئولتۇراي چۇ دىگەن مەقسەتتە ئاچىسى يىنىدىكى جوزىدىلا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىككى كىتاپتىن بىرنى قولىغا ئالدى ۋە يىتىپ كىتاپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

خالىنۇرنىڭ ئاپىسى ئۆيدىن چىقىپلا تاكسىدىن بىرىگە ئولتۇرۇپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا كەلدى. ئۇ دوختۇرخانا ئىشىگە كىلىپ بىر ئاز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كىيىن تېلفۇننى قولىغا ئىلىپ خالىنۇرغا تېلفۇن قىلىشنى ئويلاپىراق توختاپ قالدى. خالىنۇر ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا كەلگەنلىكىنى بىلسە بەلكىم يەنىلا كۇرۇشتۇرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ خالىنۇرغا تېلفگون قىلماي سولتان دوختۇرغا تېلفۇن قىلدى:.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇكام. مەن مەريەم ئاچىڭىز.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام مەريەم ئاچا، تىچلىقمۇ.

- مۇنداق ئىشتى ئۇكام. مەن دوختۇرخانىغا كەلگەن ئىدىم خالىنۇرنىڭ تۇنۇشى بارغۇ ئاقسۇدىن داۋالانغىلى كەلگەن. شۇ بالىنىڭ بالىنىس نۇمۇرىنى دەپ بەرسىڭىز بوپتىكەن.

- ھە ئابلىزنى دەمسىز؟ ئاكامۇ بىللە كەلدىمۇ؟ سىز نەدە ھازىر؟ مەن چۈشۈپ سىزنى باشلاپ چىقاي.

- ياق ئۇكام، سىز ئالدىراش ئاۋارە بولماڭ .مەن يالغۇزلا كەلدىم .ئاكىڭىز كەلمىدى. ماڭا قايسى بىنا، قانچىنچى ياتاقتا ئىكانلىكىنىلا د دەپ بىرىڭ ئۆزەم تېپىپ چىقاي.

- ماقۇل ئەمسە. سولتان دوختۇر شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا ئابلىزنىڭ تۇرۋاتقان ياتاق نۇمۇرىنى دەپ بەردى. ئۇ سولتان دوختۇرنىڭ دەپ بەرگەن ئادىرىسى بۇيىچە ئابلىزنىڭ ياتاق بىناسىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى. ياتاق ئىشىكىنىڭ ئوتتۇرسىغا ئەينەك قويۇلغان بولۇپ سىرتىدىن قارىسا ياتاق ئىچىدىكى ئادەملەرنى ككرگىلى بولاتتى. ئۇ ياتاي ئىچىگە قاراپ ئىچىدە خالىنۇرنىڭ يوقلىقىنى بايقىدى. ياتاقتا ئىككى كارىۋات بولۇپ بىر كارىۋات بوش ،يەنە بىر كارىۋاتتا بىر بالا كىتاپ كۇرۇپ ياتاتتى. ئۇ قانچە قاراپمۇ كىتاپ كۆرۋاتقان بالىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدى. چۈنكى ئۇ يىتىپ كۇراتقان بولغاچقا كىتاۋى يۈز قىسمىنى تۇسۇۋالغان ئىدى. مەريەم ئانا ئىشىك سىرتىدا بىردەم تۇرۋاتقاندىن كىين" ئاۋال كىرىپ باقمايمۇ، ئەمەس بۇلۇپ قالسا چىقىپ كىتەرمەن" دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىشكنى ئاستا ئىچىپ ياتاق ئىچىگە كىردى. ئابلىز ئىشىكنىڭ ئىچىلغانلىقىنى ھىس قىلىپ كىتاپنى قويۇپ ئىشىككە قارىدى. ئىشىك ئالدىدا چىرايى 40نەچچە ياشلار ئەتراپىدا كۇرۈنىدىغان، مەرى ئىسسىق بىر ئايال تۇراتتى. مەريەم ئانا ئابلىزكىتاپنى يىنىغا قويۇپ قويغاندىن كىين ئۇنىڭ چىرايىنى ئىنىق كۆردى. ئۇ ئۆزگە

ئەجەپلىنىش ھەم سوئال نەزىرىدە تىكىلگەن  ئابلىزنى كۆرۈپ دەقىقە تۇرۇپ  قالدى. ئۇ خىيالىدا كۆز ئالدىدىكى ئابلىزنى خالنۇر كۆرسەتكەن  سۈرەتكە سېلىشتۇرۇپ  دەڭسەپ بېقىۋاتاتتى. ئۇ كارۋاتتا ياتقان بالىنىڭ  ئابلىز ئىكەنلىكىگە جەزىم  قىلغاندىن كىيىن كۈلۈمسىرەنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئابلىز بۇ ئايالنى ناھايىتى  تونۇش ھېس قىلدى ھەم بىر قانداقتۇر بىرىگە ئوخشاتتىيۇ  دەماللىققا ئېسىگە  ئالالمىدى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بالام، ياخشى تۇردىڭىزمۇ ؟

ئابلىز ناتونۇشلا بۇ ئايالنىڭ  ئۆزىدىن ئەھۋال سوراۋاتقانلىقىغا قاراپ چوقۇم بالىنىسقا خاتا كىرىپ قالغان بىرى  ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام .ئۆزلىرى........؟
- ئۆزەمنى تونۇشتۇرمايلا ئەھۋال سوراپ كەتكىنىمنى  قارىمامدىغان. مەن خالنۇرنىڭ ئاپىسى بولىمەن بالام.ئىسمىم  مەريەم

ئابلىز  خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ دوختۇرخانىغا كېلىشىنى ئوخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن ھەم خالنۇرمۇ بۇ ھەقتە بىر نىمە دېمىگەن بولغاچ بۇ تۇيۇقسىز ئەھۋالدىن  گاڭگىراپ قالدى. بايا  خالنۇرنىڭ ئاپىسنى تونجى كۆرگەندە  تونۇش  تۇيۇلغىنىدىن  ئۇنىڭ ئۇنىڭ ئەسلىدە خالنۇرغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئەمدىلىكتە ھېس  قىلىۋاتاتتى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تىنچلىق تۇرۇپلا، قېنى بۇ يەردە  ئولتۇرسىلا.

ئابلىز خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ ئالدىدا جىددىيلىشىپ قايتىدىن ئەھۋال  سوراپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا كارۋات يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ  قىلدى.  خالنۇرنىڭ ئاپىسى ئابلىزنىڭ جىددىيلىشىپ ھەم خىجىل بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس  قىلىپ ئۇ كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ  ئولتۇردى  :

- بولدى سىز مىدىرماي  يېتىۋېرىڭ بالام  ئاغرىق بولغاندىن كيىن.

ئابلىز  ياستۇقنى يانتو قىلىپ كەينىگە  قويغاندىن كيىن باش قىسمىنى بايامقىدىن ئىگىزراق قىلىپ ياتتى. شۇ تاپتا  ئۇ خۇددى  قىيىن بىر ئەھۋالدا قالغاندەك جىددىيلىشىپ كىتىپ باراتتى.ئۇ  بۇنداق ھالەتتە  خالنۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشنى زادى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان  ئىدى.  يۈرتتىن كەلگەندىن بۇيان  بۇرۇت-ساقاللىرنى ئېلىشقىمۇ شارائىت يار بەرمىگەن  بولۇپ ھازىر خېلىلا ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى.شۇڭا ئۇ  ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىدىن سەل  خىجىلمۇ  بولۇپ قالدى.

- ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ بالام دېدى  خالنۇرنىڭ ئاپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.
- ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. ئابلىز قورۇنۇپ  شۇ گەپنى ئارانلا دىيەلىدى.
- خالنۇردىن سىزنىڭ ھەممە  گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم. نەچچە كۈندىن بۇيان يوقلاپ كىلەي دەپ ھېچ كېلىپ بولالمىغان، مانا بۈگۈن   ئاران كېلەلەپتىمەن. خالنۇر قېنى كۆرۈنمەيدىغۇ؟
- ئۇ  ئاچام بىلەن بازارغا چىقىپ كەتكەن، ھېلىغىچە كېلىپ  قالامىكىن. ئابلىز خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ خۇشچىراي مۇئامىلىسىدىن بايامقىغا  قارىغاندا سەل ئېچىلىپ

قالغاندەك بولدى.

- ھە مۇنداق دەڭ دېدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى. دوختۇر نىمە دەيدۇ؟ ئەمدى سەللىمازا ماڭالامدىكەنسىز؟

- دوختۇرغۇ ئوپراسيە ئوڭۇشلۇق بولدى مەسىلە يوق دىگەن ئىدى . شۇنداقتىمۇ پۇتۇم ئۇزۇن مۇددەت ھەركەت قىلمىغان بولغاچ نۇرمال مېڭىشىم ئۈچۈن ئوپراسيە قىلىنغان ئۇرۇن ئەسلىگە كېلىپ بولغاندىن كىين ئاز-ئازدىن مېڭىشنى مەشىق قىلىشىم كېرەككەن.بىر ئايدا تامامەن ئەسلىگە كېلىپ بۇلىدۇ دىگەن ئىدى.

- بولسا دوختۇرنىڭ دىگىنىدەك بۇلۇپ سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن بولسىڭىز ياخشى بۇلاتتى بالام. ئاللاھ سىزگە شىپالىق بەرسۇن. ھازىر پۇتىڭىزدا ئوپراسيەدىن ئىلگىركىگە قارىغاندا ئازتولا سىزىم ياكى ئۆزگىرىش ھېس قىلدىڭىزمۇ ؟

- چوڭ ئۆزگىرىشقۇ ھېس قىلمىدىم بىراق ئوپراسيەدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا يىنىكلەپ قالغاندەك بۇلۇپ قالدى، بۇرۇن ئۇيۇشۇپ كەتكەننى ھېس قىلمايتىم ھازىر ئۇيۇشۇپ كەتكەننى، ئاز-تولا ئاغرىقنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

- دىمەك، پۇتىڭىزدا سېزىم پەيدا بۇلۇۋېتىپتۇ، بۇ ياخشىلىنىشنىڭ ئالامتى بالام. شۇڭا سىزمۇ ئىشەنچىڭىزنى يوقتىپ قويماڭ. بولمىسا خالنۇرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغان بۇلىسىز .

ئابلىز خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ بۇ گىپىدىن دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ بۇ گىپى ئۇنىڭغا باشقىچە تەسىر قىلىپ قالغان ئىدى.

- بۇنداق دىسەم گىپىنى خاتا چۈشەنمەڭ بالام. خالنۇر سىزنىڭ كېسىلىڭىزنىلا ئەمەس ئىككىلار ئوتتۇرسىدىكى ئىشلارنىمۇ دەپ بەرگەن. مىنىڭ ھەممىدىن خەۋىرىم بار.شۇڭا سىزگىمۇ گەپنى ئۇدۇللا دەۋەردىم.

- ئىككىمىزنىڭ ئىشى؟ ئەمدى ئابلىزنىڭ كاللىسى بىردىنلا قالايمىقان بۇلۇپ كەتتى." ئىككىمىزنىڭ ئىشى دەپ قايسى ئىشنى دەۋاتقاندۇ؟ مەن تېخى خالنۇرغا كۆڭلۈمنى بىلدۈرمىگەن تۇرسام، دىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ مىنى قۇبۇل قىلىشى مۇمكىنمۇ؟" ئابلىز ئىچىدە شۇلارنى ئويلاپ خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ زادى نىمىنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى.

- شۇنداق دېدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى. سىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلىڭىز بار، ئۇنىڭ سىزگە كۆڭلى بار بۇنى بىلمەن. ئۇ ئوتتۇراڭلاردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسنى دەپ بەرگەن. بىراق سىز ئۇنىڭ ھازىر بەك ئەرسالدى بۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيسىز ھەقچان. ئۇ سىز بىلەن مەن ھەم دادىسى ئۈچىمىز ئوتتۇرسىدا ئارسالدى بۇلۇپ نىمە قىلارنى بىلمەي يۈرۈيدۇ. شۇڭا بارلىق ئۈمۈتنى سىزنىڭ ساقىيىشىڭىزغا باغلاپ ئولتۇردى. مەنمۇ ھەم شۇنداق. دادىسى بىلەن ئىككىمىز بىكاھ ئىشىدا قىزىمىزنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلمىز. بىراق ئۇنىڭ تاللىغىنى سىز بۇلۇپ چىقتىڭىز. مەن سىزنى ئۆچ كۆرمەيمەن بالام، قارىسامۇ شۇنداق مىجەززىڭىز ياخشى، يېقىشلىق بالىكەنسىز. سىز ساقلا بولغان بولسىڭىز بىز ئىككىلەنمەيلا سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا قوشۇلغان بۇلاتتۇق. بىراق سىز مېيىپ، شۇڭا بۇ تەرىپى بىزنىڭ بېشىمىزنى

قاتۇرۋاتىدۇ .ياق دەيلى دىسەك قىزىمىزنىڭ تالىلشى، ماقۇل دەيلى دىسەك قىزىمىزكىين تارتىدىغان جاپالار كۈزىمىزگە كۆرۈنۈپ كىتىۋاتىدۇ.ئەگەر سىز ۋاقتىلىق مىيىپ بوغان بولسىڭىز ئىككىلەنمەي مەيلى دەر ئىدۇق، بىراق ئۆمۈرلۈك مىيىپ بۇلىدىغان ئىش بولسا بىز ئاتا-ئانا بولغۇچى بالىمىزنىڭ بەختىنى دەپ بۇ ئىشتا شەخسىيەتچىلىق قىلىپ سالغۇدەكمىز. بالام مىن بۇ گەپنى سىنى يات كىرسەم ياكى يامان كۆرسەم زادى دىمەس ئىدىم. مىنىڭچە سىزمۇ بىزدەك ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىسىز، بىزنىڭ نىمىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىمىنى بىلىسىز دەپ ئويلايمەن.شۇڭا خالنۇرمۇ، مەنمۇ سىزنىڭ ساقىيىپ كىتىشىڭىزنى ئاللاھتىن تىلەپلا ئولتۇرۋاتىمىز.بۇ گەپلىرىم كۆڭلىڭىزگە كەلمىگەندۇ بالام؟ خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ تۈيۈقسىز قىلغان بۇ گەپلىرىدىن قاندىقىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، ئىشلارنىڭ تەرەققى قىلىپ بۇ يەرلەرگىچە كىلىپ بولغانلىقىنى ھەزىم قىلىپ ئۈلگۈرتۈپ بۇلالمايۋاتقان ئابلىز ئاخىردا مەريەم ئانىنىڭ ئۆزىدىن سورىغان سۇئالىنى ئاڭلاپ تىخى ئايىغىنى چىقىرىپ بۇلالمىغان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ خالنۇرنىڭ ئاپىسىغا قارىدى:

- ياق ئاچا، مەن ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىدىم ، كۆڭلۈمگە كەلگەن يېرىمۇ يوق. سىلى ناھايتى توغرا دىدىلە. مەنمۇ پەقەت كۆڭلۈمدە خىياللا قىلغان ،ئەمىليەتتە ئۇنداق بۇلۇشىنى خىيال قىلىپ باققان ئەمەس.ئۆزۈمنىڭ بەختسىزلىكى ئازكەلگەندەك ئۇنى بەختسىز قىلىشنى ئويلاپ باقمىدىم.ئەگەر مەن ساقىيالمىسام بۇ يەنىلا ئەن ئۈچۈن پەقەت چۈش بۇلۇپ قېلىۋىرىدۇ. سىلى ئەنسىرگەن ئىش ھەرگىز يۈز بەرمەيدۇ.

ئابلىز گەرچە بۇ گەپلەرنى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ دەۋاتقان بولسىمۇ بىراق كۆڭلى يېرىم بۇلۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يۈزلىنىشكە تىگىشلىك ئەمليەت بولسىمۇ ئەمدى راستىنلا بىشىغا كەلگەندە كۆڭلى باشقىچە يېرىم بۇلىۋاتاتتى. بىراق ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال بۇلۇپ قالدى .چۈنكى خالنۇرغا ھىچنىمە دىمىگەن بولسىمۇ ئۇ ھەممىنى چۈشىنىپ يەتكەن، ياخشى-يامان تەرەپلىرىنى ھىس قىلىپ يەتكەن ئىدى. ھەم ئابلىز مەريەم ئانىنىڭ بۇ گىپىدىن خالنۇرنىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان ئىدى. ئۆزىنى ياخشى كۆرمىسە ئاتا-ئانىسىغا بۇ گەپلەرگىچە دەپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈريىتى يوق ئىدى ئەلۋەتتە.

- چۈشەنگىنىڭىزگە رەھمەت بالام.بىراق مىنىڭ بۇ گىپىم كالىڭىزدا ھەرگىزمۇ ساقىيشقا بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويمىسۇن جۇمۇ. ئاللاھ شىپالىق بىرىپ بۇ قېتىم ساقىيىپ قالسىڭىز تىخى ياخشى، ناۋادا بۇ قېتىم ساقىيالماي قالسىڭىز يەنە پۇرسەت دىگەن كۆپ، ھەم سىز بۇ قېتىم ساقىيالماي قالغان تەقدىردىمۇ ئىككىلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر تەرەپ بۇلۇپ كىتىدىغان ئىش يوق. شۇڭلابۇ تەرەپتىن بەك ئەندىشە قىلىپ كۆپ ئويلاپ كەتمەڭ. خالنۇر سىزنى تالىغان ئىكەن مەنمۇ سىزنىڭ تىزرەك بىزگە كۈيئوغۇل بۇلۇشىڭىزنى ئۈمۈت قىلىمەن. شۇڭا سىزنىڭ ھازىرقى قىلىدىغان تۈنجى ئىشىڭىز بار زېھنىڭىزنى سالامەتلىكىڭىزگە قارىتى. ۋوي گەپ بىلەن بۇلۇپ كىتىپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، سىزگە پولو ئىتىپ ئەكەلگەن بالام ، دوختۇرخانىدا سىرتنىڭ تامىقىنى يەۋىرىپ ئۆي تامىقىنىمۇ سىغىنىپ قالدىڭىز ھەقچان .ئىسسىقىدە يەۋېلىڭ ھە .مەريەم ئانا شۇلارنى دەپ

بۇلۇپلا ئابلىزنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن تاماق قاچىسىدىكى پولۇنى بىللە ئەكەلگەن تەخسىگە بۇلۇشكە باشلىدى. ئابلىز خالىنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاخىرقى قىلغان گېپىدىن كۆڭلى باشقىچە يايراپ كەتتى. بۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم كۈيئوغۇل سۆزىنى ئاڭلىشى بولغاچقىمىكىن ياكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ئاپىسىنىڭ باشقىچە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كۈيىنىشىدىنمۇ ئەيتاۋۇر خۇشال بۇلۇپ قالدى. ئۇ بۈگۈننى ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشال بولغان كۈننىڭ بىرسى دەپ ھېساپلىدى. چۈنكى خالىنۇرنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدى ھەم ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ ئۇنى كۈيئوغۇل دەپ چاقىردى. گەرچە كىيىن راستىنلا شۇنداق كۈيئوغۇل بۇلالامدۇ، بۇلالامدۇ بۇنىسى ئېنىق بولمىسىمۇ خالىنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنى باشقىچە خۇشال قىلغان ئىدى.

- قېنى بالام تاماق يەۋېلىڭ. چۈشلۈكنى يىمەي قورسىقىڭىزمۇ ئېچىپ تۇرغاندۇ ھەقىچان. مەريەم ئانا شۇنداق دىگەچ تەخسىگە بۆلگەن پولونى ئۇنىڭغا سۇندى. ئابلىز مەريەم ئانىنىڭ تاماق سۇنىشىدىن خىيالىنى يىغىپ ئۇنىڭغا تەكەللۇپ قىلغاچ تاماقنى قولىغا ئالدى:

سىلىمۇ يىسىلە، ئاچا ـ.

- مەن ئۆيدە يەپ كەپتىكەنمەن بالام سىز يەۋىرىڭ.

- ماقۇل ئەمىسە. ئابلىز تارتىنىش ئىچىدە پولونى يىيىشكە باشلىدى. مەريەم ئانا ئابلىزنىڭ تاماق يىيىشىگە قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ ھال ئابلىزنى خىجىل قىلىپ قويۋاتاتتى. مەريەم ئانا بولسا باياتىن بۇيان گىگىپ بىلەن بۇلۇپ ئابلىزغا تازا دىققەت قىلىپ قارىمىغان بولغاچ ھازىر ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. دوختۇرخانىدا ياتقاندىن بۇيان خېلىلا جۇدەپ قالغان ئابلىزنىڭ يوغان كۆزلىرى سەل ئولتۇرشۇپ قالغان ، بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا ياراشقان قاڭشارلىق بۇرنى ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان، ئاز-تولا ئۆسۈپ قالغان ساقال بۇرۇتلىرى، قولايسىزلىق سەۋەبىدىن يۇيالمىغان چاچلىرى سەل رەتسىز بۇلۇپ قالغان بۇلۇپ ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى مەريەم ئانىنىڭ كۆزىگە باشقىچە يېقىملىق، ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئابلىزنىڭ ئۆتمۈشىگە ئىچى ئاغرىيتى.ئابلىزنىڭ قورۇنۇپ تۇرۇپ تاماق يەۋاتقان قىياپىتىگە ئۆزىچە مەسلىكى كېلىپ قالدى. ئابلىز قورۇنۇپ ئولتۇرۇپ تەخسىدىكى تاماقنى تەستە يەپ بولدى.

- يەنە يەمسىز بالام، خېلى جىق ئەكەپتىكەنمەن، يەنە بىر مۇنچە تۇرىدۇ.

- بولدى ئەمدى يىمەي، ھېلىمۇ جىق يەۋەتتىم. قورسىقىممۇ تازا ئاچماپتىكەن. تاماقلىرى ئوخشىغان بولغاچقا جىقلا يەۋالدىم.

- تاماق يىمىسىڭىز ئەمىسە ماۋۇ كۆشتىن بولسىمۇ بىرەر پارچە يەۋالامسىز بولمىسا. مەريەم ئانا شۇنداق دەپ قولىغا بىر پارچە گۆش ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇشقا تەمشىلۋېدى ئابلىز ئۇنى توسۇپ قويدى

- بولدى ئەمىسە بىردەم تۇرۇپ يەي، ھازىر قورسىقىم راسلا بەك تويۇپ كەتتى.

- ماقۇل ئەمىسە بىردەم تۇرۇپ يەرسىز. بۈگۈن سىز بىلەن كۆرۈشۈپ كۆڭلۈمدىكى تۈگۈنمۇ يېشىلگەندەك بولدى بالام. يەنە بىر گەپ بالام دېدى مەريەم ئانا خىيالىغا بىر

ئش كەلگەندەك بۇلۇپ:

- بۇگۇن منىڭ كەلگىنىمنى خالىنۇرغا دىمەي تۇرۇڭ. بولمىسا ئۇ ئارتۇقچە ئويلاپ سزدىن ئۇنى بۇنى سوراپ خاپا قىلىدۇ. كىين پەيتى كەلگەندە ئۇزۇم دەي.
- بۇلىدۇ، دىگەنلىرىدەك بولسۇن دېدى ئابلىز.
- ئۇنداق بولسا مەن ماڭاي بالام. ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئاللاھ خالىسا سز دوختۇرخانىدىن چىققۇچە يەنە كىلىمەن.
- ماقۇل،منى يوقلاپ كىلىمەن دەپ ئاۋارە بۇلۇپ كەتتىلە.
- نەدىكى ئاۋارچىلىقكەن ئۇ بالام. مەن بەربىر ئۆيدىمۇ بىكار ئادەم. ئۇ شۇنداق دىگەچ ئورنىدىن تۇردى. - بولدى سز مدىرماي يېتىڭ، منى ئۇزىتىپ قويمىدى دەپ رەنجىمەيمەن. مەريەم ئانا شۇنداق دىگەچ تاماق قاچىسىدىكى تاماقلارنى ئابلىزنىڭ تاماق قاچىسىغا بۆلدى ئاندىن ئابلىزغا قاراپ:
- ئۇلار كەلگۇچە ھەممنى يەپ بۇلۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ، بولمىسا بىلىپ قالىدۇ دەپ كۇلۇپ قويدى.
- ماقۇل دېدى ئابلىز مەريەم ئانىنىڭ بۇ گېپىدىن كۇلۇپ. مەريەم ئانا ئشىك تۇۋىگە بېرىپراق كەينىگە ئۆر ۋلۇپ ئابلىزغا قارىدى ۋە يېنىپ كىلىپ قۇلىدىكى نەرسلەرنى قايتىدىن ئۇستەل ئۇستىگە قۇيۇپ قويغاندىن كىين ئابلىزغا قاراپ؛
- پۇتىڭىز ئاغرىق بولغاچ جىق ئشلاردا قىينىلىپ، قولايسىزلىق ھېس قىلىپ قالدىڭىز ھەقچان. مەن چېچىڭىزنى يۇيۇپ قۇياي.

ئابلىز مەريەم ئانىنىڭ بۇ گېپىدىن دەرھال ئۆرزە ئېيتىپ:

- بولدى ، ئۇنداق قىلمىسىلىمۇ بۇلىدۇ. بەك بولمىسا ھېلىغىچە ئاچام ياردەم قىلا .
- ھېچقىسى يوق بالام، منى ئاپىڭىزنىڭ ئورنىدا كۆرسىڭىز بۇلىدۇ. چېچىڭىزنى يۇيۇۋالسىڭىز يىنىكلەپ قالىسز. ئۇزىڭىزنىڭ نەچچە قېتىم يۇيغۇسى كېلىپ ئىچىڭىز پۇشۇپ تۇرغاندۇ ھەقچان. مەريەم ئانا شۇنداق دەپ ياتاقنىڭ ئىچىگە ئۇرۇنلىشتۇرۇلغان تازلىق ئۆيىگە كىرىپ كىچىك تاسقا يېرىم قىلىپ سۇ ئەچىقتى ئاندىن ئابلىزنى ئاستا سۇرۇپ ئۇنىڭ بېشنى كارۋاتنىڭ بىر يېقىغا سۇردى .ئۇ ئەچىققان سۇنى ئۇرۇندۇق ئۇستىگە قۇيۇپ ئابلىزنىڭ بېشىغا يېقىن قىلغاندىن كىين قايتىدىن تازلىق ئۆيىگە كىرىپ چاچ سۇپۇنىنى ئېلىپ چىقتى.ئابلىز مەريەم ئانىنىڭ بۇ ئىشىغا بىر نەرسە دىيەلمەي ئۇنىڭ خائىشىغا قۇيۇپ بىسپ جىممىدە تۇردى. مەريەم ئانا ئابلىزنىڭ قاپقارا، قۇيۇق چاچلىرىنى تۇتۇپ چېچىنىڭ سەل مايلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئىچىدە" بىچارە بالا، چېچى كىر بۇلۇپ كەتسىمۇ ئۇزى يۇيالماي يا ئاچىسىغا دىيەلمەي قانچە قىينالغاندۇ؟" دىگەنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۇزدى. ئۇ ئابلىزنىڭ چېچىنى ئاۋايلاپ تۇرۇپ ھۆل قىلغاندىن كىين سۇپۇن سۇركەپ ئۇنىڭ چېچىنى يۇيۇشقا باشلىدى .مەريەم ئانىنىڭ ئابلىزنىڭ چاچلىرىنى يىنىك سىلىشى ئۇنىڭغا ئۇنتۇلۇپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان ئانىلىق مېھرىنى ھېس قىلدۇرۇپ كۆڭلى سەل بۇزۇلغاندەك بولدى. مەريەم ئانا ئۇنىڭ چېچىنى يۇيۇپ بولغاندىن كىين ئۇنىڭ چېچىنى لۆڭگە بىلەن قۇرۇتۇشقا باشلىدى

- بولدى ئەمدى ئۈزەم قۇرۇتاي، بۇنى ئۈزەم قىلالايمەن. ئابلىز شۇنداق دەپ ئۇنىڭ قولىدىن لۆڭگىنى ئېلىشقا ئۇرۇندى.

- بولدى ھېچقىسى يوق بالام، مەن قىلىپ قۇياي، بۇنداق يېتىپ قاچانغىچە قۇرۇتۇپ بۇلىسىز. ئۇ شۇنداق دەپ بىردەمدىلا ئۇنىڭ چېچىنى قۇرۇتۇپ بولدى ۋە ئابلىزنى تۈزلەپ ياتقۇزۇپ قويدى .ئاندىن داستىكى چاچ يۇيغان سۇنى تازلىق ئۈيىگە ئەكىرىپ تۆكۈۋەتكەندىن كىين قايتىش ئۈچۈن تەمشەلدى:

- ئەمدى خېلى يىنىكلەپ قالغانسىز بالام .ئەمسە مەن قايتاي. ئەتە،ئۆگۈنگىچە يەنە كىلىمەن. ئۇ چاغدا خالىنۇرمۇ كىتىپ بۇلىدۇ.

- ماقۇل، سىلىنى بەك ئاۋارە قىلىۋەتتىم. ئەمسە يولدا دىققەت قىلالا، ئاللاھقا ئامانەت.

- ماقۇل ئاللاھقا ئامانەت بالام. ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ. مەريەم ئانا شۇنداق دەپ ياتاق ئىشكىدىن چىقتى. ئابلىز چىقىپ كىتىۋاتقان مەريەم ئانىغا ئانلىق مېھرىدىن ئۇزۇن يىل مەھرۇم قېلىپ قايتا ئېرىشكەن بالىدەك بىرخىل مىننەتتارلىق ئىلكىدە قاراپ قالدى

بۈگۈن خالىنۇرنىڭ رۇخسەت سورىغان ۋاقتى توشۇپ قايتىشقا تەييارلىق قىلدى. ئۇ كېتىشتىن بۇرۇن ئابلىزنى بىر قېتىم كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى .چۈنكى. چۈنكى ھېلى ماڭىدىغان بولغاچ ھازىر بارمىسا بېرىشقا پۇرسەت يوق ئىدى .ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئۇزىتىپ بىكەتكىچە بارىدىغان بولغاچقا دوختۇرخانىغا كىرىپ ئۆتۈش خىيالىمۇ يوققا چىققان ئىدى. ئۇ ياتاققا كىرىپ ئابلىزنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دوختۇرخانىغا بەك ئەتىگەن كېلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ياتاقتا نۇرنىسا يوق ئىدى . بەلكىم تاماققا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى .خالىنۇر ئابلىزنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاستا كېلىپ كارۋاتنىڭ ئاستى تەرىپىگە قويۇپ قويۇلغان ئورۇندۇقنى سۈردى ۋە ئابلىزنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى. ئابلىز بىر خىل يىنىك تىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن قايتسا بىرەر ئايغىچە ئۇنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا قاراپ كەتتى. تۆنۈگۈن بازاردىن كەلگەندىن بۇيان ئابلىزنىڭ كىيپىياتىنىڭ باشقىچە ياخشى بۇلۇپ قىلغانلىقىنى خالىنۇر ئاللىبۇرۇن ھېس قىلىپ يەتكەن بولسىمۇ براق ئۇنىڭ بۇنداق روھلۇق بۇلۇپ كېتىشىگە نىمىنىڭ سەۋەپ بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئابلىز ئۈچۈن خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كېسلىنى ساقىيىشىغا ئۇنىڭ كەيپىياتىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتەتتى. ئۇ ئابلىزنىڭ ياستۇقنىڭ بىر تەرىپىگە سەل سىڭايان بۇلۇپ قالغان بېشىنى ئوڭشاپ قويماق بولدىيۇ بىرق توختاپ قىلدى. چۈنكى ئۇ ئابلىزنى ئويغىتىۋېتىشنى خالىمىغان ئىدى.ئۇ ئابلىزنىڭ ئۇخلاۋاتقان قىياپىتىگە قاراپ قەلبىنى بىر خىل ئىللىق سىزىم چۇلغىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئابلىزنىڭ جۈدەپ قالغان چىرايى،ئۆسۈپ كەتكەن ساقال بۇۇتلىرىغا قاراپ ئىچى ئاغىرغاندەكمۇ بولدى. نۇرنىسا تۇيۇقى كىسپ كىرمىگەن بوسا ئۇ ئابلىزنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرار ئىدى بەلكىم. نۇرنىسانىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئابلىزمۇ ئويغىنىپ كەتتى.ئابلىز كۆزىنى ئېچىپلا كارۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خالىنۇرى كۆرۈپ خۇشال بۇلۇپ كەتتى. ئۇ

خالنۇرنىڭ بۆگۈن قايتىدىغانلىقىنى بىلەتتى ھە ئۇنى بۆگۈن چۈقۇم دوختۇرخانىغا كېلىپ بۇلالمايدۇ دىپ ئويلىغان ئىدى. دەرۋەقە ئۇ خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ تەلۋى بۇيىچە ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا كەلگەن ئىشىنى خالنۇرغا دىمىدى. خالنۇر نۇرنىسانىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭىڭ بىلەن يۈز يىقىشىپ كۆرۈشتى:

- مەن تېخى سىزنى بۆگۈن كېلىپ بۇلالمايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم دىدى نۇرنىسا كېلىپ تۇرۇپ.

- مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.ئەسلى بىكەتكە ماڭاشىمدا بىر كىرىپ ئۆتۈپ كېتىشنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغان ئىدىم. بىراق دادام-ئاپاملار بېكەتكىچە ئاپىرىپ قۇيمىز دە]پ چىق تۇرۋالدى. شۇڭا ئەتىگەندىلا بىر بېرىپ كىلەي دەپ كېلىشىم. بۆگۈن كەتسەم تاكى سىلەر قايتمىغۇچە كۆرۈشەلمەيمىز ئەمەسمۇ.

- شۇنداقتىمۇ ئەتىگەندە كېلىپ ئاۋارە بوپسىز. مېڭىشقا تەييارلىق قىلىسىز تېخى ھەقىچان.

- ياقەي، تەييارلىقنى ئاخشاملا قىلىپ پۈتكۈزۈپ بولغان ئىدىم. شۇ تاپتا ئاپام ماڭغۇچە تاماق يەپ ماڭغىن دەپ تاماق ئېتىپ قالدىئ

- ھە ئۇنداقتا قايتىسىڭىز بولغۇدەك، بىكار ئاپىڭىز تاماقنى ئېتىپ بۇلۇپ ساقلاپ كەتمىسۇن.

- مەنمۇ شۇ ئابلىز ئويغانسا خوش دەۋىتىپ ئاندىن قايتاي دەپ تۇرغان.

- ئەنە ئۇمۇ ئويغىنىپ بوپتۇ دىدى نۇرنىسا ئەمدى ئويغىنىپ ئۇ ئىككىسىگە قاراپ ياتقان ئابلىزغا قاراپ .

خالنۇر ئابلىزنىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرۈپ ئابلىزنىڭ قېشاغا كەلدى ۋە:

- ئەمسە مەن قايتىدىغان بولدۇم. جىق ئىشلارنى ئويلاپ ئۆزىڭىزگە بېسىم قىلىۋالماي يابشى داۋالىنىڭ، ئارامىنىمۇ ياخشى ئېلىپ.

- ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ھازىر مىنىڭ كۆندە قىلىدىغان ئىشىم يىيىش، يېتىش، ئۇخلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.ھېلىمۇ 24 سائەت ئارام ئېلىۋاتىمەن دىدى ئابلىز كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئابلىزنىڭ بۇنچە ئۇچۇق گەپ قىلغىنىدىن نۇرنىسامۇ ، خالنۇرمۇ سەل ھەيرانلىق ھېس قىلىپ قالدى. « مىنىڭ قايتىدىغىنىمنى بىلىپ خۇش بۇلۇپ كەتتىمۇ بۇ يىگىت» دەپ ئويلاپمۇ قالدى خالنۇر ئىچىدە. دىمىسىمۇ ئابلىزنىڭ چىرايىدىن ئازراقمۇ قىيالماسلىق دىگەندەك ئالامەتلەرنى ھېس قىلغىلى بولمايتى. خالنۇر ئاپىسىنىڭ ئابلىز بىلەن كۆرۈشۈپ دىگەن گەپلىرىنى بىلسە ئىدى بەلكىم ئابلىزنىڭ نىمىشقا بۇنداق خاتىرجەم، كۆڭلى توق ھالەتتى ئولتۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەر ئىدى بەلكىم.

- ئۇغۇ شۇ دىدى خالنۇر خىياللىرىنى يىغىپ. شۇنداقتىمۇ ساقىيالماسمەنمىكىن دىگەندەك خىياللارنى قىلىپ ئۆزىگە بېسىم قىلىۋالارمىكىن دەيمەنغۇ؟

- ئۇنداق بولمايدۇ.ماڭا شۇنچە جىق ئادەم كۆڭۈل بۆلۈپ مەدەت بېرىۋاتسا مەن ئۇنداق خىيالدا بولسامىمۇ بولماس، بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بۇلۇڭ.

- شۇنداق بولسلا ياخشىغۇ دېدى خالنۇر. ئۇنداق بولسا مەن ماڭاي، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ.

- سىزمۇ شۇ، يولدا دىققەت قىلارسىز.

خالنۇر ئابلىزنى گېپىگە يىنىك كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاپ قايتۇرغاندىن كىيىن نۇرنىساغا قاراپ:

- ئەمسە خوش ئاچا، مەن ماڭاي. بېرىپلا تېلفۇن قىلىمەن. سىزمۇ بىرە ر ئىش بولسا تېلفۇن قىلىپ مىنى خەۋەرلەندۇرۇپ تۇراسىز.

- بۇلىدۇ خاتىرجەم بۇلۇپ مېڭىۋىرىڭ. ھېلىمۇ بۇ نەچچە كۈندىن بۇيان سىزنى بەك ئاۋارە قىلۋەتتۇق.

- نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز دېدى خالنۇر تەكەللۇپ قىلىپ.

- ئەمسە ھەر ئىككىڭلارغا خوش. ئاللاغا ئامانەت. خالنۇر شۇنداق دەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

- خوش ئاللاغا ئامانەت دېدى نۇرنىسا بىلەن ئابلىز تەڭلا.

خالنۇر ئاخىرقى قېتىم ئابلىزغا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرگەندىن كىين قانداقتۇر قىيالماسلىق ئىلكىدە سىرتقا چىقتى.

مانا بىر ئايمۇ كۆزنى ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. خالنۇر دەسلىپىدە ئابلىزدىن ئەنسىرەپ خىزمەتكە ئانچە كىرىشىپ بۇلالمىغان بولسىمۇ بىراق نۇرنىسانىڭ كۈندە دىگۈدەك تېلفۇن قىلىپ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرىشى بىلەن كۆڭلى خېلى ئەمىن تېپىپ قالدى. بۇ قىسقىغىنە بىر ئاي ئابلىزغىمۇ ، خالنۇرغىمۇ بىر يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى. خالنۇر كىغىندە دىگۈدەك دەريا بۇيىغا بېرىپ ئابلىز ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ئولتۇراتتى. ئابلىز بىلەن دەريا بۇيىدا تۇنجى ئۇچراشقان كۈنلەر ۋە كىينكى ئىشلارغا تېخى ئۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغان بولسىمۇ خالنۇرغا خۇددى نەچچە يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلاردەك تۇيۇلاتتى. نۇ تېلفۇندا نۇرنىسانىڭ ئابلىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئوپېراسيە قىلىنغان ئورۇن ئەسلىگە كېلىن بولغان كۈندىن باشلاپ مېڭىشنى مەشىق قىلغانلىقىنى تېلفۇندا دەپ تۇراتتى. خالنۇر ئابلىزنىڭ تېلفۇنىكى نۇرنىسانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىناتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن خۇشال بۇلاتتى .ئۇنىڭ مېڭىشنى مەشىق قىلىۋاتقان ۋاقتىنى خىيالىدا تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇ ئابلىزنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ھەتتا بىر نەچچە قېتىم كىتاپخانا ئالدىغىمۇ باردى .كىتاپخانا ئالدى ئۇزۇن ۋاقىت تازىلانماي سەل مەينەت بۇلۇپ قالغان، كىتاپخانا دېرىزىلىرىنى توپا بېسىپ كەتكەن ئىدى .

خالنۇر كەتكەندىن كىين خالنۇرنىڭ ئاپىسى بىر نەچچە قېتىم كەلدى. ئابلىز خېلى ئوڭشىلىپ ئاز-تولا ماڭالىغۇدەك بولغاندىن كىين خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ زورى بىلەن خالنۇرنىڭ ئۆيىگە بارغان بولدى. خالنۇرنىڭ ئاپىسى خالنۇر كىتىپ نەچچە كۈندىن

كيىنلا ئابلىزنىڭ ئىشنى يولدىشىغا دىگەن بۇلۇپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتا خالنىۇرنىڭ دادىسىڭمۇ ماقۇللىقى بار ئىدى. خالنىۇرنىڭ دادىسى ئابلىزنى كۆرگەندىن كيىن ئابلىزنىڭ كەمسۆز، ئېغىر بېسىق، يۈزى تۆۋەن مىجەزى ئۇنىڭغىمۇ يېقىپ قالغان ئىدى. ئابلىز خالنىۇرنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ كۆپ گەپ قىلالامىغان، گەپنىڭ ھەممىسنى ئاچىسى قىلىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئەلۋەتتە ئابلىزنىڭ خالنىۇرنىڭ ئۈيىگە بارغان ئىشنى خالنىۇر بىلمەي قالدى .

ئابلىز ئوپراسيە قىلىنغان ئۇرۇن ئەسلىگە كەلگەن كۈندىن تارتىپ مېڭىشنى ئەشىق قىلىشقا باشلىدى. دەسلىپىدە ئۇ خېلى قىينالدى .پۇتىنىڭ قاتتىق ئاغرىشى،ھەم ئۇزۇن يىل ماڭمىغانلىقتىن پۇتى قولاشمايۋاتاتتى. ئۇ پۇتى ئاغرىسىمۇ چىداپ دىسەلەپكى كۈنلەردە نەچچە ئون مىنۇتتىن ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بولسا بىرەر-ئىككى سائەتلەردىن مەشىق قىلدى. دەسلەپ مەشىق قىلغىنىدا ئىككى قۇلى بىلەن بىر نەرسىگە تايىنىپ تۇرۇپ پۇتىغا بەك كۈچ چۈشۈرمەي ماڭغان بولسا كيىنكى كۈنلەردە بىر نەرسىگە تايانماي تۇرۇپمۇ ماڭالايدىغان بولدى. ئابلىزنىڭ كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقانلىقنى كۇرۇپ نۇرنىسا ناھايتى خۇشال بۇلاتتى. دوختۇرمۇ ئابلىزنىڭ ياخشىلىنىش ئەھۋالىنىڭ تىزلىكىنى كۇرۇپ ئۇنىغا ۋاقت-ۋاقتىدا مەشىق قىلىش ئۇسۇللىرنى ئۆزگەرتىشنى دەپ تۇراتتى. ئابلىز مانا ئەمدىلىكتە ياتاقتىن سىرتلارغىمۇ چىقالايدىغان بولدى. ئۇ خۇددى يېڭى ئايىغى چىققان باللاردەك خۇشال ئىدى.شۇنداقتىمۇ بىرەر ئىككى يىغز مېتىر ماڭسا پۇتلىرى تېلىپ ئاغرىپ كىتەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ بىردەم ئولتۇرۋېلىپ ئاندىن يەنە ماڭاتتى. ئوپراسيە قىلىنىپ ساق 24 كۈن بولغاندا دوختۇر ئابلىزنىڭ ئەمدى دوختۇرخانىدىن چىقسا بۇلدىغانلىقنى،بىراق مەشىق قىلىشنى ئۆيدە داۋاملىق داۋاملاشتۇرۇشنى ئېيىتتى. ئۇ يەنە ئابلىزنىڭ قەرەللىك ھالدا شۇ يەردىكى دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرۈشنى قۇبۇل قېلىشنى، بەك ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتەرمەسلىكنى ھەم ئۇزۇن مېڭىپ كەتمەسلىكنى تاپىلدى شۇنداقلا ئۈچ ئايدىن كيىن بۇ يەرگە كېلىپ قايتا بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قىلىشنى ئېيىتتى. ئابلىز دوختۇرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. دوىتۇرنىڭ ئۇنى بالنىستىن چىقساڭ بۇلىدۇ دېگىنى ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسىلا ساقىيىپ كەتتىڭ دىگىنىدىن دېرەك بىرەتتى. شۇنداق قىلىپ نۇرنىسا بىلەن ئابلىز دوختۇرنىڭ شۇ گەپنى دىگەن كۈننىڭ ئەتىسى دوختۇرخانىدىن چىقىش رەسمىيتنى بىجىردى..

شۇ تاپتا ئابلىزنىڭ كەيپىياتى ئۇرۇمچىگە داۋالىنىش ئۈچۈن كەلگەن تۇنجى كۈنىگە قارىغاندا ئاسمان-زىمىن پەرىق قىلاتتى. ئۇ تۇنجى كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ شەھەرگە قەدەم باسقاندا ئىگىز بىنالار بىلەن قورشالغان بۇ شەھەر ئۇنىڭغا تۇلىمۇ سوغۇق تەسىر بەرگەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئىدى، مانا ئەمدىلىكتە ئۇ دوختۇرخانا ئالدىدا ئۆز پۇتى بىلەن يەرگە دەسسەپ تۇراتتى. نۇرنىسا ئابلىزغا ئېغىر كېلىشىدىن ئەنسىرەپ نەرسە كېرەكلەرنىڭ ھەممىسنى ئۆزى كىكتۈرۋالغان ئىدى. ئابلىز دوختۇرخانا ئىشىدىكىن سىرتقا چىقىپلا شۇنداق خۇشال بۇلۇپ كەتتى. بۇرۇن ئۆزىگە سوغۇق

بىلىنگەن بۇ ئۆرۈمچى ئەمدىلىكتە شۇنچە گۈزەل،قايناق تۇيۇلۋاتاتتى. نۇرنىسا دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنىلا دەرھال بېلەت ئېلىپ ئۆيگە قايتىشنىمۇ ئويلىغان ئىدى. چۈنكى ئۆيدە ئابلىزنىڭ ئۆز پۇتى بىلەن ماڭغىنىنى كۆرۈشنى ساقلاپ ئولتۇرغان يولدىشى بار ئىدى. بىراق ئۇ بۇ نىيىتىدىن يېنىپ ئۆرۈمچىدە بىر ئىككى كۈن تۇرۇپ قايتىشنى ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق خىيالغا كېلىشىگە ئابلىز سەۋەپچى بولغان ئىدى. چۈنكى شۇنچە يىلدىن بۇيان ئۆيدىن سىرتقا چىقماي ئولتۇرغان ئىنىسىگە مۇشۇ پۇرسەت بىلەن ئۆرۈمچىنى ياخشىراق كۆرسىتىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويغىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ دوختۇرخانىدىن چوڭ يولغا چىقىپلا تاكسىدىن بىرنى توستى ۋە ئابلىز بىلەن بىللە ماشىنىغا چىقتى. ئابلىزنىڭ سىرتتىكى نەرسىلەرنى كۆرۈش بىلەن بولۇپ ئاچىسىدىن نەگە باردىغانلىقىنىمۇ سوراپ يۈرمىدى .تاكسى شوپۇرى نۇرنىسانىڭ تەلىۋى بويىچە ئۇلارنى خەلقارا چوڭ بازارغا قاراپ ئېلىپ ماڭدى. ئابلىز خۇددى كىچىك بالىلاردە سىرتتىكى نەرسىلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي كېتىپ باراتتى. ئابلىزنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ نۇرنىسانىڭمۇ كۆڭلى باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ماشىنا سۇبى مېھمانخانىسىنىڭ ئادىدىن ئۆتكەندە نۇرنىسا شوپۇرغا مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قويۇشنى ئېيتتى. چۈنكى ئۇ ئاۋال يۈك تاقلارنى مېھمانخانىدىن ياتاق ئېلىپ قويۇپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن بازار ئايلىنىشنى لايىق تاپقان ئىدى. ئۇلار تاكسىدىن چۈشۈپ ئۇدۇل مېھمانخانىدىن بىر ياتاق ئالدى. ئابلىز ياتاققا كىرىپ بولغاندىن كېيىن سورىدى:

- ئۆيگە بۈگۈن قايتىمامدۇق؟
- ياق. ئەمدى كەتسەك يەنە قاچان كېلىپ بولالايمىز. نەچچە ۋاقتىن بۇيان دوختۇرخانىدىلا يېتىپ زېرىكىپ كەتتىكەنسەن، شۇڭا كەتكۈچە ئۆرۈمچىنى بىر ئىككى ئايلىنىپ بىراقلا قايتايلى.

ئابلىز ئاچىسىنىڭ گېپىگە ئۈندىمەستىن ياتاق ئىچىگە قاراشقا باشلىدى .ياتاقنىڭ ئىچى خېلى كەڭ-تاشا بولۇپ ئىچىدە ئىككى كارىۋات بار ئىدى .

- نەچچە ۋاقتتىن بۇيان يۇيۇنالماي بەك ئىچىڭ سىقىلدى ھەقچان،ئاۋال يۇيۇنۇۋالامسەن؟ئاندىن چىقىپ تاماق يىگەچ بازار ئايلىنايلى دېدى نۇرنىسا ئابلىزغا قاراپ

نۇرنىسانىڭ گېپى بىلەن ئابلىز دېمىسىمۇ ئۆزىنىڭ يۇيۇنمىغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ مۇنچا ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئوپراسىيە قىلىنىپ ئىككى ھەپتىگىچە ئۇ ئورنىدىن تۈزۈك مىدىرلىيالمىغاچ يۇيۇنالمىغان،دوختۇر ھەم پۇتىغا كىكىپ سۇ تەككۈزمەسلىكنى ئېيتقان ئىدى. كېيىن بىر قېتىم يۇيۇنغانمۇ بولدى بىراق ئەپسىز بولۇپ قالغاچ تۈزۈك يۇيۇنالمىغان ئىدى.ئۇ مۇنچىغا كىرىپلا كۆزى ئۇدۇل تامغا بىر كەلگۈدەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئەينەككە كۆزى چۈشتى.ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى بۇرۇت ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن تۇرقىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ بۇرۇن ماڭالمايدىغان چاغلىرىدىمۇ بۇرۇن -ساقاللىرىنى ۋاقتىدا ئېلىپ تۇرۇشنى ئۇنۇتمايتتى. ئۇ قايتىدىن ياتاققا چىقىپ چامداندىن ئالماشتۇرىدىغان ئىچ كىيىملىرىنى ئېلىپ قايتىدىن مۇنچىغا كىردى. ئۇ مۇمچىغا كىرگەندىن

كيين ئاستا كيىملرىنى سالدى.
ئابلىز يۇيۇنۇپ بولغاندىن كيين چاچلرىنى قۇرۇتتى. چېچى بۇ بىر ئاي جەريانىدا خېلىلا ئۇسۇپ قالغان ئىدى.مۇ ھېلىراقتىن سىرتقا چىققاندا چېچىنى ياستىۋېتىشنى ئويلىدى. ئابلىز مېھمانخانا كۆتكۈچىلرى مۇنچىغا ئالدىن تەييارلاپ قويغان ساقال ئالغۇچ بىلەن بۇرۇن ساقاللىرىنى پاكىزە ئالغاندىن كيين كيىملرىنى كييىپ سىرتقا چىقتى. بۇ چاغدا نۇرنىسا كارۋاتنىڭ بىرىدە يېتىپ تىلفۇندا بىر نىمىلەرنى كۆرۋاتاتتى. ئۇ مۇچا ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئابلىزنى كۆرۈپ؛

- ۋوي، مىنىڭ ئۇكام مۇنچىغا كىرىپلا بىر كىلىشكەن يىگىت بۇلۇپ چىقىپتىغۇ،سەل تۇرۇپ سىرتقا چىقساق قىزلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا قانداق قىلارمەن ئەمدى دېدى چاقچاق ئارىلاش. دىمىسىمۇ ئابلىز يۇيۇنۇپ ساقال -بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ تامامەن باشقىچە ئادەمگە ئۆزەرىپ قالغان ئىدى .مۇھىمى ئۇنىڭ بۇرۇنقى چاقلىق ئۇرۇندۇقتا ئولتۇرغان چاغدىكى مىسكىن ھالىتىدىن ئەسەر قالمىغان، ھازىر بولسا پۈتۈن چەرايىدىن بىر خىل خۇشخۇيلۇق،چوڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئىشەنچى ئۇرغۇپ تۇراتتى، قارىماققا روھى ناھايتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

- نەدىكى گەپنى قىلدىكەنسەن دېدى ئابلىز خىجىل بۇلۇپ.

- راست دەۋاتىمەن، بىراقزە ھازىر كىلىشكەن بۇ تۇرقۇڭغا ماۋۇ كيىملرىڭ ياراشماي قاپتۇ .بۇندىن كيين ئەمدى سەل كيىنىشكە دىققەت قىلىپ يۈرۈشنى ئۆگەنمىسەڭ بولمايدۇ. ماڭە جۈر، سىرتتا چىقمىز ئەڭ ئاۋال ساڭا بىر قانچە قۇر كيىم سېتۋالايلى. نۇرنىسا شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئابلىزنىڭ قۇلدىن تۇتۇپ خۇددى كىچىك بالىنى يېتىلگەندەك ئۇنى سىرتقا تارتتى .

ئۇلار سىرتقا چىققاندىن كيين ئاۋال بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يىدى. ئاندىن كيين ئابلىزنىڭ تەلۋى بۇيىچە ساتراچخانىغا كىرىپ چېچىنى ياساتتى. نۇرنىسا ئابلىزنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنماي ئۇنىڭ چېچىنى ھازىرقى ياش يىگىتلەر كۆپ ياستىدىغان مودا چاچ شەكلى بۇيىچە ياساتقۇزدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئابلىزباشقىچە كېلىشكەن ھەم جۇشقۇن كۆرىنىدىغان بولدى.ئۇلار سىرتىقا چىققاندىن كيين سودا سارايغا كىرىپ ئابلىزغا كيىم تاللىدى .بۇرۇن ئابلىز سىرتقا چىقمىغان ئۇنىڭ كيىملرىنى ئاساسەن دىگۈسەك نۇرنىسا ئېلىپ ئەكىلىپ بىرەتتى. ماان ئەمدىكتە ئۇ دۇكانغا كىرىپ ئۆز قۇلى بىلەن كيىم تاللاپ ھەم ئاچىسىنىڭ زورى بىلەن كيىملەرنى كييىپ سىناپ باقتى. مۇشۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئابلىز ئۈچۈن بىر يېڭىلىق بۇلۇپ ئۇ سىرتىدا بىلىندۈرمىگىنى بىلەن ئىچىدە باشقىچە خۇشال ئىدى .ئابلىز ھازىرقى ئۆزى دېمەتلىك يىگىتلەرنىڭ قانداق كيىملەرنى كيىدىغانلىقىنى بىلمىگەچ ئۇنىڭ كيىملرىنىڭ ھەممىسنى دېگىندەك نۇرنىسا تاللاپ بەردى.نۇرنىسا ساپلا ھارىقى ياش يىگىتلەر ياقتۇرۇپ كيىدىغان پاسۇندىكى كيىملەرنى تاللاپ ئېلىپ بىرەتتى . ئۇ ئالغاندىمۇ ياخششىنى تاللاپ ئېلىپ بەردى، پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمىدى. تاكى

ئابلىز بولدى ئەمدى ئالمايمەن دىگەن قەدەر ئۇنىڭ بېشىدىن-پۇتىغىچە نەچچە قۇر كىيمنى بىراقلا ئېلىۋەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ ئابلىزغا كىيىم ئالغاچ ئېرىگىمۇ بىر نەچچە قۇر سېتۋېلىشنى ئۇنۇتمىدى. ئۇلار كىيىم ئېلىپ دۇكاندىن سىرتقا چىققاندا ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇلۇپ ئۇلار ئۇدۇللا ياتاققا قايتتى. ئابلىز ياتاققا بېرىپ بولغۇچە پۇتلىرى ئاغرىپ بىر يەرگە بارغان ئىدى. تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە بۇگۇن ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ يول ماڭغان ۋاقتى بۇلۇپ قالدى. نۇرنىسامۇ ھەم بەك خۇشال بولغاچ ئابلىزنى كەينىگە سېلىپ جىق يول مېڭىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كيىن «ئۇۆ ھەجەپ ھاردىم» دىگىنىچە ئۇزىنى كارۋاتقا ئاتتيۇ ئابلىز ئېسىگە كېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى:

- ۋوي بۇگۈن خۇشاللىقتا سىنىڭ جىق يول ماڭساڭ بولمايدىغانلىقنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەنغۇ، پۇتۇپ ئاغىرمىغاندۇ؟

- ياقاي ئاغرىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز ئاساسەن دۇكان ئىچىدىلا يۇردۇق ئەمەسمۇ دېىدى ئابلىز جاۋابەن.

- ئۇنداق بولسا ياخشى. ھە راس سەنچە ئەتە قايتساق بۇلارمۇ ياكى ئۆگۈنلىككمۇ؟

- مىنىڭ ئەتە قايتقۇم بار،ئۇرۇمچىگە يەنە كېلدىغان ئىش ،شۇڭا ئايلىدىنغان ئىش بولسا كىينچە كەلگەندە ئايلانساقمكىن. مەن ئۆينى سېغىندىم بەكلا.
نۇرنىسا ئابلىزنىڭ خالنۇرنى كۇرۇشكە ئالدىراۋاتقانلىقنى بلىپ ئىچىدە كۇلۇپ قويدى

- ئۇنداق بولسا دىگىنىڭدەك بولسۇن ،ئەتە قايتايلى. بۇگۇن دوختۇرخانىدىن چىققاندا سولتان دوختۇرغا رەھمەت دىيشنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز. ئۇ ئادەم بىزگە بەك ككپ ياردەم قىلدى ئەمەسمۇ ، بۇنداقلا قايتساق ياخشى بولمايدۇ. يەنە خالنۇرنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ بار ئۇلارغىمۇ ھىچ بولمىسا تىلفۇن قىلىپ قۇيايلى. بولمىسا ھازىرلا قىلىپ باقاي . نۇرنىسا شۇنداق دېىدە تىلفۇننى قولغا ئېلىپ خالنۇرنىڭ ئاپىسغا تىلفۇن قىلدى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم... قارشى تەرەپتىن خالنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام مەريەم ئاچا. مەن نۇرنىسا

- ھە سىزمۇ قىزىم، ياخشى تۇرۋاتامسىز ،ئابلىزچۇ؟

- ئاللاھقا شۇكرى ھەر ئىككىلمىز ياخشى، بۇگۇن دوختۇرخانىدىن چىققان ئىدۇق.ئەتە يۇرتقا قايتماقچى بۇلۋاتىمىز، شۇڭا خوشلىشىپ قۇيىلى دەىپ تىلفۇن قىلغان ئىدۇق.

- ۋاي مۇبارەك بولسۇن قىزىم .دوختۇرخانىدىن چىققىنىڭلارغا قارىغاندا ئابلىز سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ ؟

- شۇنداق ئاچا، دوختۇرلار ئەمدى كۇندىلىك تۇرمۇشتا دىققەت قىلسىلا چوڭ ئىش چىقمايدۇ،شۇڭا چىقىپ كەتسەڭلار بۇلىدۇ دىگەن ئىدى،

- هەجەپ  ياخشى بوپتۇ قىزىم. ئۇنداقتا سىلەر ھازىر نەدە ؟

- بىز ھازىر  مېھمانخانىدا.

- ھەي بۇ بولماپتۇ قىزىم. بۇ يەردە تەييار ئۆي تۇرسا  مېھمانخانىدا ياتقىنىڭلار نېمىسى؟ دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۇدۇللا ئۆيگە كەلمەي .بەرىبىر دادىسى بىلەن ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق. بولدى نەرسە كېرەكنى كۆتۈرۈپ  ئۆيگىلاپ كېلىڭلار. ئەتە سىلەرنى بىز يولغا سېلىپ  قۇيايلى.

- ئۇنداق قىلساق قانداق بۇلار ھېلىمۇ سىلەرنى كۆپ ئاۋارە  قىلغۇەتتۇق؟

- نەدىكى گەپنى قىلدىكەنسىز قىزىم. بىز يا يات ئادەم  بولمىساق بۇنداق تۈزۈت قىلىشنىڭ ئورنى يوق.نەرسە ـكېرەكلەرنى كۆتۈرۈپ شاققىدە بۇ  ياققا كېلىڭلار بولدى .

- ماقۇل  ئەمسە. بىر ياتاقنى قايتۇرۇپ  بارايلى.

- ئەمسە غۇنداق بولسۇن قىزىم، ئۇنىڭچە مەن تاماققا  تۇتۇش قىلىپ تۇراي.

- يا بولدى  بۇ كەچتە تاماق ئېتىمەن دەپ  ئاۋارە بولمىسىلا

- ئاۋارە بولغۇدەك ئىش يوق قىزىم. ئەمسە  سىلەرنى ئۆيدە ساقلايمىز.

- بۇلدۇ ئاچا ئەمسا سەل تۇرۇپ  كۆرۈشەيلى.

- بۇلدۇ قىزىم كەلگىچە دىققەت قىلارسىلەر.

نۇنىسا  تىلفۇننى قويغاندىن كىيىن ئابلىزغا قارىدى. ئابلىز ئاچىسى بىلەن خالىنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان بۇلۇپ «راستىنلا بارامدۇق » دىگەن مەقسەتتە ئاچىسغا قارىدى

- جۇرە، ئەمدى خالىنۇرنىڭ ئۇيىگە بارايلى .بارىمەن دەپ قۇيۇپ بارمىساق سەت تۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار نەرسە كېرەكلەرنى  يۇغۇشتۇرۇپ مېڭىشقا  تەمشەلدى.

- تۇرۇپ تۇرە. ماۋۇ بىر قۇر قيىمنى  سالما. بۇ كيىمنى سېلىپ ماۋۇ يېڭى كيىمنى كيىۋالغىن، باشقىچە روھلۇق  كۆرىنىسەن.ئۇلارنىڭ ئالدىدا ياخشىراق كۆرۈنمىسەڭ بولمايدۇ دېدى نۇرنىسا ئابلىزغا  قاراپ

ئابلىز نۇرنىسانىڭ گېپىنى مەنىسىنى چۈشىنىپ

- مۇشۇ كيىممۇ  بۇلىدىغۇ،يامان ئەمەس تۇرمامدۇ؟دېدى نارازى بولغان قياپەتتە.

- نەرى  يامان ئەمەس، قارىغىنا ما ئىشتانلىرىڭنى تولا كىيىپ پېتىدىنمۇ چۈچۈپ كەتكەن تۇرسا .بولا تىز ئالماشتۇر. سەن كيىم ئالماشتۇرغىچە مەن تازلىق ئۆيگە كىرىپ چىقاي.

نۇرنىسا شۇنداق دەپ ئابلىزنىڭ كيىم ئالماشتۇرۋېلىشى ئۈچۈن تازلىق ئۆيگە  كىرىپ كەتتى.ئابلىز ئاچىسىنىڭ دىگىنى بۇيىچە ئۇ تاللاپ قويغان ئىشتان بىلەن مايكىنى كيىدى. ئۇنىڭغىچە نۇرنىسامۇ تازلىق ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ ئابلىزنىڭ بۇ كيىملەر بىلەن  باشقىچە ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ:

- مانا بولمىدىمۇ، يېڭى كۆيئوغۇلدەك  بۇلۇپ كەتتىڭ دېدى چاقچاق قىلىپ.ـ جۇرە ئەمسە كەتتۇق.

شۇنداق قىلىپ ئۇ؛لار نەرسە كېرەكلەرنى يۇغۇشتۇرۇپ ياتاقنى قايتۇرۇپ سىرتقا چىقتى. بۇ چاغدا ئالدىبۇرۇن قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغان ئىدى.ئۇلار چوڭ يولغا چىقىپلا تاكسىدىن بىرنى توستى ۋە خالىنۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

خالىنۇرنىڭ ئاپىسى ئۇلار كېلىپ بولغۇچە تاماق ئەتىشكە چۈشكەن ئىدى. ئۇ بۇرۇن تۇيۇقسىز مېھمان كېلىپ كالسا دەپ ئالدىن تۈگۈپ تولاتقۇغا سېلىپ قويغان چۈچۈرلەرنى سېلىپ ئۇلارغا تاماق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە كىردى. ۋە تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇ سۇنى قاينىتىپ چانغۇر دىگەندەك كۆكتاتلارنى سالغاندىن كىيىن چۈچۈرنى سالسىلا بۇلدىغان ھالەتكە ئەكلىپ قۇيۇپ تۇۋاقنى ياپتى. ئەمدى ئۇلار كەلسە چكپنى سالسىلا بۇلاتتى. خالىنۇرنىڭ دادىسمۇ ئۇلارنىڭ كېلدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قىلۋاتقان ئىشنى تاشلاپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ ئولتۇراتى. دىگەندەك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئىشى چىكىلدى. خالىنۇرنىڭ ئاپىسى يۈگرەپ دىگۈدەك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . دىگەندەك ئىشك ئالدىدا ئۇلدر تۇراتتى:

- خۇش كەپسلەر باللىرىم دېدى خالىنۇرنىڭ ئاپىسى ئاۋال ئەھۋال سوراپ
- تىچ تۇرۇپلا ئاچا، بۇ كەچتە كېلىپ سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق.
- نەدىكى گەپنى قىلدىكەنسىز، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار .قېنى بالا سىزمۇ كىرىڭ

قاراپ تۇرماي. خالىنۇرنىڭ ئاپىسى شۇنداق دەپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

ئابلىز بىلەن نۇرنىسا قورۇنغان ھالەتتە ئۆيگە كىردى. كىرىسلودا ئولتۇرغان خالىنۇرنىڭ دادىسى ئۇلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئابلىز خالىنۇرنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈنىڭ ئالدغا باردى ۋە ئۇنىڭغا قول سۇنۇپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىدى .خالىنۇرنىڭ داسدى ئابلىزنىڭ سەللىمازا بۇلۇپ كەتكىننى كۆرۈپ:

- مانا ساپساقلا تېمەن يىگىت بۇلۇپ كىتىپسىزغۇ، ئالددىنقى قېتىم كۆرگىنىم بىلەن باشقىلا بىر ئادەم بۇلۇپ كىتىپسىز، روسى كەيپياتىڭىزمۇ باشقىچە ياخشى بۇلۇپ كىتىپتۇ. ساغلام بۇلۇپ بالام.دېدى خالىنۇرنىڭ دادىسى

- رەھمەت دېدى ئابلىز باشقا گەپ قىلالماي.
- ۋوي دادىسى، بۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپراق گەپ قىلاملا يا. دېدى خالىنۇرنىڭ ئاپىسى كۈلۈپ
- ۋوي، ئابلىزنىڭ كۆز ئالدىمدا ساپساقلا تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. قېنى ئولتۇرۇڭلا باللىرىم. ئۇ شۇنداق دەپ ئابلىز بىلەن نۇرنىسانى كىرىسلوغا باشلىدى. ئۇلار تامەمەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كىين.
- ئەمدى تامامەن ساقىيىپ بولدىڭىزمۇ بالام دېدى كۈيۈنگەن قىياپەتتە.
- شۇنداق دېدى ئابلىز. دوختۇرنىڭ دىيىشچە ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسىلا ئوشلىپ كىتىدىكەنمەن.
- ئاللاھ شىپالىق بەرسۇن بالام.
- رەھمەت

ئۇلار پاراڭلىشۋاتقاندا خالىنۇرنىڭ ئاپىسى ئاشخانا ئۆيدىن پەتنۇستا چاي كۆتۈرگىنچە

چقىپ كەلدى. ئۇ پىيالىلەرگە چاي قۇيغاچ:
- ئاۋال قۇرۇق بولسىمۇ چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، تاماق ھازىرلا تەييار بۇلىدۇ. ئۇ شۇنداق دەپ ئۇچىگە چاي قۇيۇپ بولغاندىن كيىن ئاشخانا ئۆيگە قاراپ ماڭدى
- بۇنچە كەچتە تاماق ئەتكۈزۈپ ئاۋارە قىپتۇق سىلىنى.
- ياقەي ، بىزمۇ يىمىگەن تېخى، تەييارلا بۇلۇپ قالغان تاماقتى. خالنۇرنىڭ ئاپىسى شۇنداق دىگەچ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايال بولمايلا پەتنۇسقا قۇيۇلغان ئۈچ چىنە چۆچۈرنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى .خالنۇرنىڭ دادىسى پەتنۇستىن تاماقنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىزغادىن كيىن:
- ئەمىسە تاماققا بېقىڭلار باللىرىم
- ماقۇل ئەمسە، تارتىنمىدۇق دېدى نۇرنىسا ۋە قۇشۇقنى ئېلىپ تاماق يىيىشكە تەمشەلدى.

تاماق كۆپ گەپ-سۆز قىلنماي ناھايتى تىزلا يىيىلىپ بولدى. ئۇلار تاماقتىن كيىن ئۇ بۇ ئىشلار توغىرسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كيىن ئۇخلاشقا تەمشەلدى:
- سلەرمۇ ھېرىپ كەتتىڭلار ھەقچان دېدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى. ئەتە يولغا چقىدىغان بولغاندىن كيىن بالدۇرراق ئارام ئېلىڭلار. نۇرنىسا قىزىم سىز ماۋۇ ئۆيدە يېتىڭ، ئۇ خالنۇرنىڭ ياتاق ئۆيى ئىدى، ئابلىز بالام سىز ماۋۇ ئۆيدە يېتىڭ ، ئورۇنلارنى سېلىپ قويدۇم.
- ماقۇل ئەمسە، سلىمۇ بالدۇرراق ئارام ئالسلا.
ئۇلار شۇنداق دەپ ياتىدىغان ئۆيلىرىگە كىرىپ كىتىشتى.
خالنۇرنىڭ ئاپىسى ياتاق ئۆيگە كىرگەندىن كيىن يېتىشقا تەمشەلگەن ئېرىگە قاراپ:
- دادىسى قارىسلا. ئابلىز ساقىيىپ باشقىچە ئادەم بۇلۇپ كىتىپتۇ. ئالدىنقى قېتىم مەن دىگەن ئىشنى ئەمدى ئويلاشمىساقمۇ بۇلار.
- مەنمۇ كۆردۇم. بۇ بالا ماڭا بۇرۇنلا يېقىپ قالغان، شۇ مېيىپ تەرپى سەل ئويلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇگۇن قارىسام باشقىچىلا بۇلۇپ كىتىپتۇ .تەقى-تۇرقىمدىنمۇ ئېۋەت تاپقىسىزلا. ئەمدى گەپ قىزىڭىزدا ئۇ قانداق قارار چقىرىدۇ شۇنىڭغا قاراپ بىر نىمە دەيلى.
- ئۇ يەنە قانداق قارار چىقىراتتى .مېيىپ چاغدا مېيىپلىقى كۆزگە كۆرۈنمىگەن تۇرسا ئۇنىڭ. ئابلىزنىڭ ھازىر تامامەن ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە ئۇنىڭدا يەنە ئىككىلىنىش قالسۇنمۇ دېدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ. مىنىڭچە مۇشۇ بالا بىزگە كۈيئوغۇل بۇلۇپ قالىدۇ. كۆڭلۈپ تۇيۇپلا تۇرىدۇ.
- قىزىمىز ياخشى كۆرسىلا مەيلىغۇ.مىنىڭ باشقا پىكرىم يوق. خىزمتى بولمىسا ئوغۇل بالا بولغاندىن كيىن بىر نىمە قىلىپ جېنىنى باقالار .كىتاپخانىسۇ بار ئەمەسمۇ ئۇنىڭ. ئۇلارنىڭ كيىنلىكىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيمەن .باشقىسىغا خۇدايىم بار.

ئۇلار شۇنداق پاراڭلىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.
ئابلىز خالىنۇرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قونۇپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولۇپ خېلى چاغلارغىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىغا خالىنۇر كېلىۋالغان ئىدى. ئۇنى تىنىراق كۆرۈشنى، ئۇنىڭغا ھازىرقى ساق ھالىتىنى تىنىراق كۆرسىتىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئويلاپ باقسا خالىنۇر بىلەن تونۇشۇپ ھازىرغىچە ئۇنىڭغا تۈزۈك گەپ قىلىپ باقىنىنى بىلمەيتى.ئۇ بىردىنلا خالىنۇرنى قاتتىق سېغىنغانلىقىنى ، خالىنۇرغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇنداق خالىنۇر بىلەن كۆرۈشكەندىكى مەنزىرىنى خىيال قىلغىنىچە يېتىپ تۇن تەڭدىن ئاشقانىغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئابلىز ئويغانغاندا خېلى بىر ۋاقىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ خىجىل بولۇپ كەتتى. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىسى ئويغىنىپ بولغان ، خالىنۇرنىڭ دادىسى ئىشقا كېتىپ بولغان ئىدى. ئۇ تونۇگۈن جىق يول مېڭىپ ھارغانلىقتىن ھەم ئاخشام بەك كەچ ئۇخلىغانلىقتىن بۈگۈن ۋاقىچە تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئابلىزنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققانلىقىنى كۆرگەن نۇرنىسا:

- تۇردۇڭمۇ؟ ئەمىسە يۈ-كۆزلىرىڭنى يۇيۇپ چىقىپ ناشتا قىلىۋالغىن

ئابلىز گەپ قىلماستىن چىقىپ يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقتى. ئۇ ئەمدى كىرىسلودا ئولتۇرۇپ تۇرىشغا خالىنۇرنىڭ ئاپىسى ئاشخانا ئۆيدىن تاتلىق-تۈرۈملەر ۋاچاي قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى ۋە ئابلىزغا قاراپ

- ماۋۇ تاتلىق-تۈرۈملەر بىلەن ناشتا قىلىپ تۇرۇڭ بالام. ھازىر ئاچىڭىز بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتىمىز. تاماق يەپ ئاندىن مېڭىڭلار

ئابلىز ئەمدى بىر نەرسە دەي دەپ تۇرىشغا خالىنۇرنىڭ ئاپىسى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كىرىپ بولدى.
ئابلىز ئالدىدىكى نەرسىلەردىن ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن ئازراق يېگەندىن كىين قۇيۇپ قۇيۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بالكونغا چىقتى. ئۇ بالكونغا قۇيۇپ قۇيۇلغان ئۇرۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سىرتقا نەزەر تاشلىدى.
ئارلىقتىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر ۋاقىتتا نۇرنىسا ئابلىزنى توۋلىدى:

- ئابلىز بۇ ياققا كىرە ئۇكام، تاماق پىشتى. ئابلىز ئاچىسىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ ئىچىگە كىردى. دەرۋەقە تاماق پىشىپ بولغان بولۇپ نۇرنىسا ئاللىبۇرۇن بى لېگەن پولونى تاماق ئۈستىگە تىزىپ چاي قۇيىۋاتاتتى. ئۇنىڭغىچە خالىنىڭرنىڭ ئاپىسمۇ ئىچىدىن بىر تەخسىگە سوغۇق سەي ئېلىپ چىقتى

- قېنى ئەمىسە تاماققا بېقىلار باللىرىم. ئەسلى سىلەرنى بىكەتكىچە ئۇزۇتۇپ قويۇشنى ئويلىغان بىراق ماۋۇ ئادەم بۈگۈن خىزمەت بىلەن سانجىغا بارىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا چۈشلۈك تاماققىمۇ كىلەلمىدى.

- ھىچقىسى يوق دېدى نۇرنىسا. خىزمەت مۇھىم، بىز تاكسى تۇسۇپ كەتسەك بولىۋېرىدۇ ھېلىمۇ كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتۇ سىلەرنى.

- ياقەي، بۇ ئاۋارە بولغۇدەك ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابلىزمۇ يېڭى دوختۇرخانىدىن چىقتى ئەمەسمۇ؟ بىراق ھازىر پويىز بىلىتىمۇ، ماشىنا بىلىتىمۇ بەك قىس دەپ ئاڭلىدىم. بۈگۈننىڭ بىلىتىنى ئالالارسىلەرمۇ دېدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى

- ئالغىلى بۇلارمىكىن. بەك بولمىسا ئەتە ئەتىگەننىڭكىنى ئالارمىز

- شۇنداق قىلارسىلەر بولمىسا. ۋوي سىلەرنى گەپكە تۇتۇپ تاماق سوۋۇپ قالمىسۇن ئەمدى. قېنى ئىسسىقدە يەۋېلىڭلار دېدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى.

ئۇلار تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى.

- بىردەمدە ماڭىدىغان ۋاقتىڭلار بولدى ھە. ئەمدى كەتسەڭلار قاچان كېلىپ بۇلارسىلەر دېدى خالنۇرنىڭ ئاپىسى ئۇلارنىڭ مېڭىشقا تەمشەلگىنىنى كۆرۈپ.

- دوختۇر ئۈچ ئايدىن كېيىن قايتا كېلىپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈشنى قوبۇل قىلسىلەر دىگەن ئىدى. ئەمشى شۇ چاشدا كېلەمىسز. باشقا كېلدىغان ئىش چىقىپ قېلىشمۇ مۇمكىن. سىلمۇ بولسا يۇرتىلارغا بىر بارسىلا خالنۇرنى كۆرگەچ.

- پۇرسەت بولسا شۇنداق قىلارمىز قىزىم. مىنىڭغۇ ۋاقتىم كۆپ، شۇ مۇشۇ ئادەمنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچ ۋاقىت يار بەرمەيدىكەن.

- بولمىسا ئالدىمىزدىكى دۆلەت بايرىملىق ئارام ئېلىشتا بارارسىلەر، خېلى ئۇزۇن قۇيۇپ بېرىدىغان بولغاندىن كېيىن.

- شۇنداق قىلارمىز قىزىم. ئەسلى يەنە بىر ئىككى كۈن تۇرۇپ ماڭغان بولساڭلار ياخشى بۇلاتتى،

- كېين كەلگەندە ئۇزاق تۇرارمىز ئاچا. نۇرنىسا شۇنداق دىگەچ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقتى. ئابلىزمۇ نۇرنىسانىڭ كەينىدىنلا سىرتقا چىقتى.

- ئەمسە يولدا ئۆزەڭلەرنى ئاسراڭلار باللىرىم. بۇلۇپمۇ سىز بەكرەك دىققەت قىلىڭ بالام جۇمۇ دېدى ئۇ بالىزغا قاراپ - يېڭىلا دوختۇرخانىدىن چىقتىڭىز، ھاۋامۇ سوۋۇپ قېلىۋاتىدۇ .پۇتىڭىزغا سوغۇق ئۆتكۈزۋالماڭ.

- ماقۇل، چوقۇم ياخشى دىققەت قىلىمەن دېدى ئابلىز تەكەللۇپ بىلەن. سىلمۇ ئۆزلىرىنى ئاسرىسىلا. ئۇلار غۇنداق دەپ خالنۇرنىڭ ئاپىسى بىلەن خوشلاشتى.

ئۇلار بىكەتكە كەلگەندە سائەت بىرلەر بۇلۇپ قالغان بۇلۇپ تەلىيگە يارىشا كەچ سائەت بەشنىڭ بىلىتىنى ئالدى. ئۇلار ماشىنا ساقلاش ئۆيىگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېين نۇرنىسانىڭ ئىچى پۇشۇپ قالدى بولغاي ئابلىزغا قاراپ

- بۇنداق ئولتۇرساق ۋاقىت ئۆتمىگۈدەك . قارىغىنا يەنە ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت باركەن .ئاۋۇ بىكەتنىڭ ئالدىدىلا بىر چوڭ باغچا بار. بۇ يەردە ئولتۇرغۇچە شۇ يەرگە كىرىپ ئايلىنىپ چىقايلى.

ئابلىز ماقۇل دىگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇلار باغچىغا كىرىپ ئايلىنىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئابلىز باغچىغا كىرىش

بلەن تەڭ ئالدىنقى قېتىم خالنۇر بىلەن باغچىغا كىرگەن ۋاقىتتى ئەسكە ئالدى.
نۇرنىسا يېنىدا خىيالەن كېتىۋاتقان ئابلىزغا قاراپ تۇيۇقسىز بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە ئۇنىڭ قاراپ:
- ئابلىز قارا، ئاۋۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى بۇلدىكەن. شۇ يەرگە بېرىپ تۇرە سېنى سۈرەتكە تارتىپ قۇياي.
- بولدىلا دېدى ئابلىز خۇشياقمىغاندەك.
- بۇلە. بۇ يەرگە ئەمدى قاچان كېلىپ بۇلىمىز .نۇرنىسا قۇلدىنى نەرسىلەرنى يەرگە قۇيۇپ ئابلىزنى تارتىپ دىگۈدەك ئۈزى دىگەن يەرگە ئاپىرىپ تۇرغۇزدى ۋە ئۇنى سۈرەتكە تارتماق بولدى
- كۆلۈپىراق تۇرمامسەن، ياغاچتەك تۇرماي دېدى نۇرنىسا ئابلىزنىڭ قىياپىتىگە قاراپ.
ئابلىز ئەزەلدىن سۈرەتكە چۈشۈپ باقمىغان سەل كۆنەلەمەي قالدىمۇ ئىشقىلىپ قانداق كۈلۈشنى، قانداق تۇرۇشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى. نۇرنىسا ئابلىزنى بىر قانچە پارچە سۈرەتقە تارتىقاندىن كىيىن ئىچىدىن ئۈزى ياقتۇرغان بىر پارچىنى تاللاپ باشقا غەلىتە چىقىپ قالغان سۈرەتلەرنى ئۈچۈرۈۋەتتى ۋە تاللاپ ئېلىپ قالغان بىر پارچە رەسىمنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۈزىدە ئەكرەم بىلەن خالنۇرغا يوللىۋەتتى. ئابلىز بولسا سۈرىتىنىڭ ئۇلارغا يوللىۋېتىلگەنلىكىنى خەۋەرسىز قالدى. بۇ چاغدا خالنۇرمۇ، ئەكرەممۇ ئىشلەۋاتقان بۇلۇپ خالنۇر كومپيۇتۇر ئالدىدا بىر نەرسە يېزىۋاتقان ئىدى. ئۇ تىلفۇنىغا ئۇچۇر كەلگەنلىكىنى كۇرۇپ قىلىۋاتقان ئىشنى قۇيۇپ تىلفۇننى قۇلىغا ئالدى ۋە نۇرنىسا ئەۋەتكەن سۈرەتنى ئاچتى. ئۇ سۈرەتنى ئېچىپ كۆردىيۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. سۈرەتتىكىسى ناھايىتى تېمەن ساغلام ھالەتتىكى ئابلىزنىڭ ھازىرقى قىياپىتى ئىدى. سۈرەتتىكى ئابلىز زامانىۋى كىينىۋالغان ، چېچىمۇ ھازىرقى زامانغا لايىق قىلىپ ياسىتىلغان بۇلۇپ سۇس كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئۈرە تۇرغاندىكى ھالىتىنى كۇرۇپ باقمىغان خالنۇرغا ئابلىز خېلىلا ئېگىز كۇرۇنۇپ كەتتى. ئۇ ئابلىزنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى ئاڭلىغان بىراق بۇنچە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك سۈرەتكە يېنىشلاپ قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان سۇبىنۇر خالنۇرنىڭ تىلفۇنغا قاراپ ئەخمەقلەردەك ئولتۇرغىنىنى كۇرۇپ ئىككى تاقلاپلا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە تېزلىك بىلەن خالنۇرنىڭ قۇلىدىكى تىلفۇننى تارتىۋېلىپ ئېكرانىغا قارىدى . ئۇ سۈرەتكە بەك دىققەت قىلمىدىمۇ ياكى ئابلىزنى چىرانى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ئىشقىلىپ سۈرەتكە قاراپلا خالنۇرغا:
- ۋۇيت خېنىم چاققانغۇ، ئاۋۇ ئابلىزنى بىر ياقتا قۇيۇپ ئەمدى ماۋۇ ئاقسا يىگىتنى نەدىن تاپتۇق. چاققان ھە بەك.
- نىملەرنى دەپ يۇرۇيسىز كالۋا دېدى خالنۇر باشقا خىزمەتداشلىرىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرگەندەك ئەتراپقا قارىۋېتىپ. بۇ ئاقسا يىگىت ئاشۇ ئابلىز شۇ.
- نىمە؟

سۈبنۇر شۈنداق دەپ خۇددى ئىشەنمگەندەك سۈرەتكە قايتا بىر تەپسلى قاراپ چىقتى.

- بىر قارىسام شۈدەكمۇ قىلىدۇ، بىر قارىسام ئەمەستەكمۇ قىلىدۇ. كىتاپخانىدا كۆرگەندە ئاددىيلا كۆرۈنگەن. ئەمدى قارىسام تۈپپا ئاستىغا كۆمۈلگەن ئالتۇنكەن ئەمەسمۇ دېدى سۈبنۇر چاقچاق ئارىلاش.

- بىر كۆپتۈرمەي گەپ قىلىڭگە. بۇرۇندىنلا كىلىشكەن بالتى ماقۇلما، بىرلا يېرى شۇ ئۇزىگە ئەھمىيەت بەرمگەن يېرى بار.

- ئىسىت بىلگەن بولسام كۆلقىزنىڭ رولنى ئۆزەم ئېلىپ ئۇنى ئۆزەم داۋالىتىپ كىلەركەنمەن دېدى سۈبنۇر قەستەن خالنۇرنىڭ چىشىغا تەگمەك بولۇپ.

- يائاللا دىمەيدىغان گېپىڭىز يوق ھە سۈبى خېنىم. ئاۋۇ سىلىنىڭ شۆھرەت قارىممۇ سەت بالا ئەمەستى. بۇ گەپلىرىنى يەركۆزۈپ قويماي يەنە.

- ھە راس . ئۇمۇ باتى ھە دېدى سۈبنۇر . دىمگەن بولسىڭىز ئۇنتۇپ قالاركەنمەن ئۇنى ھې ھې.. ئابلىز پۈتۈنلەي ساقىيىپ بولغان ئوخشىمامدۇ؟

- سۈرەتكە قارىسام شۇنداقتەك قىلىدۇ دېدى خالنۇر سۈرەتكە قايتا قارىغاچ.

ئەكرەم بۇ چاغدا سىرتتا خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇپ تىلفۇنىغا ئۇچۇر كەلگەنلىكىنى بىلىپ يانچۇقىدىن تىلفۇننى ئالدى ۋە نۇرنىسا ئەۋەتكەن ئابلىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز«ئوھوي» دەۋەتتى . ئۇمۇ ئابلىزنىڭ پۈتۈنلەي ساقىيىپ قالماستىن تاشقى قىياپىتىنىڭمۇ بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىۋاتقان خىزمەتدىشى »نىمكەن ئۇ شۇنچە ھەيران قالغۇدەك» دەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە سۈرەتنى كۆرۈپ:

- تېخى بىرەر قىز بالىنىڭ سۈرىتىمىكىن دېسەم، ئوغۇل بالىكەنغۇ، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى بارمۇ دېدى ئەكرەمگە دوق قىلغاندەك

- سەن نېمىنى بىلەتتىڭ دېدى ئەكرەم ئاغىنىسىگە ئېتراز بىلدۈرۈپ. بۇ مىنىڭ ئۇكام. مىيىپ ئىدى ئۇرۇمچىگە داۋالىغىلى كەتكەن قارىمامسە بىرى ئاي ئالدىدا چاقلىق ئۇرۇندۇقتا ئولتۇرغان بالىنىڭ سەللىمازا بولۇپ كەتكىنىنى.

- ھە مۇنداق دىگىنە

ئەكرەم ئاغىنىسىگە جاۋاپ بېرىۋىتىپلا نۇرنىساغا تىلفۇن قىلماق بولۇپ نومۇرنى باستى.

ئابىزلار چىققان ئاپتۇبۇس يولغا چىقىپ بىرەر يېرىم سائەتلەردىن كىين ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. ئاپتۇبۇس تىز سۈرەتلىك تاشيولدا بىر خىل رېتىم بىلەن ئاقسۇغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. ئابلىز ئاپتۇبۇستا يېتىپ دېرىزىدىن بارغانسىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتاتتى. ئاپتۇبۇس توقسۇنغا كەلگەندە شوپۇر كەچلىك تاماق ئۇچۇن ماشىننى توختاتتى. بىراق ئابلىزنىڭ نىمشقىدۇر تاماق يىيىشكە رايى بارمىدى. شۇڭا ئۇ ئاپتۇبۇستىن چۈشمىدى. نۇرنىسا بولسا بىردەم سىرتتا ھاۋا يەپ تۇراي دەپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئابلىز ئاپتۇبۇس تىزراق يولغا چىقىشنى ئارزۇ قىلىپ ياتاتتى. بۇگۈن كېچە ئۆتسىلا ئۇنى كۈرىمەن دەپ ئويلايتى ئۇ. قېرىشقاندەك ئاپتۇبۇس بۇ ئۆتەڭدە ئىككى سائەتتەك توختاپ قالدى. ئابلىز بولسا ئاپتۇبۇس ئۆزى بىلەن

قىرىشقاندەك تىز قوزغالمايۋاتقانلىقا رەنجىپ يىتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىگەن سائەت 9 لار بىلەن ئاپتۇبۇس ئاقسۇ يولۇچىلار بىكىتىگە كىرىپ كەلدى. ئاپتۇبۇس بىكەت ئىشىكىدىن كىرىپ بۇلىشى بىلەن تەڭلا شوپۇر يولۇچىلارغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا تۋۋلىدى:

- ئاقسۇغا كەلدۇق، نەرسە كېرەكلىرىڭلارنى تۇللۇق ئېلىپ ئاپتۇبۇستىن چۈشۈشكە تەييارلىق قىلىڭلار.

شوپۇرنىڭ تۋۋلىشى بىلەن تەڭ ئۇخلاۋاتقان يولۇچىلارمۇ ئويغىنىشىپ ئاپتۇبۇستىن چۈشۈشنىڭ تەييارلىقغا چۈشۈپ كەتتى. ئاپتۇبۇس توختىشى بىلەن تەڭ ھەممە يولۇچىلار چۈشۈشكە ئالدىراپ ئىشىك تۈۋىگە قاراپ مىڭىشتى. ئابلىز مىڭ ئالدىسىرمۇ بەرىبىر ئۆچرەت ساقلايدىغانلىقنى بىلىپ ھەممەيلەننىڭ چۈشۈپ بۇلىشنى ساقلاپ ئولتۇردى. ھەممەيلەن چشۈپ بولغاندىن كيىن نۇرنىسا بىلەن ئابلىز نەرسىلەرنى ئېلىپ ئاپتۇبۇستىن چۈشتى. ئابلىز ئاپتۇبۇستىن چۈشۈپلا يىزنىسنى كۆردى. ئەكرەم ئابلىزنى كۈرۈپلا يۈگرەپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كەتتى:

- ھە نىم بولسا ساقىيىپسەن ئۇكام. بەك خوش بولدۇم.

ئابلىز ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قاراۋاتقانلىقنى ھېس قىلىپ خىجىل بۇلۇپ قالدى ۋە:

- ۋاي ئاكا بولدى. مەن كىچىك بالا بولمىسام كۆتۈرگىدەك. ئەتراپتىكىلەر قاراپ كەتتى.

- قارىسا قارىمامدۇ نىمە كارىم. سەن مەن ئۈچۈن كىچىك بالا بىلەن ئوخشاش. ئەكرەم شۇنداق دىگەچ ئابلىزنى يەرگە قويدى

- ماڭا قارىغىنە سىنى ياخشىراق كۆرەي. ئۇ شۇنداق دەپ ئابلىزنىغا تەپسلى قاراشقا باشلىدى

- پۈتۈڭلا ئوشلىپ قالماستىن ئۆزەڭمۇ بۆلەكچىلا روھلۇق بۇلۇپ كىتىپسەن. بۇ ھالىتىڭنى كۈرۈپ بەك خۇش بولدۇم ئۇكام.

- قۇچاغلىشىپ، يىغلىشىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئېلىگە ماۋۇنى كۆتۈرۈڭ. ئاپتۇبۇستىن ئەمدى چۈشكەن نۇرنىسا ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەچ شۇنداق دەپ چاچاق قىلدى ۋە قۇلىدىكى نەرسىلەرنى ئەكرەمگە تەڭلىدى

- ئۆزلىرى ئەكسىچە ئۇرۇۋالاپ قاپلىغۇ. دىيدى ئەكرەم نۇرنىساغا قاراپ چاقچاق قىلغاچ. مېنى بىر ئاي كۆرمىگەنگە شۇنداق ئۇرۇۋالاپ كەتكەن بارمۇ؟

- ۋاي نىرى بىرىگە .سىزمۇ دوختۇرخانىدا بىر ئاي تۇرۇپ بىقىڭە قانداق بۇلىدىكەنسىز. منى قۇيۇپ ئۆزىڭزىچۇ؟ ئەپتىڭىزگە قاراڭە دىيدى جۈدەپ قالغان ئەكرەمگە قاراپ. قارىغاندا يەنە شۇ تاماقنى خالىغداندا يەپ خالىغاندا يىمەي ئولتۇرغان ئوخشايسىز.

- ئامال يوق ئەمدى. تاماق ئېتىپ بىردىغان خۇتۇن يوق، سىرتنىڭ تامقى يا تېتىمغان دىيدى ئەكرەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار شۇنداق دىيىشكەچ سىرتقا چىقتى ۋە تاكسىدىن بىرنى توستى.

## خاتىمە

كەچ سائەت ئالتىلەرگە يېقىن ئابلىز دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. خالنۇر ئۇنىڭ بۈگۈن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ بىراق ئۇ خالنۇرنى دەريا بويىدا ئۆزىنى ساقلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ دەريا بويىغا يېقىنلاشقانسىرى سەل جىددىيلىشكەكە باشلىدى. يۈرىكىنىڭ سوقۇشىمۇ بارغانسىرى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى .ئۇ جايىدا بىردەم تۇرۇۋېلىپ جىددىيلىكنى پەسەيتكەندىن كىيىن چوڭ بىر تىنىۋېتىپ مەغرۇر قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

خالنۇر دەرۋەقە بۈگۈنمۇ دەريا بويىغا كەلگەن ئىدى. بۈگۈن نىمشقىن دەريا بويىدا ئادەملەر ئادەتتىكى كۈنلەرگە قارىغاندا ئاز ئىدى. خالنۇر سومكىسىدىن بىر كىتاپنى ئېلىپ ئوقۇماقچى بولۇپىراق نېمىندۇر ئەسكە ئالغاندەك توختاپ قالدى. ئۇ كىتاپنى يېنىدىكى ئورۇندۇققا قويۇپ قويۇپ سومكىسىدىن تېلفۇننى ئېلىپ ئابلىزنىڭ تۆنۈگۈن نۇرنسا ئەۋەتىپ بەرگەن سۆرىتىنى ئالدى.ئۇ سۆرەتكە ئۇزاقتىن ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى. سۆرەتتىكى ئابلىز ئۇ تونجى قېتىم ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ئابلىزغا زادىلا ئوخشىمايتى. ھازىرقى ئابلىز ئادەتتىكى نۇرمال ئادەملەردەك تېمەن،ساغلام كۆرۈنەتتى.مۇھىمى بۇرۇنقى ئابلىزنىڭ غەم،سۇلغۇنلۇق چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزلىرىنىڭ ئورنىغا ھاياتقا ،تۇرمۇشقا ۋە كەلگۈسگە بولغان ئىشەنچ نۇرى چاقناپ تۇرغان تۇرغان بىر جۈپ كۆز ئالغان ئىدى. خالنۇر تىلفۇنغا قاراپ ئولتۇرۇپ خۇددى بىرى قارا دىگەندەك يان تەرەپكە قارىدى، يىراقتىن بىراۋ ئۇنىڭغا قاراپ كېلۋاتقاندەك قىلاتتى. خالنۇر دەسلەپ بەك ئىرەڭشىپ كەتمەي قايتىدىن تىلفۇنغا قارىدىيۇ يەنە تۇيۇقسىز چۆچۈپ يەنە شۇ ئادەم كېلۋاتقان تەرەپكە قارىدى. يىراقتىن كېلۋاتقىنى باشقا بىرى ئەمەس ئابلىز ئىدى. ئابلىزنىڭ بۈگۈن كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان خالنۇر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. بۈگۈن ئابلىز تۆنۈگۈن سۆرەتكە چۈشكەن كىيىم بىلەن بولغاچقا خالنۇرنىڭ دەسلەپ تونىغىنىمۇ دەل شۇ كىيىم بولدى. خالنۇر بارغانسىرى يېقىنلاپ كېلۋاتقان ئابلىزنى قاراپ ئىختىيارسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.ئابلىزمۇ يىراقتىنلا خالنۇرنى كۆرگەن بولۇپ خالنۇرغا يېقىنلاشقانسىرى قەلبىگە ھېس قىلىپ بولمايدىغان بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە ئىللىق سىزىم تارقىشقا باشلىدى. ئۇ خالنۇرغا نەچچە قەدەملا قالغاندا ئورنىدا توختاپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. خالنۇرنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئالىبۇرۇن ئىشەنچ قىلىپ بولغان ، ھەم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىمۇ تىكلەنگەن ئابلىز تۇنجى قېتىم جۈرئەتكە كېلىپ خالنۇرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

خالنۇر ئابلىزنىڭ چىرايىدىن بۇرۇن ناھايىتى كەمدىن كەم ھېس قىلغان كۈلۈمسىرەشنى
كۆردى، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوتلۇق قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ قەلبىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئابلىزنىڭ
كۆزلىرىدىن ئۆزى ئىزدىگەن جاۋاپقا تاپقاندەك بولۇپ ئابلىزغا قاراپ ئىللىق
كۈلۈمسىردى. شۇ تاپتا بۇ ئىككىسىنىڭ ئېغىزلىرى سۆزلىمىسىمۇ بىر-بىرىگە تىكىلگەن
كۆزلىرى،بىر-بىرى ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان يۈرەكلىرى سۆزلىمەكتە، قەلىپ تىۋىشلىرىنى قارشى
تەرەپكە بايان قىلماقتا ئىدى. ئىككى ياش ئاستا-ئاستا بىر-بىرىگە
يېقىنلاشتى.ئابلىز خالنۇرنىڭ ھاياجان ھەم قىزلىق نومۇستىن تىترەپ
تۇرغان قوللىرىنى تۇتۇپ ئىسسىق ئالقانلىرى ئىچىگە ئالدى. يىگىتنىڭ قولىدىن چىققان
ھارارەت ئۇدۇل بېرىپ قىزنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تېگىپ ئۇنىڭ ئەكسى خىجىل بولۇپ تۇرغان
قىزنىڭ بىرجۈپ مەڭزىنى ئاناردەك قىزارتتى .

قۇياش بىر كۈنلۈك ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەتراپقا بۈگۈنكى ئەڭ ئاخىرقى قىزغۇچ
كەچكى شەپەق نۇرلىرىنى چاچقاچ تاغ كەينىگە ئاستا-ئاستا پاتماقتا ئىدى. ئۇ خۇددى بۇ
ئىككىسىنىڭ بەختىدىن خۇشال بولغاندەك نۇرلىرىنى كۈچەپ چېچىپ پۈتۈن جاھاننى
قىزىل شەپەق نۇرىغا چۆمدۈرمەكتە ئىدى.